ئابدۇلقەدىم زەللۇم

# خەلىفىلىك دۆلىتىدىكى
# ماللار

www.uyghurkitap.com

# بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ 3

### بەيتۇلمال ۋە ئۇنىڭ دىۋانلىرى

بەيتۇلمال ........................ 9
بەيتۇلمال دىۋانلىرى ........................ 14
دىۋانلارنىڭ تەشكىل تېپىشى ........................ 14
بەيتۇلمال دىۋانلىرىنىڭ قىسىملىرى ........................ 19
كىرىملەر قىسمى ........................ 19
ئۆلجا ۋە خىراج دىۋانى ........................ 19
ئاممىۋى مۈلۈك دىۋانى ........................ 21
سەدىقات دىۋانى ........................ 21
نەپىقاتلار قىسمى ........................ 22
دارۇلخىلافە دىۋانى ........................ 22
دۆلەت مەنپەئەتلىرى دىۋانى ........................ 23
ئەتا - بېرىلىدىغان ھەقلەر دىۋانى ........................ 23
جىھاد دىۋانى ........................ 24
سەدىقاتلارنى سەرپ قىلىش ئورۇنلىرى دىۋانى ........................ 24
ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ سەرپ قىلىنىدىغان ئورۇنلىرى دىۋانى .... 25
پەۋقۇلئاددە ھالەتلەر دىۋانى ........................ 25
ئاممىۋى مۇۋازىنەت، ئومۇمىي ھىسابات ۋە نازارەت دىۋانلىرى 25

### خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ ماللىرى

ماللار ........................ 31
ئەنفال ۋە غەنىمەتلەر، فەيئى ۋە خۇمسى ........................ 37

نەرسىلەر ........ 200
قويلاردىكى شېرىكلەرنىڭ ھۆكمى ........ 202
مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ زاكىتى ........ 206
زاكات ۋاجىپ بولىدىغان مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ تۈرلىرى ........ 206
زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ نىسابى ........ 209
مېۋىنى تەخمىنلەش ........ 210
زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن ئېلىنىدىغان زاكات مىقدارى ........ 212
زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن سەدىقە ئېلىش تەرتىپى ........ 213
ئالتۇن ۋە كۈمۈش زاكىتى ........ 216
كۈمۈش نىسابىنىڭ مىقدارى ........ 217
كۈمۈش مىقدارىدا ۋاجىب بولغان زاكات مىقدارى ........ 218
ئالتۇن نىسابى مىقدارى ۋە ئالتۇن ۋاجىب بولغان زاكات ........ 219
قەغەز پۇللاردىكى زاكات ........ 221
تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى ........ 225
قەرزنىڭ زاكىتى ........ 229
زىبۇ-زىننەتلەر زاكىتى ........ 233
زاكاتنى خەلىفىگە بېرىش ........ 237
زكات بەرمەيدىغان كىشىنىڭ ھۆكمى ........ 240
زاكاتنىڭ سەرپ قىلىنىش ئورۇنلىرى ........ 242


## پۇللار


ئىسلامدا پۇللار ........ 253
دەرھەم ۋە دىنار ۋەزنى ........ 256
پۇلغا ئائىت نىزاملار ........ 269
مەدەن نىزامى ........
بىرلا مەدەن نىزامى ........


يا


ياسالغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامى ........
ئالتۇن ۋە كۈمۈش يامبۇلىرى نىزامى ........
ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن ئالماشتۇرۇش نىزامى ........
ئىككى مەدەن نىزامى ........ 273
قەغەزگە ئائىت نىزام ........ 275
پۇللارنى چىقىرىش ........ 277
ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئۆلچىمى ........ 282
ئالتۇننىڭ كۈمۈشكە نىسبىتى ........ 282
ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامىنىڭ پايدىلىرى ........ 285
ئالەمدە مەۋجۇت بولغان ئالتۇننىڭ كۆپايە قىلىشى ........ 290
ئالتۇن قائىدىسىگە قايتىش قانداق تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ ........ 295

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ. (59:7_10)



## بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

الله تائالا ئۆز ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىلەن ئەۋەتكەن ئىسلامدىكى ھاياتىي نىزام، ئالەم ئۈچۈن رىسالەت بولغاچقا، مۇسۇلمانلارغا ئۇنى تەدبىق قىلىپ پۈتۈن دۇنياغا ئېلىپ چىقىدىغان دۆلەت لازىم بولىدۇ. ئىسلام بۇ دۆلەتنى ـ خەلىپىلىك دۆلىتى دەپ بېلىدۇردى ۋە ئۇنى پۈتۈن ئالەمدىكى دۆلەتلەرنىڭ بارلىق ھەممىسىنىڭ شەكلى، رۇكىنلىرى ۋە ھەتتا ئاپپاراتلىرىدىن ۋە ئىنسانلار تۈزگەن قانۇندىن ئەمەس، اللەنىڭ شەرىئىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن خەلىپە ۋە ئۇممەتكە ئۇنى لازىم تۇتۇش، ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى تەدبىق قىلىش، ئەھكاملىرىغا باغلىنىشنى ۋاجىب قىلدى، ئۇ اللەنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ئېلىنغان، ئۇنىڭ دەستۇر ۋە قانۇنلىرىدا پەرقلىق بولغان مۇمتاز يەنى ئالاھىدە شەكىل ۋە يىگانە (يەنى بىرلا) ئۇسلۇبدا قىلدى. ئىسلام، ئۇممەت (خەلق) ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە دەۋەتنى يېيىشتا كۆچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىگە كېلىدىغان ماللارنى ئىدارە قىلىش ۋە خىراجەت قىلىشنى خەلىپىلىك دۆلىتىگە تاپشۇردى. ھەقىقەتەن، شەرئى دەلىللەر ماللارغا ھەقلىق كىشىلەر ۋە خىراجەت قىلىش ئورۇنلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندەك، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىملىرىنى، ماللارنىڭ تۈرلىرىنى ۋە ھاسىل قىلىش

ئۇسلۇبلىرىنىمۇ بايان قىلىپ بەردى.

بىز بۇ كىتابدا خەلىفىلىك دۆلىتىدىكى ماللار ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئورتىغا قويۇپ ئۆتتۇق ۋە ئۇنىڭ كىرىملىرىنى، تۈرلىرىنى، قانداق ئېلىنىشى، كىمدىن ئېلىنىشى ۋە ئېلىش لازىم بولغان ۋاقىتلىرىنى- ھەمدە ئۇنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى، مال ئالغاندىن كېيىن، ئۇ ساقلىنىدىغان مۇئەسسەلەرنى، شۇنىڭدەك، مالغا ھەقلىق بولغانلارنى ۋە ئۇنى سەرپ قىلىش ئورۇنلىرىنى بايان قىلدۇق.

ماللارغا ئىگە بولۇش، ئۇزۇنلۇق، مەيدان ئۆلچەملىرى ۋە ۋەزنلىرىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا بۇلارنىڭ ۋاقىتىنى بايان قىلدىغان ۋە ئېنىق ئەمەسلىرىنى تەرىپلەپ بېرىدىغان ماۋزۇلارغا ئېنىق-روشەن تەپسىلاتىنى بەردۇك. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇق، مەيدان ئۆلچەملىرى ۋە ۋەزنلىرى (ئېغىرلىق، سۇيۇقلۇق) چۈشۈنىشكە ئاسان بولىشى، چىگۈك بولۇپ قېلىشىدىن يىراق بولىشى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلىۋاتقان تەرمىلەر بىلەن بەلگىلىدۇك.

پۇل جەھەتتىنىڭ شەرئى ئەھكاملارغا باغلىقلىقى، خەلىفىلىك دۆلىتىدىكى ماللاردا ئۆزگە خاس ئەھمىيىتى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بىز ئۇنىڭ تەپسىلاتىغا كىرىشىپ، ۋاقىتىنى، ئۇ ئاساسلانغان بىرلىك، ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىدىغان بىرلىكلەر، پۇلنىڭ ۋەزنلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مۇئامىلار ھەمدە بۇ مۇئامىلارنى مۇئالىجە قىلىش ئۇسۇلىنى بايان قىلىپ بەردۇك.

خەلىفىلىك دۆلىتىدىكى ماللارنىڭ شەرئى ھۆكۈملىرى ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ، شۇنىڭدەك، مۇجتەھىدلارنىڭ شۇ ھەققىدىكى سۆزلىرىنى چوڭقۇر ئۆگۈنۈپ



چىققاندىن كېيىن، كىتاپ ۋە سۈننەتتىن ئېلىنىدى. شەرئىي ھۆكۈملەر غەلەبەتۇززەن (گۇماننىڭ غالىب كېلىشى) بىلەن ئېلىنىدۇ. ئەقىدىدە شەرت قىلىنغاندەك قەتئىلىك شەرت قىلىنمايدۇ، دېگەن ئېتىبار بىلەن بىز كۈچلۈك، دەپ ھىساپلىغان دەلىللەرگە ئاساسەن ئىستىنبات قىلىندى.

بىز اللەتىن بۇ ئەھكاملارنى خەلىفىلىك دۆلىتىدە تەدبىق ۋە ئىجرا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشىنى ۋە ئارزۇلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى سورايمىز الله بىزنىڭ خوجىمىزدۇر، ئۇزات نەقەدەر بۇيۇك زاتتۇر ۋە نەقەدەر ياخشى ياردەمچى ھە.

ھىجرىيە 1402 - يىلى 16-رەبىيەسسانى
مىلادىيەنىڭ 1982 - يىلى 10- يېۋىرال

www.uyghurkitap.com

# بەيتۇل مال ۋە ئۇنىڭ دىۋانلىرى

سادىر بولدى:

**يسا'لونك عن الانفال قل الانفال لله والرسول فاتقوا الله واصلحوا ذات بينكم واطيعوا الله ورسوله لن كنتم مو'منين** *

ـ«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار غەنىمەتلەر توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، اللەدىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، اللەغا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار». (8:1)

سەئىدىنى جۇبەيرى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىبىن ئابباستىن ئەنپال سۈرىسى قاچان نازىل بولغان؟ دەپ سورىسام، ئۇ: «بەدر ئۇرۇشىدا»،-دەپ جاۋاپ بەردى». بەدر ئولجىلىرى ئابدۇللاھ ئىبىن جەھشىنىڭ سەرىيەسى ئەڭ ئاۋۋال قولغا كىرگۈزگەن مال بولۇپ، الله ئۇنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقىنى بايان قىلىپ، بۇ مالنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى قىلدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى يولىدا تەسەررۇپ (خىراجەت) قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. دېمەك بۇ ئولجىلار (مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تەسەررۇپ قىلىدۇ) بەيتۇل مالغا ئائىت بولدى.

قولغا كەلگەنماللار ساقلىنىدىغان ۋە سەرپ-خىراجەتلەر ئېلىنىدىغان ئورۇن (يەنى دۆلەت خەزىنىسى) مەناسىدكى بەيتۇل مالغا كەلسەك، رەسۇلۇللاھ زامانىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەييەن جاي ئاجرىتىلمىغان. چۈنكى كېلىۋاتقان ماللار تېخى كۆپ ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمانلارغا تارقىتىلىدىغان ئۈلۈشلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا سەرىپ قىلىنىدىغان خىراجەتلەردىن بىرەر نەرسە ئېشىپ قالمايتتى، رەسۇلۇللاھ



ئەلەيھىسسالام ئولجا ۋە خۇمسالارنى (يەنى تەقسىم قىلىنىۋاتقان ئولجىنىڭ بەشتەن بىر قىسمى) جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىشى، ماللارنى تەقسىم قىلىشنى، ماللارنى ئۆز ئورنىغا سەرىپ قىلىشنى كېچىكتۈرمەيتتى. ھەنزەلە ئىبىن سەيپىيە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام (ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىۋى بولغان): «ھەر بىر نەرسەنى ئۈچۈنچى كۈنى مەندىن ئايرىلمىغانلىقىنى ئېسىمگە سالغىن»، -دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان ۋە يەنە: «قاچانكى مال ياكى تائام ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىگە سالاتتىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ماللاردىن بىرەر نەرسە يېنىدا قالغان ھالدا كېچىنى ئۆتكۈزمەيتتى»، - دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. كۆپۈنچە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ماللارنى كەلگەن كۈنىلا تەقسىم قىلىۋېتەتتى. ھەسەن ئىبىن مۇھەممەددىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدا: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىدا مال بولغان ھالدا كۈندۈزنى ۋە كېچىنى ئۆتكۈزمەيتتى»، - دېگەن ئىدى. يەنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە مال كەلسە، كۈن يېرىم بولغىچە تەقسىم قىلىپ بولاتتى، ئەگەر مال كەچ-قۇرۇن كەلسە، تاڭغىچە قالدۇرمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ پەيتتە ساقلاش جايى (ئورنى) ياكى قەيت قىلىدىغان (يەنى يېزىپ قويىدىغان) دەپتەرنى تەلەپ قىلىدىغان دەرىجىدە يىغىلىپ قالىدىغان مال بولمايتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرلىرى شۇ ھالدا ئۆتتى. ئەبۇبەكرى سىددىق خەلىفە بولۇپ، بىرىنچى يىلمۇ شۇ ھالدا داۋام قىلدى. ئۇنىڭغا بەزەن مىنتىقەلەردىن (يەنى رايونلاردىن) مال كەلسە، ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدلىرىگە

www.uyghurkitap.com

ئېكىلىپ ھەقلىق كىشىلەرگە تەقسىم قىلاتتى. ئەبۇبەكرى تەقسىم قىلىشتا ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى ئۆزىگە ئورۇن-باسار تىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە بۇ مۇلازىمەتنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇبۇبەكرى: «مەن مالنى تەقسىم قىلىشقا كېپىل بەن»، -دېگەن ئىدى. ئەبۇبەكرى خەلىپىلىكىنىڭ ئىككىنچى يىلى بەيتۇل مالغا ئاساس سالدى. ئۇ ئۆز ھويلىسىدىن مەدىنىگە كەلگەن ماللار قويۇلىدىغان ئورۇن ئاجرىتىپ، بۇ يەردىكى بارلىق نەرسىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى يولىدا سەرىپ قىلاتتى. ئۇبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ، ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندا ئىشەنچلىك كىشىلەرنى يىغىپ، ئەبۇبەكرىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، بەيتۇل مالنى ئاچتى ئۇ يەردە تاغاردىن چۈشۈپ قالغان بىرتال دىناردىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمىدى. ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدا پەتھلەر كۆپىيىپ، مۇسۇلمانلار كىسرا ۋە قەيسەر يەرلىرىنى پەتھى قىلغاچقا، ماللار كۆپىيىپ، مەدىنىگە زور مىقداردا مال كېلىشكە باشلىدى. ئۇمەر بۇ ماللار ئۈچۈن بىر ئۆينى ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ تىزىملىكىنى يازدى ۋە دىۋان كاتىپلىرىنى بەلگىلىدى. بۇ دىۋاندىن بېرىلىدىغان ماللارنى بەلگىلىدى ھەمدە ئۇنىڭدىكى مەبلەغ ھېسابىغا قوشۇن تولۇقلىدى. ئۇمەر بەزىدە كەلگەن ئولجىلارنىڭ ھېساپلىرىنى مەسجىدكە قوياتتى ۋە ئۇنى كىچىكتۇرمەستىن تەقسىم قىلاتتى. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇمەر ئىبنى خەتتاب مېنى چاقىردى، بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىللالار ساماندەك چېچىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب: «بۇ ياققا كەل، بۇنى قەۋمىڭگە تەقسىم قىلىپ بەرگىن. بۇنى پەيغەمبەر



ئەلەيھىسسالامغا، ئەبۇبەكرىگە بەرمەي، ماڭا بەرگىنىدە الله ياخشىلىقنى ئىرادە قىلدىمۇ ياكى يامانلىقنىمۇ؟ الله بىلىدۇ»، -دېدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى چۈشتە ماڭا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بارسام، ئۇمەر ئىبنى خەتتاب قولۇمدىن تۇتتى ۋە بىر ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. شۇ ھامان مەن يېيىلىپ ياتقان تاغارلارنى كۆردۈم. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب: مانا شۇ يەردە خەتتابنىڭ ئائىلىسى اللەقا خار بولدى. ئەگەر بىز اللەنىڭ ئالدىدا ئېزىز بولغان بولساق ئىدۇق، بۇ تاغارلار مەندىن ئالدىنقى ئىككى ساھىبىمغا نېسىپ بولغان بولاتتى. ئىككى ساھىبىم مەن ئۈچۈن بۇ نەرسىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ئىشنى بېجىرەتتى، دېدى. ئابدۇرراھمان مۇنداق دېدى: مەن ئۇمەرگە كەلگەن نەرسىلەرنى كۆرگىنىمدە، ئەمىرۇل مۇئمىنىننى، بىز بىلەن ئولتۇرۇڭ پىكىرلىشىپ باقايلى، -دېدىم. كېيىن بىز ئولتۇردۇق ۋە مەدىنە ئاھالىسىنى، كەمبەغەللىكى سەۋەبىدىن اللەنىڭ يولىدا جىھادقا چىقالمىغانلارنى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ۋە بۇلاردىن باشقىلارنى تىزىملاپ چىقتۇق»، -دېدى.

مال جەملىنىدىغان، دىۋانلار ساقلىنىدىغان، سوغىلار چىقىرىلىدىغان ۋە ماللار ئۆز ھەق ئىگىلىرىگە بېرىلىدىغان مۇستەھكەم بەيتۇل مال مانا شۇنداق بەرپا بولدى.

# بەيتۇل مال دىۋانلىرى

«دىۋان» سۆزى ئۇمۇمىي مەنادا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كاتىپلار ئىشخانىسى، قەيت (تىزىملىك) دەپتەرلەر ساقلىنىشى ئۈچۈن ئورۇن بولغان جاي چۈشۈنىلىدۇ. شۇنىڭدەك، تىزىملىك دەپتەرلىرىنىڭ ئۆزىگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ ۋە بۇ ئىككى مەنا ئارىسىدا ئۆز-ئارا ئالاقىدارلىق بار.

## دىۋانلارنىڭ تەشكىل تېپىشى

دىۋانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭغا مۇئەييەن ئورۇن ئاجرىتىلىشى، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا، ھىجرەتنىڭ 20-يىلى مەيدانغا كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانىدا، گەرچە ئۇ كىشى مالىيە كاتىبلىرىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، بەيتۇل مال ئۈچۈن مەخسۇس دىۋان بولمىغان ئىدى. ھەقىقەتتە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئەيقىب ئىبنى ئەبۇ پاتىمە ئەددەۋسىنى ئولجىلارغا، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنى سەدىقاتلارغا، ھۇزەيفە ئىبنى يەمانىنى ھىجاز ماللىرىنى ئۆلچەشكە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى ئولسا خەيبەر ماللىرىنى ئۆلچەشكە، مۇغىرە ئىبنى شۇئبىنى قەرىز بىلىم-بېرىم ۋە مۇئامىلات ئىشلىرىغا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەمنى ئادەملەرنىڭ يەر ۋە سۇلىرىغا مەسئۇل قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە دىۋانلار (يەنى تىزىملاش دەپتىرى) تۈزۈلمىگەن، يېزىش ۋە ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارغا بىرەر ئورۇن ئاجرىتىلمىغان ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ



بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىفىلىك مۇددىتىدىمۇ مانا شۇنداق داۋام قىلغان ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىفە بولغاندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى. ناھايىتى كۆپ ماللارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن مەدىنىگە كېلىشىگە سەۋەب بولغان فەتھلەر كۆپەيدى. بۇ نەرسىلەر دىۋانلار تۈزۈش ۋە تىزىملاپ يېزىپ خاتىرىلەشنى ۋە بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئورۇن ئاجرىتىشنى تەقەززا قىلدى.

دىۋانلار ھەققىدە پىكىر قىلىشقا بىۋاسىتە سەۋەپ بولغان ۋەقە ھەققىدە تۆۋەندىكىچە رىۋايەت كەلگەن: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەھرەيندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ناھايىتى كۆپ مال ئېلىپ كەلدى. كېيىن ئۆمەر: «نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟» ،-دەپ سورىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «500000 دىرھەم ئېلىپ كەلدىم» ،- دەپ جاۋاپ بەردى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭغا: «نېمە دېگەنلىكىنى بىلىسىمۇ، سەن چارچاپسەن، بار، ئەتىگىچە دەم ئالغىن» ،-دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە ئەتىگەنلىكى كەلگەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: «ئۇ قانچە؟» -دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «500000 دىرھەم» ،-دەپ جاۋاپ بەردى. ئۆمەر: «ئۇ ھالالمۇ؟» ،-دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «ئەلۋەتتە ھالال دەپ بىلىمەن» ،-دېدى. كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنبەرگە چىقىپ، اللەقا ھەمدە سانا ئېيتىپ، كېيىن ئى ئىنسانلار، بىزگە ناھايىتى كۆپ مال كەلدى. ئەگەر سىلەر خالىساڭلار، تارازۇدا تارتىپ بېرىمىز، خالىساڭلار ساناپ بېرىمىز ،-دېدى. شۇ ۋاقىتتا قەۋمدىن بىر كىشى: «ئى ئەمىرۇل مۆئمىنىن، ئىنسانلار ئۇنىڭغا قاراپ ھەق ئالىدىغان دىۋاننى تۈزۈڭ» ،-دېدى. ۋاقىدى مۇنداق دەيدۇ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىۋانلارنى تۈزۈش ھەققىدە مۇسۇلمانلاردىن مەسلەھەت سورىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ساڭا كەلگەن ماللاردىن بىرەرسىنىمۇ تۇتۇپ قالماي، تەقسىملىسەڭ»، -دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا: «ئادەملەرگە كېلىۋاتقان كۆپ ماللارنى كۆرۈۋاتىمەن، ئەگەر ئالغان ئادەم، ئالمىغان ئادەمدىن ئايرىتىلىشى ئۈچۈن ھېساپ كىتاپ قىلىنمىسا، ئىش قىيىنلىشىپ كېتىشىدىن قورقىمەن»، -دېدى. ۋارىد ئىبن ھىشام ئەلمۇغىرە بولسا: «مەن شامدا بولدۇم، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى دىۋانلارنى تۈزگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىكى مەبلەغ بىلەن قوشۇن توپلىغانلىقىنى كۆردۈم. سىزمۇ دىۋانلار تۈزۈڭ ۋە قوشۇن توپلاڭ»، -دېدى. ئۆمەر ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئەقىل ئىبن ئەبۇ تالىبنى، مەھرەمە ئىبن نەۋپەلنى، جۇبەيرى ئىبن مۇتئىمنى، چاقىردى. ئۇلار قۇرەيش ئۇرۇغىدىن ئىدى. ئۇلارغا، «ئىنسانلارنى دەرىجىلەرگە قاراپ يېزىپ تىزىملاڭلار» ، -دېدى. ئۇلار بەنى ھاشىمدىن باشلىدى. كېيىن ئەبۇبەكرى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى، كېيىن ئۆمەر، ئۇنىڭ قەۋمىنى ۋە باشقا قەبىلىلەرنى يازدى ۋە ئۆمەرگە تىزىملىكنى بەردى. ئۆمەر تىزىملىككە قارىغاندىن كېيىن: «ياق بۇنداق بولىشىنى ياقتۇرمايمەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەرىنداشلىرىدىن باشلاڭلار، كېيىن ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىنى، كېيىن ئۇلارغا يېقىنراقلارنى، يېزىڭلار، ئۆمەرنى اللە قويغان ئورۇنغا قويۇڭلار» ، -دېدى.

بۇ ھەق بېرىش ۋە قوشۇن توپلاش دىۋانىغا نىسبەتەن قىلىنغان ئىشلاردۇر. بۇ دىۋان ئەرەپ تىلىدا يېزىلدى. ئەمما ھەق ئېلىش ۋە ماللارنى يىغىش دىۋانىدا بولسا، ھالەت بۇنىڭدىن



باشقىچىرەك ئىدى. چۈنكى ئىراق دىۋانى پارس دۆلىتىگە قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن پارس تىلىدا يېزىلاتتى. شۇنىڭدەك، پارسلار ھۆكىمگە بويسۇنغان باشقا ئۆلكىلەردىمۇ دىۋان پارس تىلىدا يۈرگۈزۈلەتتى. بۇ شەھەرلەرنىڭ جىزيەسىنى ۋە خىراجىنى ئېلىش ۋە ماللارنى يىغىش پارس تىلىدا يېزىلغان ئىدى. شام ۋە رۇملارغا بويسۇنغان رايونلاردا دىۋان رۇملۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈنلىرىدە بولغاندەك رۇم تىلىدا ئىش يۈرگۈزەتتى. شەھەرلەرنىڭ جىزيەسى ۋە خىراجىنى ئېلىش، ماللىرىنى يىغىش رۇم تىلىدا يېزىلاتتى. ئىراق ۋە شام ئۆمەر ئىبن خەتتابنىڭ زامانىدىن تا ئابدۇل مەلىك ئىبن مەرۋان ئەل ئۇمەۋىي زامانىغىچە ئەھۋال شۇ ھالدا بولدى. ئابدۇل مەلىك ئىبن مەرۋان شام دىۋانىنى ھىجرىيەنىڭ 81-يىلى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

زىكرى قىلىنىشىچە، دىۋانىنى رۇم تىلىدىن ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا ئابدۇل مەلىك ئىبن مەرۋاننى ئۈندىگەن نەرسە شۇكى، رۇملۇق دىۋان كاتىۋى سىياھدېنى (سىياھ قۇتۇسى) ئۈچۈن سۇغا مۇھتاج بولىدىكەن، سۇ تاپالمىسا، سۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ پېشىپىدىن پايدىلىنىدىكەن، بۇ خەۋەر ئابدۇل مەلىكقا يېتىپ باردى ۋە ئۇ كاتىپنى جازالىدى ھەمدە سۇلايمان ئىبن سەئدنى دىۋاننى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇدى. سەئدى ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئوردۇنىغا خىراجىغا ۋالى قىلىپ بېرىيىل بەلگىلىنىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئوردۇنىڭ خىراجى 180مىڭ دىنار بولغان ئىدى. بىرىيلغا يەتمەسلادىن سۇلايمان دىۋاننى تەرجىمە قىلدى ۋە دىۋاننى ئابدۇل مەلىك ئىبن مەرۋان قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئابدۇل مەلىك ئىبن مەرۋان ئۆزىنىڭ

سەرجۇن ئىبسىملىك كاتىۋىنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. سەرجۇن ئابدۇل مەلىك ئالدىدىن خاپا هالدا چىقىپ كەتتى. كېيىن رۇملۇق كاتىپلارنى ئۇچرىتىپ قالدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇ: «سىزلەر تىرىكچىلىك ئۈچۈن بۇ ھۈنەردىن باشقىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللا سىزلەردىن بۇ ھۈنەرنى تۇسۇپ قويدى» ، -دېدى.

ئىراقدا بولسا ئابدۇل مەلىكنىڭ ئىراقتىكى ۋالىيسى ھەججاجنىڭ كاتىۋى سالىھ ئىبىن ئابدۇرراھمانغا دىۋاننى پارسچىدىن ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىشنى بۇيرىدى. سالىھ ئىككى تىلنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ رازى بولدى ۋە ۋالى ئۇنىڭغا مۇددەت بەردى. سالىھ دىۋاننى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بۇنى ھەججاجنىڭ پارس كاتىۋى مارادۇنشاھ ئىبىن زادان پەرروخ بىلىپ، سالىھقا ئۆزىنىڭ دىۋاننى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىن ئاجىزلىقىنى ھەججاجغا بىلدۈرۈش باراۋىرىگە 100000 دىرھەم پارا بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. سالىھ بولسا، ئۇنىمىدى: «ئاللا بۇگۈنلىرىڭنى خۇددى پارىسلارنىڭ ئەسلىنى كەسكىنىدەك كەسسۇن» ، -دېدى.



# بەيتۇل مال دىۋانلىرىنىڭ قىسىملىرى

بەيتۇل مال دىۋانلىرى ئاساسەن ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ، بىرىنچى قىسمى: بەيتۇل مالغا كىرگۈچى ۋە بەيتۇل مال لايىق بولغان ماللارغا تەئەللۇق. ئىككىنچى قىسىم: سەرىپ قىلىنىدىغان ۋە بەيتۇل مالنىڭ ئۈستىدىكى ماللارغا تەئەللۇق.

## كىرىملەر قىسمى

بىرىنچى قىسىم، (خەزىنىگە كىرىدىغان) مەبلەغنىڭ تۈرىگە مۇۋاپىق تۆۋەندىكى دىۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئولجا ۋە خىراج دىۋانى

بۇ بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئولجا دەپ ئېتىبار قىلىنىدىغان، دۆلەت كىرىملىرى تىزىملىنىدىغان دەپتەرلەرگە يېزىش ۋە ساقلاش دىۋانى ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش دۆلەت خىزمەتچىلىرى يەنى ۋالى، ھاكىم، ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش مائاشى باراۋىرىگە ھۆكۈمەت زىممىسىدە بولغان ساھە ۋەكىللىرىگە ياكى ئېۋەز سوپىتىدە ئەمەس، مۇسۇلمانلارغا قولايلىق يارىتىش، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى يولىدا (يول، مەسجىد، مەدرىسە، شىپاخانىلارغا ئوخشاش )قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن، پۇل ئاجرىتىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

A) پۇللارنىڭ ۋە تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى بۆلىمى؛

B) زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكىتى بۆلىمى؛

C) تۆگە، كالا ۋە قويلار زاكىتى بۆلىمى؛

زاكات ماللىرى ئۇچۇنمۇ بەيتۇل مالدىن ئالاھىدە باشقا بىر يەر ماللارغا ئايرىلىشىپ كەتمەيدىغان ئورۇن ئاجرىتىلىدۇ. چۈنكى الله تائالا زاكاتقا لايىق كىشىلەرنى سەككىز سىنىپقا ئاجراتقان.

**انما الصدقات للفقراء والمساكين والعاملين عليها والمؤلفة قلوبهم وفي الرقاب والغارمين وفي سبيل الله وابن السبيل ***

—«زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارغا، قەرزدارلارغا، اللەنىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ اللەنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». (9:60)

بۇلاردىن باشقىلارغا بۇ سەدىقاتتىن بېرىش جائىز ئەمەس.

## نەپەقاتلار قىسمى

بۇ بەيتۇلمال دىۋانلىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىغا نىسبەتەندۇر. ئەمما نەپىقە قىلىش جەھەتتە ۋە بەيتۇل مال زىممىسىگە تېگىشلىك بولغان مالغا تەۋە بولىدىغان ئىككىنچى قىسىم دىۋانلار، بۆلۈملەر، ئىدارىلار ۋە تۆۋەندىكى تېگىشلىك بولغان مۇئەسسەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## دارۇلخىلافە دىۋانى

بۇ دىۋان تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:



A) دارۇلخىلافە؛

B) مەسلەھەتچىلەر ئىدارىسى؛

C) تەپۋىز (خەلىفە ئۆز ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغان) مۇئاۋىن ئىدارىسى؛

D) تەنپىز (ئىجرا قىلغۇچى) مۇئاۋىن ئىدارىسى.

## دۆلەت مەنپەئەتلىرى دىۋانى

بۇ دىۋان تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

A) جىھاد ئەمىرى بۆلىمى؛

B) ۋالىلار بۆلىمى؛

C) قازىلار بۆلىمى؛

D) دۆلەت مەپەئەتلىرى بۆلىمى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان باش بۆلۈملەر، ئىدارىلار ۋە ئاممىۋى پارۋانلىقلار بۆلىمى.

## ئەتا - بېرىلىدىغان ھەقلەر دىۋانى

بۇ خەلىفە ھەق بېرىشنى لازىم كۆرگەن كەمبەغەل مىسكىنلەر، مۇھتاجلار، قەرزدارلار ۋە يولۇچى مۇساپىرلار دېھقانلار ھەمدە كارخانا ئىگىلىرى خۇللەس، خەلىفە ئۇلارغا ھە بېرىشتە مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت بار دەپ بىلگەن كىشىلەرنىڭ تىزىملىكى ئورۇنلاشقان دىۋاندۇر. بۇ بۇقىرىدىكى ئۈچ دىۋانغا پەيئى ۋە خىراج دىۋانىنىڭ كىرىملىرىدىن سەرپ قىلىنىدۇ.

## جىھاد دىۋانى

بۇ دىۋان تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

A) ئاساس سېلىش، تۈزۈش، تەييارلاش، مەشىق قىلدۇرۇدىغان قوشۇن دىۋانى؛

B) قورالىنىش بۆلىمى؛

C) قورال سانائىتى بۆلىمى؛

بۇ دىۋانغا بارلىق بىرىنچى قىسىم دىۋانلىرىنىڭ كىرىملىرىدىن سەرپ قىلىنىدۇ. ۋە يەنە بۇ دىۋانغا پەيئى ۋە خىراج كىرىملىرىدىن سەرپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ دىۋان بەدەل بىلەن ۋە بەدەلسىز بەيتۇل مالدىن ھەق بېرىشكە تېگىشلىك بولغان دىۋاندۇر. شۇنىڭدەك، بۇ دىۋانغا ھىمايە قىلىنىغان ئامما ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋە يەنە سەدىقات دىۋانى كىرىملىرىدىنمۇ سەرپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ دىۋان ئايەتتە كەلگەن سەككىز سىنىپنىڭ بىرىدۇر:

انما الصدقات للفقراء والمساكين والعاملين عليها والمؤلفة قلوبهم وفي الرقاب والغارمين وفي سبيل الله وابن السبيل *

-«پەقەت سەدىقاتلار (زاكاتلار) كەمبەغەللەر، مىسكىنلەر، زاكات خادىملىرى، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار، قۇللار، قەرزدارلار، اللەنىڭ يولىدا ۋە يولۇچى مۇساپىرلار ئۈچۈندۇر». (9:60)

## سەدىقاتلارنى سەرپ قىلىش ئورۇنلىرى دىۋانى

بۇ دىۋانغا سەدىقاتلار بولغاندا سەدىقاتلار دىۋانى كىرىملىرىدىن سەرپ قىلىنىدۇ.



## ئاممىۋى مۈلۈكنىڭ سەرپ قىلىنىدىغان ئورۇنلىرى دىۋانى

بۇ دىۋانغا خەلىپە شەرئى ئەھكاملارغا مۇۋاپىق ئۆز ئىجتىھادلىرى بىلەن، ئاممىۋى مۈلۈك دىۋانى كىرىملىرىدىن سەرپ قىلىنىدۇ.

## پەۋقۇلئاددا ھالەتلەر دىۋانى

بۇ دىۋان يەر تەۋرەش، توپان، ئاچارچىلىق ۋە شۇلار ئوخشاش مۇسۇلمانلارغا كەلگەن پەۋقۇلئاددا ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جىددى ئەھۋاللارغا پەيئى، خىراج ۋە ئاممىۋى مۈلۈك دىۋانلىرى كىرىملىرىدىن سەرپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى دىۋاندا مال مەۋجۇت بولمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

## ئومۇمىي مۇۋازىنەت، ئومۇمىي ھېساۋات ۋە نەزارەت دىۋانلىرى

ئومۇمىي مۇۋازىنەت دىۋانى دۆلەت كىرىملىرى ۋە دۆلەت ماللىرىنى سەرپ قىلىش ئورنىنى بەلگىلەش بارىسىدا خەلىپىنىڭ ئىجتىھادىغا مۇۋاپىق دۆلەتنىڭ كېلەچەكتىكى مۇۋازىنىتىنى تەييارلايدىغان، شۇ مۇۋازىنەت بىلەن كىرىملار ۋە ئەمەلى-

ئومۇمىي نەپىقىلەرنى سېلىشتۇرىدىغان، دۆلەت كىرىملىرىنى، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي نەپىقىلىرى نەتىجىسىنى تەكشۈرىدىغان دىۋاندۇر. بۇ دىۋان دارۇلخىلافە دىۋانىغا بويسۇنىدۇ. ئومۇمىي ھېساۋات دىۋانى بولسا، دۆلەتنازارەت قىلىدىغان، يەنى دۆلەتنىڭ مەۋجۇد ئەشيالىرىنى، ئېھتىياجلىرىنى، كىرىملىرىنى، سەرىپ-خىراجەت چىقىملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بەرپا بولغان ۋە بەرپا بولۇشقا تەئەللۇقلىرىنى ھېساپ قىلىدىغان دىۋاندۇر.

نازارەت دىۋانى - دۆلەت ماللىرىنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى ھېساپ-كىتاپ قىلغۇچى باياناتلارنى ھەمدە مەۋجۇد نەرسىلەرنى بۇلارنىڭ توغرىلىقىنى، تەلەپلىرىنى، كىرىم ۋە چىقىم خىراجەتلىرىنى ئېنىق تەكشۈرۈپ تۇرغۇچى، شۇنىڭدەك، ئىدارىي ئىشلاردا دۆلەتنىڭ بارلىق دىۋانلىرىنى، ئىدارە بۆلۈملىرىنى، ئىشچى خىزمەتچىلەرنى مۇھاسىبە ۋە نازارەت قىلىدىغان دىۋاندۇر.

بۇلار خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي شەكلىدىكى مالىيە دىۋانلىرىدۇر. بۇ دىۋانلارنى بەرپا قىلىشنىڭ دەلىللىرىگە كەلسەك، بۇ دىۋانلار ئىدارىي ئۇسلۇبلاردىن بىر ئۇسلۇب ۋە ئىشنى بېجىرىش ۋاستىلىرىدىن بىر ۋاستەدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرى بىۋاستە ئىدارىنى باشقۇرغان ۋە بۇ ئىدارىگە مالىيە تەرەپ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىغا بولغان كاتىپلارنى بەلگىلىگەندۇر.

ھەقىقەتەن، بىز دىۋانلارنىڭ تەشكىل تېپىشى ماۋزۇسىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مالىيە تەرەپكە كاتىپ قىلىپ بەلگىلىگەن كىشىلەرنى زىكرى قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. لېكىن ئەنفال، غەنىمەت، پەيئى، جىزيە، خىراجنى مۇباھ قىلىش،



ماللارنى كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېلىنىدىغان مۇستەھىق مال ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋە زاكاتنىڭ ۋاجىبلىقىنى ھەمدە زاكات بېرىلىدىغان كىشىگە ۋە ئومۇمىي مۈلۈككە دالالەت قىلىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر «دالالەتۇل ئىلتىزام» بىلەن. (يەنى لەپزى مەنانى لازىم تۇتۇدىغان مەنىۋى مەنا بىلەن) ئىدارىي ئۇسلۇپلارنى تۈزۈش مۇباھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسلۇبلار ئەسلىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر ۋە ئەسلىگە كىرىدۇ.

خەلىپىنىڭ بۇ ئۇسلۇبلاردىن ئېلىشى ۋە بۇ ماللارنى يىغىش، ساقلاش، تەقسىم قىلىش، خىراجەت قىلىش ئۈچۈن لازىم دەپ بىلگەن ئۇسلۇبنى تەبەننى قىلىشى توغرادۇر. ھەقىقەتتە دىۋانلارنى بەرپا قىلىش ۋە تەبەننى قىلىش خۇلەفائى راشىدىنلار زامانىدا، ساھابىلارنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇلار ئىنكار قىلمىغان ھالدا سادىر بولغان .

# خەلفىلىك دۆلىتىنىڭ ماللىرى

www.uyghurkitap.com



## ماللار

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، مەسجىدىنى قۇرۇپ، ئىسلامىي دۆلەت بىناسىنى ئاستا-ئاستا تىكلەشكە باشلىغانلىرىدا اللە مۇسۇلمانلارغا جەڭ قىلىشقا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئاۋۋال قولغا كىرگۈزگەن مال ئابدۇللاھ ئىبن جەھشى سەرىيەسىنىڭ ئولجىسى بولدى. قۇرەيشلەرنىڭ بەزى تۆگىلىرىگە تېرە ۋە تىجارەت ماللىرى يۈكلەنگەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبن جەھشىنىڭ سەرىيەسى بۇ كارۋاننى ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى جامادىيەل ئاخىر ئېيىدا قولغا كىرگۈزدى. شۇ يىلىنىڭ رامىزان ئېيىدا بەدر جېڭى بولدى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلار مال ۋە قورال-ئەسلىھەلەرنى غەنىمەت قىلىپ ئالدى ۋە بۇ ئولجىلارنى تەقسىم قىلىشدا ئىختىلاپ قىلىشتى. شۇ ۋاقىتىدا اللە تائالا ئەنفال سۈرىسىنى نازىل قىلىپ ئۇنىڭدا مۇنداق دېدى:

**يسألونك عن الانفال قل الانفال لله والرسول** *

–«(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر دەپ ئېيتىڭ». (8:1)

اللە بۇ ئولجىلارنىڭ تەقسىماتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا تاپشۇردى. رەسۇلۇللاھ بەشدەن بىرنى

ئالماستىن ئۇنى تەقسىم قىلدى. كېيىن بەنۇ قەينۇقا يەھۇدىلىرى توختامنى بۇزغانلىقى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئولجا قىلىپ ئالدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى (يەھۇدىلارنى) شامدىكى ئەزرۇئات دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلدى. بۇ ئىشلار بەدر جېڭى ئۆتۈپ بىر ئايدىن كېيىن سادىر بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئولجىلارنى بەدرىدىن كېيىن نازىل بولغان «ئولجىلار» ئايىتىگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ، بەشتىن بىرىنى ئالدى.

**واعلموا انما غنمتم فان لله خمسه وللرسول ولذي القربى واليتامى والمساكين وابن السبيل** *

ـ«بىلىڭلاركى سىلەر ئولجا قىلىپ ئالغان نەرسىلەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمى، الله ۋە رەسۇلى ۋە قېرىنداشلىرى ۋە يېتىملار ۋە مىسكىنلەر ھەمدە مۇساپىرلار ئۈچۈندۇر». (8:41)

رەسۇلۇللاھ فەتھى قىلغان بىرىنچى يەر ـ بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ يېرىدۇر. بەنى نەزىر قەبىلىسى ئوھۇد جېڭىدىن كېيىنكى ئەھدىنى بۇزغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئون بەش كېچە قورشاپ تۇردى، كېيىن ئۇلارنىڭ قورال-ياراق ھەمدە ساۋۇتسىز، بىر تۆگىگە يۈكلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ، مەدىنىدىن چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن سۈلھى تۈزدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن باشقا ماللىرىنى ئەنسارىلارنى ئارىلاشتۇرماستىن مۇھاجىرلارغا تەقسىم قىلدى. پەقەتلا، سەھلى ئىبنى ھەنىپ ۋە ئەبۇ دۇجانە سىماكە ئىبنى خەرشە ئىككىسى پەقىرئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ غەنىمەتتىن بەردى ۋە يەرنى تەقسىم قىلمىدى. ئاشۇ يەردىن ئۆز ئەھلىلىرىگە بىر يىللىق نەپىقىنى بېرىپ تۇراتتى ۋە نەپىقىدىن قالغانلىرىنى اللەنىڭ يولىدا جىھاد



قىلىش ئۈچۈن ئات، خېچىر، ئېشەك ۋە قورال-ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتەتتى. مانا شۇ غازات مەققىدە ھەشرى سۈرىسى نازىل بولدى:

**وما افاء الله على رسوله منهم فما اوجفتم عليه من خيل ولا ركاب ولكن الله يسلط رسله على من يشاء والله على كل شيء قدير** *

ـ«الله پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ، قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، الله ھەرنەرسىگە قادىردۇر». (59:6)

الله (ئولجىنى) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىپ قويدى. بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى ئەھدىنى بۇزۇپ مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىپ، خەندەك غازىتىدا دۈشمەنلەرگە قوشۇلغاندىن كېيىن، بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى بىلەن جەڭ بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ماللىرىنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلدى. ئاتلىققا ئۈچ ئۈلۈش، پىيادىغا بىر ئۈلۈش بەردى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە قۇرەيش بىلەن تىنچلىق سۈلھىسىنى تۈزگەندىن كېيىن، خەيبەر غازىتى بولدى. الله خەيبەرنى رەسۇلىغا ۋە مۆئمىنلەرگە كۈچ بىلەن فەتھى قىلىپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ دىيارلىرى ۋە ماللىرىغا رەسۇلىنى ئىگە قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئولجىلار ۋە يەرلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى تەقسىم قىلدى. يەرلەرنى بىرمىڭ سەككىز يۈز ئۈلۈش قىلدى، شۇنىڭدا ئۇ ئون سەككىز قىسمغا بۆلۈندى، ھەربىر قىسىم يۈز ئۈلۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. كېيىن خەيبەر ئەھلى بىلەن يەرلىرىدىن چىقىدىغان مېۋە ۋە دانلىقلىرىنىڭ يېرىمىنى ئېلىشقا كېلىشتى. خەيبەر فەتھى بولغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فىدەك ئەھلى كەلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن، يەر ۋە خورمىزارلىرىنىڭ يېرىمى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا، قالغان يېرىمى پىدەك ئەھلىگە قېلىشى ھەققىدە سۈلھى تۈزۈشتى. پىدەك ئۇلۇشىنىڭ يېرىمى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا خاس بولدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئات - تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ، ئۇرۇش قىلىپ بېرىلغان ئەمەس. رەسۇل ئەلەيھىسسالام پىدەكتىن كەلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە ھالەتتە سەرىپ قىلدى. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋادىيۇل قۇرانى كۈچ بىلەن فەتھى قىلغاندىن كېيىن، خۇددى خەيبەر ئەھلى بىلەن تۈزگەن سۈلھىگە ئوخشاش ۋادىيۇل قۇرا ئەھلى بىلەن يەرنى ئۇلارنىڭ قولىدا قالدۇرۇش ھەققىدە سۈلھى تۈزدى. تەيمىيە ئەھلى شەھەرلىرى ۋە يەرلىرى ئۆزلىرىگە قالغان ھالدا جىزيە تۆلەشكە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەھدى قىلىشتى.

مەككە فەتھىدىن كېيىن ھۇنەين غازىتى بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇنەين ئەھلىنىڭ ماللىرىنى تەقسىم قىلدى. ھەۋازىن ئەلچىلىرى ئاياللار ۋە كىچىك بالىلاردىن ئىبارەت بولغان ئەسىرلەرنى ئەپۇ قىلىشنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەپۇ قىلدى. تەبۇك غازىتى بولسا، ئەقەبە ساھىبى ئۆزى نەسرانىي بولغان يەخنەت ئىبنى رەئۇبە بىلەن جىزيە بېرىشكە سۈلھى تۈزدى. شۇنىڭدەك، ئەزرەھ ۋە جەربا مۇقەننا ئەھلىلىرى بىلەنمۇ جىزيە بېرىشكە سۈلھى تۈزدى. ئاشۇ قەبىلە ئەھلى يەھۇدىلار ئىدى. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەسرانىي ئۇكەيدىر دۇمە دېگەن ئادەم بىلەنمۇ ئۇنىڭ جىزيە تۆلىشىگە سۈلھى تۈزدى. بۇ سۈلھى خالىد



ئۇكەيدىرنى ئەسىرگە ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەپۇ قىلغاندىن كېيىن بولدى. كېيىن نەجران ۋە يەمەن ئەلچىلىرى كەلدى، ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن زاكات پەرىز قىلىندى. ۋە ئۆز نەسرانىيلىقىدا قالغانلارغا ياكى يەھۇدىلىقىدا قالغانلارغا جىزيە بەلگىلەندى. بۇ ۋاقىتتا كېلىپ، جىزيە ئايىتى نازىل بولۇپ، زاكات پەرز قىلىنغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەئدەن، سۇ، ئوت ياش ھەممە ئوت ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىي مۈلۈك قىلىنغانغا ئوخشاش، مانا شۇ غازاتلار داۋامىدا، سەدىقە تۆگىلىرى ھەمدە اللەنىڭ يولىدىكى تۆگە ۋە ئاتلار ئۈچۈن نەقىئ دېگەن جايىنى قۇتان قىلدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىفە بولدى. فەتھىلەر باشلاندى ۋە ئۇلاردا ئولجا، جىزيە ۋە خىراجلاردىن ئىبارەت ھېساپسىز ماللار مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇل مالىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇل ماللىرىغا كىرىدىغان ۋە اللە مۇسۇلمانلارغا ھالال قىلىپ قويغان ھەممە ئۇنى بەيتۇل مالغا ھەقلىق قىلىپ قويغان ۋە شۇ ماللارنى خەلىفە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىجتىھادىغا قاراپ شەرئى ھۆكۈم بەرپا بولىدىغان جەھەتلەرگە ئىشلىتىدىغان ماللارنى مانا شۇ قىسقىغىنە مەلۇمات بىلەن تەسەررۇپ قىلسا بولىدۇ.

بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا خەلىفىلىك دۆلىتىدىكى ماللار تۆۋەندىكى سىنىپلاردىن تەشكىل تاپقاندۇر:

1. ئەنفاللار؛ غەنىمەتلەر؛ فەيئى ۋە خۇمسى.

2. خىراج.
3. جىزيە.
4. بارلىق تۈرلىرى بىلەن ئاممىۋى مۈلۈكلەر.
5. يەر، بىنا، شەرت-شارائىتلار ۋە ئۇلارنىڭ كىرىملىرىدىن ئىبارەت دۆلەت مۈلكى.
6. ئۆشرىلەر.
7. ھاكىملار ۋە دۆلەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن زوراۋانلىق يولى بىلەن تېپىلغان مال، قانۇنسىز كەسىپ ۋە تۆلەم مېلى.
8. خەزىنە، كانلارنىڭ بەشتىن بىرى.
9. مىراسخورى يوق كىشىلەرنىڭ مېلى.
10. مۇرتەدلەرنىڭ مېلى.
11. سېلىقلار.
12. سەدىقە - زاكات ماللىرى.

بۇ سىنىپلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن بۇنىڭدا ئىش يۈرگۈزۈش ھوقۇقى تاپشۇرۇلغان كىشىنى، بۇلارنى ئىشلىتىش كەيپىيىتىنى سەرىپ قىلىنىدىغان تەرەپلىرىنى ۋە ھەق ئىگىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىمىز.



# ئەنفال ۋە غەنىمەتلەر، فەيئى ۋە خۇمس

## ئەنفال ۋە غەنىمەتلەر

ئەنفال دېگەندە غەنىمەتلەر ئىرادە قىلىنىدۇ. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**يسا'لونك عن الانفال قل الانفال لله والرسول**

-«(ئى مۇھەممەد! سەندىن) ئولجىلار ھەققىدە سورىشىدۇ، ئولجىلار الله ۋە رەسۇلىنىڭكى دەپ ئېيتقىن». (8:1)

ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىددىن، الله تائالانىڭ:

**يسا'لونك عن الانفال ***

-«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئەنفال (ئولجا) ھەققىدە سورىشىدۇ». (8:1)

دېگەن سۆزىدىكى ئەنفال ھەققىدە سورالغاندا ئۇلار «ئەنفال - غەنىمەتلەر يەنى ئولجىلار» دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، جەڭنىڭ ئالدىدا ياكى كېيىن ئەمىر تەقسىم قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ماللىرىغىمۇ «ئەنفال» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك، ئەنفال ۋە غەنىمەتلەر بىرلا نەرسە بولۇپ، مۇسۇلمانلار جەڭ قىلىش بىلەن بىرگە قولغا كەلتۈرگەن پۇللار، قورال-ئەسلىھەلەر، ماتالار، ئوزۇق-تۈلۈك يىمەك-ئىچمەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ئىبارەت كاپىرلارنىڭ ماللىرىدۇر. بۇ بولسا، الله تائالانىڭ بۇ سۆزىدىن چۈشۈنىلىدۇ.

**واعلموا انما غنمتم من شيء فان لله خمسه وللرسول ***

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

–«بىلىڭلاركى، سىلەر غەنىمەت (ئولجا) قىلىپ ئالغان نەرسەلىرىڭلارنىڭ بەشتەن بىرى اللە ۋە رەسۇلى ئۈچۈندۇر». (8:41)

ھەقىقەتتە، ئولجىلار ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە هارام قىلىنغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا هالال قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىرەر كىشىگە بېرىلمىگەن بەش نەرسە ماڭا بېرىلدى. ئۇ بەشنىڭ بىرسى – ئولجالار ماڭىغا هالال قىلىندى»، دەپ زىكرى قىلىدۇ. يەنە ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «سىلەردىن باشقا ھېچقايسى قەۋمگە ئولجىلار هالال قىلىنمىغان، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ ئولجىلارنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى».

مانا بۇ ئەنفال ۋە غەنىمەتلەر ۋەقەسى. ھەقىقەتەن، اللە سۇبهانەھۇ ۋە تەئالا شۇ ئەنفال – غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىش ۋە ئۇنى سەرىپ خىراجەت قىلىش سالاھىيىتىنى مۇسۇلمانلار ئەمىرىگە تاپشۇردى. بۇ اللە تائالانىڭ ئۇشبۇ سۆزىدە ئوچۇق-ئايدىڭ ئېيتىلغاندۇر:

يسا'لونك عن الانفال قل الانفال لله والرسول *

–«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئولجىلار ھەققىدە سورىشىدۇ، ئولجىلار اللە ۋە رەسۇلىنىڭكى دەپ ئېيتىڭ». (8:1)

وما افا' الله علي رسوله *

–«اللە رەسۇلىغا ئولجا قىلىپ بەرگەن نەرسە...». (59:6)

بۇ هالەت ئولجىلارنى تەقسىم قىلىشتىكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمدە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىفىلەرنىڭ ئىشىدىن ئوچۇق-روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئولجىلارنى ئۆزى تەقسىم قىلغان ۋە ئۆزى تەسەررۇپ قىلغان. شۇنىڭدەك، خەلىفىلەر ئۆزلىرى



تەقسىم قىلغان ياكى تەقسىم قىلىش ۋەكىلى ئارقىلىق باشقۇرغان. دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىسى ئولجىلارنى تەقسىم قىلىش ۋە تەسەررۇپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگەدۇر.

ئولجا بىلەن ئىش يۈرگۈزۈش يول-يورۇقلىرى شەرئىي هۆكۈم بويىچە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان هالدا بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مەنپەئەتلىرى، ئېھتىياجلىرىدىن چىقىش شەرئىي هۆكۈمگە مۇۋاپىق رەۋىشتە خەلىفە رەئيى ۋە ئىجتىھادىغا قاراپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى مەيدانغا چىقارغان هالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. خەلىفە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى بار، دەپ بىلگەن نەرسىگە مۇۋاپىق هالدا تەسەررۇپ قىلىدۇ. چۈنكى شارىئ مۇسۇلمانلارنىڭ هاجىتىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىدارە قىلىشنى شەرئىي هۆكۈملەرگە بىنائەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆز ئىجتىھادىغا يارىشا ئىش تۇتۇشنى خەلىفىگە تاپشۇردى.

## غەنىمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە سەرىپ قىلىنىش ئورۇنلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان شەخسلەر

غەنىمەتلەر تەقسىماتى، ئۇنى سەرىپ قىلىش يوللىرى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەقلىق شەخسلەر مەسىلىسىگە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدر غەنىمەتلىرىنىڭ بەشتەن بىرىنى ئالماستىن جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئاتلىقلارغا ئۈچ ئۈلۈش، پىيادىلارغا بىر ئۈلۈش بەردى. لېكىن باشقا غازات ۋە

جەڭلەردىكى غەنىمەتلەرنىڭ بەشدەن بىرىنى ئالدى. بۇلار غەنىمەتلەردە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش يۈرگۈزۈشلىرى ھەرخىل بولۇپ، بىر شەكىلدە بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئولجا ۋە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتىن ئالدىدا ۋە تەقسىم قىلىشتىن كېيىن بېرەتتى، بەزىدە بەشدەن بىرى ئالماستىن ئالدىن، غەنىمەتنىڭ ئەسلىدىن ئولجا بېرەتتى. بەزىدە كۈتىلمىگەن غەنىمەت ۋە فەتھلەردىن بولىدىغان ئولجىلارنى ۋەدە قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلارنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتتى دېگەن پىكىر بىلەن يۈرگۈزەتتى. ئەنفال ۋە غەنىمەتلەر ھەققىدە نازىل بولغان بىرىنچى ئايەت ئۇلارنىڭ ئىشىنى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئىش يۈرگۈزۈشنى اللەغا ۋە رەسۇلىغا تاپشۇردى. دېمەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئەمىرىگە تاپشۇردى. الله تائالا ئېيتىدۇ:

**يسألونك عن الانفال لله والرسول** *

–«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئولجىلار ھەققىدە سورىشىدۇ، ئولجىلار الله ۋە رەسۇلىنىڭ دەپ ئېيتقىن». (8:1)

مانا بۇ ئايەت ئولجا ۋە غەنىمەتلەرنى تەقسىملەش ۋە ئۇلار بىلەن قانداق ئىش ئېلىپ بېرىشنى رەسۇلىغا، يەنى مۇسۇلمانلار ئەمىرىگە تاپشۇردى. ئەبۇ ئۇمامەدىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇكى: – ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن ئولجىلار توغرىسىدىكى ئايەت ھەققىدە سورىسام ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز، يەنى بەدر ئەسھابلىرى، ئولجىلارنى تەقسىم قىلىشتا كېلىشەلمەي، بىئەدەپلىك قىلىپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا بۇ ئايەت نازىل بولدى، الله تائالا ئۇلارنى تەقسىملەشنى بىزنىڭ قولىمىزدىن ئېلىپ،



رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى باپ-باراۋەر تەقسىم قىلدى. بۇ ئايەت ھەممە ئولجىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ پەقەت بەدر جېڭىغا خاس ئەمەستۇر».

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئولجىلار ئىمام، يەنى باشلىقنىڭ رەئيىگە ھاۋالە قىلىنغان بولۇپ. ئۇ ئولجىلارنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئولجىلارنىڭ بەشدىن بىرى ئېلىنغاندىن كېيىن، تۆتتەن بىرىنى بەرگىنىگە ئوخشاش ئۈچتەن بىرىنىمۇ بەردى. ئەبۇ ئۇمامە ئۇبادە ئىبنى سامىت رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە غازات قىلدۇق، غازات باشلىنىشىدا ئولجىنىڭ تۆتتەن بىرىنى، قايتقىنىمىزدا بولسا، ئۈچتەن بىرىنى ئالدۇق. خۇددى شۇنىڭدەك، جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن كاپىرنىڭ نەرسىسىنى ئۆلتۈرگۈچىگە بەردى».

ئەبۇ قەتادە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھۇنەيىن كۈنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى بىر كىشىنىڭ (يەنى الله ۋە رەسۇلىنىڭ دۈشمىنىنى) ئۆلتۈرسە، شۇنىڭغا ھۆججىتى بولسا، ئۆلتۈرۈلگۈچى كىشىنىڭ نەرسىلىرى ئۆلتۈرگۈچىنىڭكىدۇر».

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ ئولجىلىرىنى ئەنسارىلارنى ئارىلاشتۇرماستىن مۇھاجىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە بەردى. پەقەتلا سەھلى ئىبنى ھەنىف ۋە ئەبۇ دۇجانىگە پەقىرلىكى سەۋەبىدىن، بۇ ئولجىلاردىن بەردى. الله تائالا ھەشىر سۈرىسىدىكى بۇ كالامى بىلەن بېرىش سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كى لايكون دولة بين الاغنياء منكم *

–«ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن». (59:7)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇنەين جېڭىدە ئىسلامغا يېڭى كىرگەنلەرنىڭ قەلبلىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئولجا بەردى. ئەنەس ئىبنى مالىكتىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇنەين ئولجىلىرىنى تەقسىم قىلىپ ئەقرەئ ئىبنى هابىسقا 100 تۆگە، ئۇيەينى ئىبنى ھىسنىگە 100 تۆگە، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربىكە 100 تۆگە بەردى. شۇنىڭدەك ھەكىم ئىبنى ھىزام، ھەپسە ئىبنى كەلادە، ھەپسە ئىبنى ھىشام، سۇھەيلى ئىبنى ئەمرى، ھۇۋەيتە ئىبنى ئابدۇل ئۇززا، ئەلا ئىبنى جارىيە ئەسسەقەپىلارغا 100 دىن تۆگە بەردى ۋە بۇلاردىن باشقا ئىسلامغا يېڭى كىرگەنلەرگە بۇنىڭدىن ئازراق بەردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلاردىن بىرەرسىگىمۇ ئولجا بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئەنسارىلارنىڭ ئاچچىقى كەلدى. شۇ ۋاقىتىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى توپلاپ خۇتبە ئوقۇدى. ئۇلارنى يىغلىتىۋېتتى ۋە بۇ تەقسىماتقا رازى قىلدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى خۇلەفائى راشىدىنلارنىڭ ھالىتى ئەنە شۇنداق بولدى. خەلىفىلەر ئولجىلارنىڭ بەزىسىنى جەڭدىن ياكى تەقسىماتتىن بۇرۇن بېرەتتى. ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھىل بەجەلى ئىراققا بېرىشنى تەكلىپ قىلغاندا شۇ تەكلىپگە «لەببەي»، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ئۇمەر جەرىرگە ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى بەجەلىگە ئىراق يەرلىرىدىن (يەنى پۇرات ۋە دىجلە ئەتراپلىرىدىكى يەرلەر) بەشتىن بىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۈچتىن بىرىنى بەردى.



جەرىر ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى ئىككى ياكى ئۈچ يىل مۇددەت ئىچىدە بۇ يەرلەرنىڭ ھوسۇلىدىن ئۈچتىن بىرىنى يەپ تۇردى. كېيىن ئۇمەر ئۇنىڭدىن يەرلەرنى قايتۇرىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ئېيتتى:

– ئى جەرىر، مەن مەسئۇل تەقسىماتچى بولمىغان بولسام سىلەرگە بېرىلگەن نەرسە قولىڭىزدا قالغان بولاتتى. ئادەملەر كۆپەيدى، مەن يەرلەرنى ئۇلارغا قايتۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن.

جەرىر يەرلەرنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئۇمەر جەرىرنى 80 دىنار بىلەن مۇكاپاتلىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئىشلىرى ۋە مانا بۇ ئايەتلەردىن بىلىنىدۇكى، ئولجىلارنىڭ ئىشى ئىمام، يەنى باشلىققا تاپشۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى دەپ بىلگەن پىكىر بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىكەن، باشلىق ئولجىلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى جەڭگە قاتناشقان جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلىشنى لازىم تاپسا، شۇنداق قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن بەيتۇل مالغا فەيئى، جىزيە، خىراجلارنىڭ قاتارىغا قوشۇپ، قويۇشنى ئەۋزەل كۆرسە، قوشۇپ قويىدۇ. خۇسۇسەن، شۇ كۈنلەردە دۆلەت ئەمەلىي ۋە ئېھتىياتتىكى ئارمىيەلەرنى تەمىنلەپ، ھەربىلەر ئائىلىسىگە مائاشىنى بېرىپ، قورال-ئەسلەھەلەرنى تەييارلايدۇ. ئېغىر قوراللار-ئەسلەھە ئۇسكۈنىلىرى ئۆتمۈشتىكىدەك جەڭچىلەر ئىگىلىك قىلىدىغان شەخسى نەرسە ئەمەسدۇر. ھەربىي سانائەت راۋاجلىنىپ، يېڭى-يېڭى قوراللار ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتقان بىر پەيتتە دۆلەت مۈلكى بولغان قوراللارنى شەخسلەرگە مۈلكى قىلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ.

شۇنىڭغا قارىغاندا، ئولجىلارنىڭ ھۆكمى فەيى، خىراج، جىزيە، ئۆشرىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالىغا قويۇلىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشقا سەرپ قىلىنىدۇ. خەلىفە جەڭگە قاتناشقانلار ئۈچۈن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ھالدا بۇ ئولجىلارنى تەقسىم قىلىشى جائىزدۇر.

## فەيئى

فەيئى دەپ ئات، تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ بارماستىن. يەنى قوشۇننى ھەرىكەتكە سالماستىن، سەپەر مەشەققىتى چەكمەستىن ھەمدە جەڭ قىلماستىن ئاسان قولغا كىرگۈزگەن كاپىرلارنىڭ ماللىرىنى ئېيتىدۇ. يەنى نەزىردا يۈز بەرگەن ۋەقە ئۇنىڭ مىسالىدۇر. شۇنىڭدەك، بۇ ھال يەھۇدىلاردىن بولغان فەدەك ئەھلىدە سادىر بولغاندەك، كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا يەرلىرى ۋە ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى بېرىش توغرىسىدا سۈلھى تۈزۈش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئالدىغا كەلگەنلىكىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

فەيئىگە بېرىلگەن بۇ مەنا اللە تەئەلانىڭ سۈرە (ھەشر) سۈرىسىنىڭ بۇ ئايىتىدىمۇ مۇرات قىلىنغان:

**وما افاء الله علي رسوله منهم فما اوجفتم عليه من خيل ولاركاب *** :

-«اللە پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات-تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ، قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن اللە



پەيغەمبىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر». (59:6)

يەنى نەزىر ھەمدە فەدەك ماللىرىنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانلار ئات-تۆگىلىرىنى چاپتۇرۇپ، بارمىغان، بۇ فەيئى دەپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاشۇ ماللار پەقەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇ ماللاردىن ئەھلى ئىياللىرىغا بىر يىللىق نەپىقىسىنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن قالغانلىرىنى اللەنىڭ يولىدا جىھاد تەييارلىقى ئۈچۈن ئات، خېچىر، ئېشەك ۋە قورال-ئەسلىھەگە ئىشلىتەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داۋالاشتۇردى.

بۇخارىي خۇمسى بابىدا رىۋايەت قىلىدۇكى، ئوسمان ۋە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋپ، زۇبەير ھەمدە سەئدى ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كىرىشكە ئىزنى سورىدى. ئۆمەر رۇخسەت بەردى. ئۇلار ئازلا ئولتۇرۇشى بىلەن ئەلى ۋە ئاببىاسمۇ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كىرىشكە رۇخسەت سوراپ كەلدى. ئۆمەر ئۇ ئىككىلىسىگىمۇ رۇخسەت بەردى. ئۇلار كېلىپ سالام بېرىپ ئولتۇردى. شۇ ۋاقتىدا ئاببىاس: «ئى ئەمىرۇل مۆئمىنىن، مەن بىلەن ئەلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىڭ»، - دېدى. ئۇلار اللە ئۆز رەسۇلىغا ئولجا قىلىپ بەرگەن يەنى نەزىر ماللىرى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتقان ئىكەن. ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر «ئى ئەمىرۇل مۆئمىنىن بۇ ئىككىلىسى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىڭ ۋە ئۇلارنى تىنىچلاندۇرۇڭ»، -دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئالدىرىماڭلار، ئۇنىڭ ئىزنى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاسمان ۋە زېمىن مەۋجۇت بولىدىغان اللەنى ياد قىلىپ ئېيتىمەنكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، نەرسىلىرىمىز سەدىقىدۇر». دەپ ئۆزلىرىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟»، -دېگەندە، يېغىلغانلار: «ھەئە شۇنداق دېگەن»، -دېدى. شۇئان ئۆمەر ئەلى بىلەن ئابباسقا قاراپ: «سىلەرگە اللەنى ياد قىلىپ ئېيتىمەنكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مانا شۇنداق دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»، -دېگەندە ئىككىلىسى: «ھەئە، شۇنداق دېگەن»، -دېگەن دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى ۋە ئابباسقا ئۆرۈلۈپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرگە مانا شۇ ئىش ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن. ھەقىقەتەن، اللە تائالا شۇ ئولجىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ئۇ كىشىدىن باشقا بىرەرسىگە بەرمىگەن نەرسە بىلەن خاس قىلىپ قويدى. كېيىن بۇ ئايەتنى

**وما افاء الله علي رسوله منهم**

—«اللە تائالا پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن غەنىمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىلەر». (59:6)

تا «قدير» دېگەن يەرگىچە ئوقۇپ بۇ ماللار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خالىس ئۆزى ئۈچۈن بولغاندۇر. اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى قويۇپ ئۇ ماللارغا ئىگە بولمىدى. سىلەردىن ئۇنى تارتىۋالمىدى ۋە ئۇنى سىلەرگە بەردى ۋە ئاراڭلاردا ئۇنى تارقاتتى، ھەتتا ئۇ ماللاردىن - مانا شۇ ماللار قالدى، - رەسۇلۇللاھ ئەيھىسسالامنىڭ ئەھلى ئىياللىرىغا مانا شۇ مالدىن بىر يىللىق نەپىقىلىرىنى بېرەتتى. كېيىن قالغانلىرىنى ئېلىپ اللەنىڭ مېلى قويۇلىدىغان ئورۇنغا قوياتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھاياتلىق داۋامىدا مانا شۇنداق قىلدى. سىلەرگە



اللەنى ياد قىلىپ شۇنداق ئېيتىمەنكى، مانا شۇنى بىلەمسىلەر؟» ئۇلار، «ھەئە»، دېدى. ئۆمەر مۇنداق دېدى: «اللە پەيغەمبىرىنى ۋاپات قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئورۇن باسارى دۇرمەن دەپ، ماللىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. اللە بىلىدۇكى، ئەبۇ بەكرى ئۇ ماللاردا سادىق، ھەقىقىي، توغرا يولنى تۇتتى. ھەققە ئەگەشكۈچى بولدى. كېيىن اللە ئەبۇ بەكرىنى ۋاپات قىلدى. مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئورۇن باسارى بولدۇم. مەن ئۇ ماللارنى ئېلىپ ئىككى يىل ئەمىرلىكىم داۋامىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرىدەك داۋام قىلدىم. اللە بىلىدۇكى، مەن ئۇ ماللارغا سادىق مەن، ھەقىقىي توغرا يولنى تۇتقۇچى ۋە ھەققە ئەگەشكۈچىدۇرمەن»، -دېدى. بۇ ھەدىس تولۇق بۇخارىدا بار.

شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇننى ھەرىكەتكە سالماستىن، جەڭ قىلماستىن، كاپىرلاردىن ئېلىنغان ھەربىر مالنىڭ ھۆكمى خىراج، جىزيەگە ئوخشاش اللە مالىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇل مالىغا قويۇلىدۇ ھەمدە خەلىفىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى مەيدانغا چىقارغۇچى رەئىيگە مۇۋاپىق رەۋىشتە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتلىرى ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش يولىدا سەرىپ قىلىنىدۇ. يەنە فەيئى دەپ كۈچ بىلەن ياكى سۈلھى قىلىپ پەتھى قىلىنغان يەرنى ھەمدە مانا شۇ ئولجىدىن ئېلىنىدىغان يەر خىراجى، جىزيە ۋە سودا-تىجارەت ئۆشرىگىمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇنى اللە تەئالانىڭ بۇ سۆزى كۆرسىتىپ تۇرۇدۇ:

**وما افاء الله علي رسوله من اهل القري فلله وللرسول ولذي**

**القربي واليتامي والمساكين وابن السبيل كي لايكون دولة بين الاغنياء منكم ***

—«الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرانىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن». (59:7)

بۇ بولسا، بىلال ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى، الله ئۇلارغا ئولجا قىلىپ بەرگەن ئىراق ۋە شام يەرلىرىنى تەقسىم قىلىشنى ئۆمەردىن سورىغاندا، ئۆمەر بۇ ئايەتتىن كېلىپ چىقىپ ئىراقدىكى سەۋاد (دىجلە ۋە پۇرات ئەتراپىدىكى يەر) دېگەن يەردە، شام ۋە مىسىر يەرلىرىدە ئۇنى قوللىغان. ئۆمەر ۋە ساھابىلار ئىراق، شام، مىسىر يەرلىرىنىڭ فەيئى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. چۈنكى ئۇلار بۇ يەرلەرنى كۈچ بىلەن، يەنى قىلىچ بىلەن پەتھى قىلغان. بۇ بولسا، ئۆمەر بىلەن بەھسىلەشكۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىدە ئوچۇق-ئايدىڭ كەلگەندۇر. ئۇلار ئۆمەرگە شۇنداق دېدى: «الله تائالا بىزگە قىلىچلىرىمىز بىلەن ئولجا قىلىپ بەرگەن ئولجىنى جەڭگە قاتناشمىغان قەۋمگە ۋە مانا شۇ قەۋمنىڭ پەرزەنتلىرىگە، پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە بېرەمسەن، ۋەھالەنكى ئۇلار جەڭدە ھازىر بولمىغان».

يەنە مانا شۇنداق چۈشەنچە ئۆمەرنىڭ ئەنسارىلاردىن ئون كىشى بىلەن بولغان سۆھبىتىدىمۇ مەۋجۇت. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىراج ۋە جىزيەنى فەيئىنىڭ قاتارىدا ھېساپلاشقا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئەنسارىلارغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۆمەر مۇنداق دېدى: «مەن يەرلەرنى كاپىرلارنىڭ قولىدا قالدۇرۇپ، ئۇلارغا خىراجنى بەلگىلىدىم ۋە بويىنىغا جىزيەنى تۆلەشنى ئارتىپ قويدۇم. ئەنە شۇ يەرلەر مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭچىلىرىگىمۇ،



باللىرىغىمۇ ۋە ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان پەرزەنتلىرىگىمۇ پەيئى بولۇپ قالىدۇ».

مانا شۇ فەيئى ماللارنىڭ ھەممىسى ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ كېلىدىغان جىزيە، خىراج ئۆشرە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سېلىقلاردىن چۈشكەن كىرىم مۇسۇلمانلارنىڭ باي-كەمبەغەللىرىگە ئومۇمىي بولۇدۇ ھەمدە بەيتۇل مالدا ساقلىنىدۇ ۋە بۇ مالدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشدا ۋە ئېھتىياجلىرى يولىدا سەرىپ قىلىنىدۇ. ئۇ مالدا ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى بولىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراق، شام ۋە مىسىر يەرلىرىگە خىراجنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ماللار ھەققىدە شۇنداق دېدى: «ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مانا شۇ مالدا ھەققى باردۇر». ۋە شۇ ئايەتنى:

**ما افاء الله علي رسوله من اهل القري ***

—«الله ئۆز پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن غەنىمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىلەر». (59:7) مانا بۇ ئايەتكىچە ئوقۇدى:

**والذين جاءوا من بعدهم ***

—«ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن زاتلار». (59:10)

كېيىن ئېيتتىكى: «بۇ (يەنى ئىراق ۋە شام يەرلىرى) ھەممە مۇسۇلمانلارغا تېگىشلىك. مەن تىرىكلا بولسام، سەرۋى ھىمىيەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەردىكى نەسىۋىسى پىشانە تەرىسىز ئۆزى كېلىدۇ».

## خۇمس

خۇمس تەقسىملىنىدىغان ئولجىنىڭ بەشدەن بىرىدۇر. الله

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تائالانىڭ بۇ ئايىتى بۇنىڭغا دەلىلدۇر:

واعلموا انما غنمتم من شيءٍ فان لله خمسه وللرسول ولذي القربي واليتامى والمساكين وابن السبيل *

-«بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر». (8:41)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىلىرىدە خۇمس بەش قىسىمغا تەقسىملىنەتتى. بىر قىسىم - اللە ۋە رەسۇلى ئۈچۈن، يەنە بىر قىسىم - رەسۇلۇللاھنىڭ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن، قالغان ئۈچ قىسىم - يېتىملەر، مىسكىنلەر ھەمدە يولۇچى مۇساپىرلار ئۈچۈن. رەسۇلۇللاھ خۇمىسىدىن بولغان ئۆزىنىڭ نەسىۋىسىنى مۇسۇلمانلارغا ئىنپاق قىلاتتى ھەمدە اللە يولىدا ئىشلىتىپ ئات، خېچىر، تۆگە ھەمدە قورال-ياراق سېتىۋالاتتى، جەڭچىلەرنى تەييارلايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھۇنەين غازىتىدا ئادەملەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئولجىلارنى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئۇلارغا خىتاب قىلىپ، شۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ئولجاڭلاردىن مانا بۇ قىلچىلىك نەرسىمۇ ماڭا يوقتۇر. بولسىمۇ - بەشتىن بىرى بار. ئۇمۇ سىلەرگە قايتۇرۇلغاندۇر».

قېرىنداشلارنىڭ ئۈلۈشىگە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، رەسۇلۇللاھ قېرىنداشلىرىدىن بەنى ھاشىم، بەنى مۇتتەلىپلاردىن باشقىلارغا ھەق بەرمەيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈلۈشى بەنى ھاشىم، بەنى مۇتتەلىبلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ۋە ئىسلامغا بولغان ياردەملىرى سەۋەبىدىن رەسۇلۇللاغا ھەدىيە ئورنىدا بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئولجىدىن پەقەت تۇققانلىرى ئىچىدىن شۇلارغىلا



بېرەتتى. جۇبەيرى ئىبنى مۇتئىمدىن بولغان رىۋايەتتە ئېيتىلىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈلۈشىنى بەنى ھاشىم، بەنى مۇتتەلىپ ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلغاندا، مەن ۋە ئوسمان كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، بەنى ھاشىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى اللە تەئالا سىزگە بەرگەن دەرىجىنىڭ سەۋەبىدىن ئىنكار قىلمايمىز، دەپ ئېيتىڭچۇ. نېمىگە بەنى مۇتتەلىپقا بېرىپ، بىزگە بەرمەيسىز، ۋەھالەنكى، بىزمۇ، ئۇلارمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بىر دەرىجىدىمىز، -دېدىم. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام؛ «ئۇلار جاھىلىيەتتىمۇ، ئىسلامدىمۇ بىزدىن ئايرىلىپ كەتمىدى. بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتتەلىپ - بىرلا نەرسىدۇر، - دەپ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى كىرىشتۈردى».

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەمدە ئەبۇ بەكرى خەلىفە بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ خۇمىسىدىن بولغان ئۈلۈشى بەيتۇل مالغا قوشۇلۇپ، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىگە ۋە اللە يولىدا ئىشلىتىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن قېرىنداشلىرىنىڭ نەسىۋىسى ھەققىدە ئابباسدىن سورىغاندا، ئۇ زات شۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: «بىز ئۇ ئۈلۈشنى ئۆزىمىز ئۈچۈن، دەپ ئويلىغان ئىدۇق، قەۋمىمىز بۇنى خالىمىدى». نەجدەتۇل ھەرىر ئىبنى ئابباستىن قېرىنداشلار ئۈلۈشى ھەققىدە سورىغاندا، شۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى: «ئۇ ئۈلۈش بىز ئۈچۈن ئىدى، ئۆمەر شۇ ئۈلۈشتىن ئائىلىمىزگە خىزمەتچى ئېلىپ بېرىشكە چىقارغان ئىدى. بىز ئۇ ئۈلۈشنىڭ ھەممىسىنى بىزگە تاپشۇرۇشنى ئىرادە قىلغان ئىدۇق. ئۆمەر

بۇنى خالىمىدى».

بىز يۇقىرىدا ئولجىلار ماۋزۇسىدا، دەلىل بىلەن شۇنى بايان قىلدۇقكى، بۇگۈنكى كۈندىكى ئولجىلار بەيتۇل مالغا قويۇلىدۇ ۋە ئۇ ئولجىلارنى سەرپلەش خەلىفىگە تاپشۇرۇلۇپ، ئۇ ئۆز رەئيى ۋە ئىجتىهادىغا مۇۋاپىق مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى يولىدا ئىش يۈرگۈزىدۇ. خۇمس ئولجىلارنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، جىزيە، خىراج، ئۆشرىگە ئوخشاش ئولجا ھۆكمىدە مائىدۇ.



## خىراج

خىراج جەڭ قىلىپ ياكى سۈلهى بىلەن كاپىرلاردىن ئولجا قىلىپ ئالغان يەرگە قويۇلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىدۇر. خىراج ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنۋە خىراجى ۋە سۈلهى خىراجى

### ئۇنۋە خىراجى

مۇسۇلمانلار كاپىرلاردىن كۈچ بىلەن قولغا كىرگۈزگەن ئىراق، شام، مىسىر يەرلىرىگە ئوخشاش ھەربىر يەرگە بەلگىلەپ قويۇلىدىغان خىراج - ئۇنۋە خىراجىدۇر. ئۇنۋە خىراجىغا ھەققى دەلىل - الله تەئەلانىڭ ئۇشبۇ سۆزىدۇر:

ما افاء الله على رسوله من اهل القرى فلله وللرسول ولذى القربى واليتامى والمساكين وابن السبيل كي لايكون دولة بين الاغنياء منكم وما اتاكم الرسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا واتقوا الله لن الله شديد العقاب * للفقراء المهاجرين الذين اخرجوا من ديارهم واموالهم يبتغون فضلا من الله ورضوانا وينصرون الله ورسوله اولئك هم الصادقون * والذين تبوءوا الدار والايمان من قبلهم يحبون من هاجر اليهم ولا يجدون في صدورهم حاجة مما اوتوا ويوءثرون علي انفسهم ولو كان بهم خصاصة ومن يوق شح نفسه فاولئك هم المفلحون * والذين جاءوا من بعدهم يقولون ربنا اغفر لنا ولاخواننا الذين سبقونا بالايمان *

-«الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرانىڭ ماللىرىنى، ئىچكىلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش -

ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال-مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار سادىق ئادەملەردۇر. ئۇلاردىن مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسە ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىدىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ». (59: 7-10)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى پەتھى قىلىپ ئۇنىڭ يەرلىرىنى جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلغانلىقىغا ئوخشاش، اللە مۇسۇلمانلارغا قىلىچى بىلەن ئولجا قىلىپ بەرگەن ئىراق، شام ۋە مىسىر يەرلىرىنى جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلىشنى بىلال، ئابدۇراھمان، زۇبەير سورىغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ يەرلەرنى جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلماسلىق ھەققىدىكى پىكرىگە ئاشۇ ئايەتنى ھۆججەت قىلىدى. مەسلىھەتلىشىشكە چاقىرىلغان ئەنسارىلارغا دەلىل قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: - مەن يەرلەرنى كاپىرلارنىڭ قوللىرىدا قالدۇرۇپ، ئۇلارغا خىراجنى بەلگىلەشنى ۋە بويۇنلىرىغا جىزيە قويۇشنى ئەۋزەل كۆردۈم. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئاشۇ يەرلەر مۇسۇلمانلارنىڭ جەمەتلىرىگىمۇ، باللىرىغىمۇ،



كېيىنكىلەرگىمۇ فەيئى بولۇپ قالىدۇ. بۇ چېگرالارنى كۆزۈتۈپ، تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان كىشىلەر كېرەكلىك ھەققىدە، شام ۋە جەزىرىدە كۇفە، بەسرە، مىسىرغا ئوخشاش كاتتا شەھەرلەرنى قوشۇنلار بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇلارغا كۆپ مەبلەغ بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزدۈڭلارمۇ؟ ئەگەر يەرلەر ۋە كاپىرلار تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارغا ھەق قايەردىن بېرىلىدۇ؟ - كېيىن پىكىرلىرىگە فەيئى ئايىتىنى دەلىل قىلدى. اللە تائالانىڭ بۇ ئايىتى:

**والذين جاءوا من بعدهم** *

-«ۋە ئۇلاردىن كېيىن (دۇنياغا) كەلگەنلەر». (59:10)

دېگەن سۆزىگە يەتكەندە مۇنداق دېدى: «بۇ يەرلەر تا قىيامەتكىچە بارلىق ئىنسانلارغا ئومۇمىيدۇر ۋە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ فەيئىدە ھەققى ۋە نەسىۋىسى باردۇر». ساھابىلار ئۆمەرنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلۇپ شۇنداق دېدى: «سۆزىڭىز ئېيتقاندەك بولسۇن. سىز ئەجەپ ياخشى گەپنى ۋە ياخشى پىكىرنى ئېيتتىڭىز. ئەگەر بۇ چېگرالار ۋە مانا شۇ شەھەرلەرنى قوشۇن بىلەن تولدۇرمىسىڭىز ھەمدە ئۇلار كۈچلىنىدىغان خىراجنى ئۇلارغا جارى قىلمىسىڭىز، كۇفرى ئەھلى شەھەرلىرىگە قايتىدۇ». ئۆمەر مۇنداق دېدى: «ماڭا بىر پىكىر كەلدى. ھەممە ئىشنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ، كاپىرلار بېرىشكە قادىر بولغان خىراجنى قويىدىغان، ئاقىل كىشىلەردىن كىم بار؟» شۇ ۋاقىتتا ساھابىلار ئوسمان ئىبن ھەنىپنى كۆرسىتىپ: «بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق ئىشقا ئۇنى ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بىلىملىك، ئەقىللىق، تەجرىبىلىكدۇر»، - دېدى. ئۆمەر ئۇنى سەۋاد (ئىراقتىكى دىجلە ۋە پۇرات دەريالىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر)

يەر مەيداننى ئۆلچەشكە باشلىق قىلىپ بەلگىلىدى.

ئوسمان بىرنىپ سەۋاد يەر مەيدانلىرىنى ئۆلچەپ ئۇنىڭغا مەلۇم خىراجنى بەلگىلىدى ۋە بۇ ھەقتە خەلىفىگە خەۋەر ئەۋەتتى. ئۆمەر ئۇنى تەستىقلىدى. ئۆمەر ۋاپات بولىشىنىڭ ئالدىدا كۆپە يەرلىرىنىڭ بىر قېتىملىق كىرىمى 100 مىللىيون دىرھەمگە يەتتى. دىرھەم ئاشۇ پەيتتە مىسقال (68.4گ)ۋەزنىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر يەرنى ئىگىلىرى قولىدا قالدۇرۇپ، يەردىن بەيتۇل مالغا كىرىدىغان خىراجنى بەلگىلەپ بەردى ھەمدە تا قىيامەت كۈنىگىچە ئاشۇ خىراجنى مۇسۇلمانلارغا ئولجا قىلىپ قالدۇردى. خىراج يەرلىرىنىڭ ئىگىلىرى ئىسلامغا كىرگەن تەقدىردىمۇ ياكى مۇسۇلمانغا ساتسىمۇ جىراج ئۆشرى يەرگە ئايلانمايدۇ. چۈنكى يەرگە بېرىلگەن سۈپەت، يەنى كۈچ بىلەن پەتھى قىلىنغانلىقى ۋە يەرگە خىراج بەلگىلەنگەنلىكى ئۆزگەرمەس باقىدۇر. تارىق ئىبنى شىھابدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئېيتىدۇكى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ نەھرۇل مۇلۇكنىڭ ئىسلامغا كىرگەن ئايال باشلىغى ھەققىدە ماڭا خەت يېزىپ ئەۋەتتى. «ئۇنىڭغا يېرىنى بېرىڭلار، خىراجىنى تۆلەۋەرسۇن». بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ كۈچ بىلەن پەتھى قىلىنغان يەرنىڭ ئىگىسى ئىسلامغا كىرگەن بولسىمۇ، خىراجنى دائىم ئېلىپ تۇرۇشنى لازىم كۆرگەنلىكىنى ئوچۇق-ئايدىڭ كۆرسىتىپ تۇرۇدۇ.

## سۇلھى خىراجى

سۇلھى خىراجى - ئاھالىسى بىلەن سۇلھى تۈزۈشكەن ھەر بىر يەرگە سېلىنىدۇ. سۇلھى خىراجى - مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلار



بىلەن سۇلھى تۈزگەن كىشىلەر ئارىسىدا كېلىشىلگەن توختامغا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر يەر ئەھلى ئۆز يەرلىرى ئۈستىگە بېرىلىدىغان خىراج باراۋىرىگە يەر مۇسۇلمانلارنىڭكى بولىشىغا سۇلھى تۈزسە، ئۇ ھالدا، گەرچە بۇ يەر مۇسۇلمانلارغا ئىسلامغا كىرىش، سېتىۋېلىش ياكى باشقا يوللار بىلەن ئۆتسىمۇ، يەر قىيامەتكىچە خىراجى (يەر) بولۇپ قالىدۇ.

ئەمما ئاھالى ئۇلارغا بەلگىلەنگەن مەلۇم خىراج باراۋىرىگە يەر ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قېلىشقا سۇلھى تۈزسە، مانا بۇ خىراج جىزيە ئورنىدا بولىدۇ. يەر ئەھلىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ياكى يەرنى مۇسۇلمانلارغا سېتىشى بىلەن خىراج ساقىت بولىدۇ. ئىبنى ماجەئەلائىل ھەزرەمىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېنى بەھرەينى ۋە ھەجەرگە ئەۋەتتى. مەن ئۇلاردىن بىرى ئىسلامغا كىرگەن ئاكا-ئۇكا ئارىسىدىكى باغدا بولدۇم. مەن مۇسۇلماندىن ئۆشرە ۋە كاپىردىن خىراج ئالاتتىم». بۇنىڭ سەۋەبى، بەھرەينى ۋە ھەجەر يەرلىرى سۇلھى ئارقىلىق پەتھى قىلىنغان يەرلەر ئىدى. ئەمما يەرنى كاپىرغا ساتسا، ئەلۋەتتە يەرنىڭ خىراجى باقى قالىدۇ ۋە ساقىت بولمايدۇ. چۈنكى كاپىر خىراج ۋە جىزيە ئەھلىدىندۇر.

خىراج - ئۆشرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۆشرە يەرنىڭ مەھسۇلاتىدىن ئېلىنىدۇ. ئۆشرە يەرلىرى تۆۋەندىكىلەر:

A) ئەرەپ يېرىم ئارىلى، چۈنكى ئۇلار بۇت پەرەس بولغان، ئۇلارغا پەقەت ئىسلام بۇيرۇلغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئورۇش قىلىپ ۋە بىر نەچچە يەرلەرنى پەتھى قىلغان بولسىمۇ يەرگە خىراج بەلگىلىمىگەندۇر.

B) ئىسلامغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كىرگەن ئاھالىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېرى. مەسىلەن، جەنۇبىي ۋە شەرقىي ئاسىيا. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «ئىنسانلار تاكى : «لااله الا الله» دېمىگىچە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى، «لااله الا الله» دېسە، ھەقىقەتتە مەندىن جانىنى ۋە مالىنى شەرئەن ھەقلىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ساقلاپ قالدى، دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھېساپ كىتابى بولسا اللەغا ھاۋالە قىلىنىدۇ».

C) كۈچ بىلەن بېسىۋېلىنغان ۋە خەلىپە ئۇنى جەڭچىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن يەرلەر. مەسىلەن، خەيبەر يېرى، خەلىپە جەڭچىلەرگە بىر بۆلىكىگە ئىگە بولۇشقا رۇخسەت بەرگەن يەر. مەسىلەن، ئۆمەر شام جەڭچىلىرىگە خىمىسىدىكى ئىربىد دەرياسى قىرغاقلىرىنى ۋە دېمەشقتىكى بىرادە ئوتلاقلىرىنى ئىگەللەشكە رۇخسەت بەرگەن.

D) ئاھالىسى بېرىدىغان خىراج باراۋېرىگە، يەرگە ئىگىلىك قىلىش يەر ئىگىلىرىنىڭ ئۆز قولىدا قېلىشقا سۈلھى تۈزگەن جايلار. چۈنكى ئىسلامنى قوبۇل قىلسا ياكى يەرنى مۇسۇلمانلارغا ساتسا، ئۇ يەر ئۆشرى يەرگە ئايلىنىدۇ.

E) مۇسۇلمان ئاچقان ئىگىسىز يەر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «كىمكى ھېچكىمنىڭ بولمىغان يەرنى تىرىلدۈرسە، ئۇ شۇ يەرگە ھەقلىقدۇر» .-دېگەن. بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھېچكىمنىڭ بولمىغان يەرنى ئاۋاتلاشتۇرسا، ئۇ شۇ يەرگە ھەلىقدۇر».

مانا بۇ ئېيتىپ ئۆتكەن ئۆشرى ئۆشرىلىكىچە قالىدۇ. لېكىن كاپىر كۈچ بىلەن بېسىۋالغان يەرلەردىكى مۇسۇلمانلاردىن ئۆشرى يەرنى سېتىۋالسا، ئۇ بۇ يەردىن خىراج بېرىدۇ. چۈنكى



كاپىر ئۇچۇن خىراج بېرىش ۋاجىپتۇر. كاپىردىن ئۆشرە ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۆشرى زاكاتتۇر. كاپىر بولسا زاكات ئەھلىدىن ئەمەس. ئۆشرە-سەدىقە ۋە مۇسۇلمان ئۇچۇن پاكلىنىشتۇر. ئەمما كاپىر مۇسۇلمانلاردىن كۈچ بىلەن بېسىۋالمىغان باشقا ئۆشرى يەرنى سېتىۋالسا، ئۇ مانا شۇ يەرگە خىراجمۇ، ئۆشرىمۇ بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۆشرى يەردىن خىراج بېرىلمەيدۇ. كاپىرغا زاكات ۋاجىپ ئەمەس. خۇددى، كاپىر مۇسۇلماندىن چارۋا ھايۋانلارنى سېتىۋالغاندا ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىپ بولمىغاندەك.

## خىراج ۋە ئۆشرىنىڭ جەملىنىشى

پەتھى قىلىنغاندا كاپىرلار ئىگە بولغان، كۈچ بىلەن بېسىۋېلىنغان يەرگە ئۇرۇش تۈگۈشى بىلەنلا خىراج قويۇلىدۇ. ئەگەر يەر كاپىرلارنىڭ قوللىرىدا قالسا، زىرائەت تېرىلامدۇ ياكى زىرائەت تېرىلمامدۇ، خىراج ئېلىنىدۇ. ئۇ يەردىن ئۆشرە ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئۆشرە، زاكات ھېساپلىنىدۇ. كاپىرلار بولسا زاكات ئەھلىدىن ئەمەس. ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرسە ياكى يەرنى مۇسۇلمانلارغا ساتسا، ئۇ يەردىن خىراج ساقىت بولمايدۇ. چۈنكى كۈچ بىلەن بېسىۋېلىنغان دېگەن سۈپەت يەردىن دائىم خىراج ئېلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنداق ھالەت ئۆزگەرسە، ئۇ يەردىن خىراج بىلەن بىرگە ئۆشرىمۇ ئېلىنىدۇ. چۈنكى خىراج - يەرگە ۋاجىپ بولغان ھەقدۇر. ئۆشرە بولسا، مۇسۇلمان يېرىدىن چىققان ھوسۇلغا ۋاجىپ. ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرمۇ شۇنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە ئىككىلى ھەق ئارىسىدا زىددىيەت يوقتۇر.

چۈنكى ئۇ ئىككىلىسى خىلمۇ-خىل ئىككى سەۋەب بىلەن ۋاجىپ.
بۇنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: ئەگەردە، ئىھرام باغلىغان كىشى بىرسىگە مۈلۈك بولغان ئوۋنى ھەرەمدە ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە بېرىشى ۋاجىپ. جازا بولسا، اللەنىڭ ھەققىدۇر. ئەمما ھەنىپىلار ئۆشرە ۋە خىراج ئارىسىنى جەملىمەسلىككە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن «مۇسۇلمان يېرىدە خىراج ۋە ئۆشرى جەملەنمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ھەدىسلەردە توختالساق، ئەلۋەتتە ئۇ ھەدىس ئەمەستۇر ۋە ھەدىس ھاپىزلىرىمۇ بۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلمىغان.
ئاۋۋال، خىراج ئادا قىلىنىدۇ. ئەگەر خىراج تۆلەنگەندىن كېيىن، ئۆشرە بېرىلىدىغان مېۋە ۋە زىرائەتتىن چىققان پايدا نىسابىغا يەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن زاكات ئېلىنىدۇ. ئەگەر نىساپقا يەتمىگەن بولسا ئۇنىڭدىن زاكات ئېلىنمايدۇ.

## بۇگۈنكى كۈندە قىلىنىشى ۋاجىپ بولغان ئەمەلىي ۋەقەلىك

بىزدىن پەتھلەر زامانى يىراقلىشىپ؛ سۇلھى ئارقىلىق ياكى كۈچ بىلەن پەتھى قىلىنغان يەرلەرنىڭ بارلىق ھەممىسىدە ئىنسانلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن؛ سۇلھى يەرلىرى، كۈچ بىلەن بېسىپ ئېلىنغان يەرلەر، ئاچقان ياكى ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەرلەرنى بىلەلەيدىغان دەپتەر ۋە دىۋانلارنىڭ كۆپلىرى يوق بولۇپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە جايلارنىڭ ئەھلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلامغا بويسۇنغىنى ياكى كۈچ بىلەن بېسىپ ئېلىنغانلىقى



ياكى مۇئەييەن ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئومۇمىي مەلۇماتنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا تۆۋەندىكى يول بىلەن چارە قوللىنىشقا مۇمكىن بولىدۇ.
ئىراق يەرلىرىنىڭ ھەممىسى، كۇۋەيت، ئىران، ھىندىستان، پاكىستان، ئەپغانىستان، تۈركىستان، بۇخارا، سەمەرقەند، شام ئۆلكىسى، تۈركىيە، مىسىر، سۇدان، شىمالى ئافرىقا ھەممىسى خىراجىي يەرلەر دەپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار كۈچ بىلەن پەتھى قىلىنغان. ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان ۋە كاپىرلار خىراج بېرىشى ۋاجىپ. ئۇ يەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى خىراج تۆلىگەندىن كېيىن زاكات بېرىدىغان زىرائەت ھوسۇلى زاكات ھېسابىغا يەتكەن بولسا، ئۆشرىنىمۇ بېرىشلىرى ۋاجىپ بولىدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلاردىن بولغان بىر كىشى ھۆججەتلەر بىلەن ئۇنىڭ يېرى ئۆشرى يەرلىكىنى ئىسپاتلىسا، ئۇ خىراج بەرمەيدۇ، لېكىن ئۆشرە بېرىش بىلەن كۇپايە قىلىدۇ.
ئەرەپ يېرىم ئارىلى، يەمەن، ھىندونېزىيە، جەنۇبىي - شەرقىي ئاسىيا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مىنتىقىلەر (رايونلار) ئۆشرى يەر ھېساپلىنىپ، خىراج لازىم ئەمەس. ئۇلارغا يەر ھوسۇلىدىن زاكات سۈپىتىدە ئۆشرى ۋاجىپ بولىدۇ.

## خىراج قويۇش تەرتىۋى

خىراج قويغاندا خەلىپە يەر ئۆلچەش، قىياس قىلىش، بەلگىلەش بارىسىدا بىلىملىك، تەجرىبىلىك شەخسلەرنى ئەۋەتىشى لازىم. خۇددى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئىراق ئەتراپىدىكى قىشلاقلاردىن خىراج ئېلىش ئۈچۈن ئەقىللىق بىر كىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەلگىلىگىنىگە ئوخشاش. ھەقىقەتتە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارغا شۇنداق دېدى: «ئەقىللىق، ئىشنى ئۆز ئورنىغا قويىدىغان ۋە كاپىرلارغا ئۇلار كۆتىرەلەيدىغان مىقدارنى قويالايدىغان كىم بار؟» ئۇلار ئوسمان ئىبىن ھەنىپنى كۆرسەتتى ۋە: «ئوسماننى بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق ئىشقا ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىدراك، ئەقىل ۋە تەجرىبىبار»، -دېيىشتى. كېيىن ئۆمەر ئوسمانغا ئىراق ئەتراپىدىكى قىشلاقلارنى ئۆلچەشنى تاپشۇردى. خىراج ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان كىشى يەرنىڭ ھالىتىنى، يەنى ھوسۇلى ياخشى ۋە كۆپ بولۇشىنى ياكى يەرنىڭ ھوسۇلى كەم بولىشىنى، بۇ يەرنىڭ ئاسمان سۈيى بىلەن ياكى بولاق ۋە قۇدۇق ياكى تورىبا ۋە ئۆستەڭ سۇلىرى بىلەن سۇغۇرىشىنى ۋە ئېقىن سۈيى بىلەن ياكى سۇ تارتقۇچى ئەسۋاپلار ياردىمىدە سۇغۇرۇلىشىنى ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم. چۈنكى بۇلارنىڭ سەرىپ - خىراجەتلىرى باراۋەر ئەمەس. يەنە زىرائەت ۋە زىرائەتچىلىك ھوسۇل بېرىدىغان مېۋىگە ئېتىبار قىلىنىشى لازىم. چۈنكى بەزى زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ باھاسى ۋە قىممىتى ئۈستۈن، بەزىسىنىڭ باھاسى ۋە قىممىتى بولسا ئەرزان بولىدۇ. ۋە يەرنىڭ جايلاشقان ئورنىغىمۇ دىققەت قىلىشى زۆرۈر. يەر شەھەرگە ۋە شەھەر بازىرىغا يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ، شەھەرگە يېتىش ۋە يەر مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا يەتكۈزۈشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان تەكشى يوللىرى بارمۇ ياكى تەكشى ئەمەسمۇ، شۇلارغىمۇ ئېتىبار بېرىشى شەرت. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يەرگە زۇلۇم قىلماسلىقى ۋە ئىمكانىيىتىدىن ئارتۇقچە يۈك يۈكلىمەسلىكى ئۈچۈن ئاساسى تەرەپلەردۇر.

ئۆمەر ئىبىن خەتتاپ ئوسمان ئىبىن ھەنىپ ۋە ھوزەيپە



ئىبىنىل يەمانى ئىراق ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ئۆلچەپ ۋە خىراج ئېلىپ قايتقاندىن كېيىن، شۇنداق دېدى: «يەرگە قانداق ھالدا خىراج قويدۇڭلار، ئېھتىمال ئادەملەرگە ئۇلار تاقەت قىلالمايدىغان نەرسىنى يۈكلىدىڭلار؟» «ھوزەيپە: «ئۇلارغا ئارتۇقچە يەر قويدۇم»، -دېدى. ئوسمان بولسا: «ئىككى باراۋەر ئارتۇق يەر قويدۇم، ئەگەر خالىسىڭىز قايتۇرۇۋالىمەن»، -دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەر ئىگىلىرىگە خۇددى زاكاتتا مېۋىنى بۇداشدا (يەنى تەخمىنەن ئۆلچەشتە) مېۋە ئىگىلىرىگە ئۈچتەن بىرى ياكى تۆتتەن بىر قىسمىنى قالدۇرۇشنى بۇيرۇپ: «چۈنكى مال (مېۋىلەرنى) ئۆتكۈنچى ئادەملەر يېيىشى، پىشماستىن تۆكۈلۈپ كېتىشى، مېۋىسى تىرىۋېلىنىدىغان دەرەخلەر بولۇشى مۇمكىن»، -دېگەنلىكىگە ئوخشاش يەر ئىگىلىرىگە كۆتۈلمىگەن مۇسىبەت ۋە ئاپەتلەر ئۈچۈن يان بېسىشقا رىئايە قىلىش لازىم بولىدۇ. خىراج يەرگە، زىرائەتكە ۋە مېۋىلەرگە قويۇلۇشى مۇمكىن. ئەگەر خىراج يەرگە قويۇلسا، خىراج قەمەرىيە يىل بىلەن ئېلىنىشى ئېتىبار قىلىنىدۇ. چۈنكى قەمەرىيە يىل شەرئەن زاكات، دىيەت، جىزيە ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ مۇددىتى ئۆلچىنىدىغان يىلدۇر. ئەگەر خىراج زىرائەت ۋە مېۋىلەرگە قويۇلسا، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئېتىبار قىلىنىدۇ. بۇ خىراج مۇددىتىنىڭ ئايلىنىشى بولىدۇ. خىراج نەقپۇل ياكى نەقپۇل ئورنىغا مېۋە بېرىشى، تەقسىملەنگەن ھالەتتە بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر خىراج نەقپۇل ياكى نەقپۇل، دانغا ياكى زىرائەت، مېۋىگە تەقسىملەنگەن ھالدا بولسا، ئەلۋەتتە، خىراج مۇددىتىنىڭ ئايلىنىشى زىرائەت ۋە مېۋە پىشىپ سېرىغتال بولغاندا بولىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە خىراج يەرگە تېرىلىدىغان

ئەرسىگە مۇۋاپىق، نەقپۇل بولىشى ئاسانراق .

## خىراجنىڭ مىقدارى

ئەلۋەتتە، يەرگە قويۇلىدىغان خىراج مىقدارىنى بەلگىلەش ئۈچۈن خىراج قويۇش كەيپىيىتىنى بىلگۈچى، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغانىدەك، مۇتەخەسسىسلەر زۆرۈر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ھۇزەيپە ئىبنى يەمانىي دىجلە ئارقىسىدىكى جايلارغا، ئوسمان ئىبنى ھەنىفنى كۇفەگە، فۇرات دەرياسى قىرغاقلىرىغا ئەۋەتتى ۋە ئىككىسى كۇفە ۋە بەسرە ئارىسىدىكى قىشلاق يەرلىرىنى ئۆلچىدى ۋە مۇمكىن بولغان خىراجنى بەلگىلىدى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشنى تەستىقلىدى. ئەمرى ئىبنى مايمۇنە رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ ئالدىدا ئىدىم ۋە ئالدىغا كېلىپ ئىبنى ھەنىپ سۆزلەشكە باشلىدى. بىز ھەنىپنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق: «الله بىلەن قەسەمكى، ھەربىر تاناپ يەرگە بىر دەرھەم ۋە قەرز (ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى) قويسىڭىز، بۇ خىراج يەرگە ئېغىر بولمايدۇ». مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيدىسسەقەپىي رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئىراق ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ ھەر بىر جەرىبىگە مۇنبەت يەر بولسۇن ياكى سۇ باسقان يەر بولسۇن - بىر دەرھەم ۋە قەرز قويدى ۋە بىدىنىڭ جەرىبىگە (يەنى بىدە تېرىلىدىغان بىر جەرىب يەرگە) بەش دەرھەم قويدى». شۇئبىي ئۆمەردىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۆمەر ئوسمان ئىبنى ھەنىپنى ئىراق ئەتراپىدىكى قىشلاقلارغا ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئارپىنىڭ جەرىبىغا ئىككى دەرھەم ۋە بۇغداينىڭ جەرىبىغا تۆت



دەرھەم شېكەر قومۇشىنىڭ جەرىبىغا ئالتە دىرھەم، خورما جەرىبىغا سەككىز دەرھەم ۋە ئۈزۈم جەرىبىغا ئون دىرھەم ۋە زەيتۇننىڭ جەرىبىغا ئون ئىككى دەرھەم قوغانلىقىنى زىكرى قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئوسمان ئىبنى ھەنىپ ئىراق يەرلىرىگە قويغان ۋە ئۆمەر تەستىقلىغان خىراج مىقدارى بىر خىل بولمىغان، بەلكى يەر ھالىتى، ۋە سۇغۇرۇلىشى ۋە تېرىلىدىغان نەرسىنىڭ تۈرىنى ھېساپقا ئالغان ھالدا تۈرلۈك ھەرخىل بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېرىلىدىغان مۇنبەت يەردىن، سۇ بېسىپ كەتكەن يەردىن، يەرنىڭ ئۆزىدىن ۋە زىرائەت مېۋىلەردىن سىپلىق ئالاتتى. خىراج مىقدارىنى نەقپۇل ۋە دان بىلەن بەلگىلىگەندى. بۇ بەلگىلەش تاقەت مىقدارىغا قاراپ بولغان ئىدى. بۇنىڭدا ئادالەتسىزلىك، سىپلىق مىقدارى يەر ئىگىلىرى تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە بولمىغان ئىدى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالغانلىرىنى يەر ئىگىلىرىگە تاپشۇرغان ئىدى. خىراج بەلگىلەش مۇئەييەن ۋاقىتتا ۋە ئىجتىھاد ئاساسىدا مۇمكىن بولىدۇ. خەلىفە ئۆز ئىجتىھادى، پىكرىگە مۇۋاپىق يەرنىڭ ھالىتىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ياكى تۆۋەن ھوسۇللۇق بولىشى، يەر ھالىتىنىڭ ياخشى ياكى خاراب بولىشى، يەرنى بۇزۇۋېتىدىغان ئاپاتلەر بىلەن بىكار قېلىشى، سۇنىڭ كۆپىيىپ-كېمىيىشى، توختاپ قېلىشى، ئاپەتلەر بولۇش-بولماسلىقى، نەرقىنىڭ كۆتىرىلىپ - چۈشۈشى بىلەن بولغان ئۆزگىرىشكە مۇۋاپىق مىقدارىنى ئاشۇرۇشى ياكى كەمەيتىشى جائىزدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىراج مىقدارىنى بەلگىلەشكە تەسىرى باردۇر ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەر ئېتىبارغا ئېلىنىشى لازىم. بەيتۇلمالغا ۋە يەرنىڭ ئىگىسىگە زۇلۇم بولماسلىقى ئۈچۈن

ۋاقتى-ۋاقتى بىلەن خىراج مىقدارى قايتىدىن بەلگىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك.

## خىراج سەرىپ قىلىنىدىغان ئورۇنلار

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ شام ۋە ئىراق يەرلىرىنى بۆلۈش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىش قىلغان كىشىلەر قىلغان گەپلىرى خىراج سەرپىلىنىدىغان ئورۇنلارنى روشەن ئاڭلىتىدۇ. ئاشۇ تالاش-تارتىشلاردا شۇنداق دېگەن: «ئەگەر يەرنى بۆلۈپ بەرسەم سىلەردىن كېيىن كېلىدىغانلارغا بىرەر نەرسە قالمايدۇ. مۇسۇلمانلارغا نېمە بولىدۇ؟ قارىمامسىلەر، يەر بۆلۈپ بېرىلگەن ۋە ئاتىلىرىدىن مىراس يەرگە ئىگە بولغان. بۇ توغرا پىكىر ئەمەس. چېگرالار نېمە بىلەن قوغدىلىدۇ؟ بۇ ئىراق، شام ۋە بۇلاردىن باشقا شەھەرلەردىكى گودەكلەرنىڭ ۋە تۇل ئاياللارنىڭ ھالى نەدە تۇرار؟».

مەسلىھەتلەشكەن ئەنسارىلارغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «يەرنى كاپىر ئىگىلىرى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشنى پىكىر قىلدىم ۋە ئۇلارغا ئۇ يەرگە خىراج بەلگىلەيمەن. ئۇلارغا خىراج قويىمەن، ئۇنى ئادا قىلىدۇ ۋە مۇسۇلمان جەڭچىلەرگە، پەرزەنتلىرىگە ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئولجا بولىدۇ. كۆرىۋاتامسىلەر، شام، جەزىرە، كۇفە، بەسرە ۋە مىسىرغا ئوخشاش كاتتا شەھەرلەرنى. ئۇلار ئەسكەرلەر بىلەن تەمىنلىنىشى ۋە ئەسكەرلەرگە دائىم مەبلەغ بېرىلىشى كېرەك. قايەردىن ئۇلارغا مەبلەغ بېرىلىدۇ؟ ئەگەر يەر ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرى بۆلۈپ بېرىلسە؟ كېيىن فەيئى ئايىتىنى ئوقۇپ شۇنداق دېدى:



والذين جاءوا من بعدهم

-«ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر»، (59:10)

بۇ ئايەت بارلىق ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ مالدا ھەققى بار. ئەگەر مەن تىرىك بولسام، بارلىق مۇسۇلمانلارغا سەرۋە ھىمىيەردىكىمۇ پىشانە تەرىسىز ھەققى يېتىپ كېلىدۇ».

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، خىراج جەمىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىدۇر ۋە دۆلەت بارلىق ھەممىسىنىڭ مەنپەئەتلىرى يولىدا سەرىپ قىلىنىدۇ ھەمدە دۆلەت خادىملىرىغا، ئەسكەرلەرگە ئىش ھەققى شۇ خىراجدىن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەسكەر تەييارلىنىدۇ، قۇراللار بىلەن قوراللىنىدۇ ھەمدە تۇل ئاياللار ۋە مۇھتاجلارغا سەرىپ قىلىنىدۇ، ئادەملەرنىڭ ھاجەتلىرى ئادا قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى باشقۇرۇلىدۇ. خىراجنى خەلىفە ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت بولىدىغان يولغا ئۆز ئىجتىھادى ۋە رەئيى بىلەن بەلگىلەيدۇ.

# ئۇزۇنلۇق، ھەجىم، كەمچەك ۋە ۋەزنىلەرنىڭ ئۆلچىمى

خىراجغا، جىزيەگە، زاكاتقا، خۇن تۆلەشكە، قول كېسىشكە (ئوغرىنىڭ قولىغا) ۋە كەپپاراتقا تەئەللۇق بولغان كۆپ شەرئى ھۆكۈملەرنى بىلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم دەۋرىدە پايدىلانغا ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ۋە ۋەزنىلەرنى بىلىش لازىم. ئاشۇ دەۋرىدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، شۇ دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ كۈيۈنچىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلمەيۋاتقان بولغاچقا ھازىرقى ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە سېلىشتۇرۇپ بىلىش بىر ئاز قىيىن مەسىلە.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئۆلچەملەرنى بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىۋاتقان ئۆلچەملەرگە بولغان نىسبەتلەرنى ئېنىق ۋە ئاسان شەكىلدە تەپسىر قىلىشقا كىرىشىمىز.

## ئۇزۇنلۇقلار ۋە مەيدانلار

جەرىب، مۇلۇكلەرنى (يەر مەيدانى ھەجمىنى) بەلگىلەشتە ۋە زىرائەت يەرلىرىنى ئۆلچەشتە قوللىنىدىغان ئاساسىي ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، شۇ ئاساستا خىراج مىقدارى بەلگىلىنەتتى. شۇئبىي ئېيتىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ سەۋاد (كۇفە ۋە بەسرە ئارىسىدىكى قىشلاقلار) يەرلىرىنى ئۆلچىدى، يەر مەيدانى ئوتتۇز



ئالتە جەرىبقا يەتتى». «سۇلتانى ئەھكاملار» دېگەن كىتاپدا شۇنداق دېيىلگەن: «بىر جەرىب مەيدان - توغرىسى ئون قەسەبە بولغان ئۇزۇنلىقى ئون قەسەبە بولغان يەر مەيدانىدۇر. قەپىز - توغرىسى ئون قەسەبە ئۇزۇنلىقى بىر قەسەبە بولغان مەيداندۇر ۋە بىر قەسەبە ئالتە زىرائدۇر. دېمەك، بىر جەرىب مەيدان ئۈچمىڭ ئالتەيۈز زىرائ بولىدۇ. بىر قەپىز ئۈچيۈز ئاتمىش زىرائدۇر ۋە ئۇ بىر جەرىب مەيداننىڭ ئوندىن بىرى بولىدۇ». جەئپەر ئىبنى قۇدامە پەرسەخ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر پەرسەخ - مەساپە زىرائ، يەنى ھاشىمى زىرائ بىلەن 9000 زىرائ بولىدۇ». قەلقەشەندى شۇنداق دەيدۇ: «ھاشىمىينىڭ زىرائى ئۇزۇنلىقى ئەسلى زىرائ بولغان قول زىرائىنىڭ بىر پۈتۈن ئۈچدەن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. (زىرائ - قول تىرساقىدىن بارماق ئۇچچىغىچەدۇر) قول زىرائى، ئوتتىھال ئىنساننىڭ ئالتە تۇتىمغا توغرا كېلىدۇ ۋە بىر تۇتام تۆت بارماقنىڭ توغرىسىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ تۆت بارماق، كۆرسەتكۈچ بارماق، ئوتتۇر بارماق، نامسىز بارماق ۋە چىمچىلەك بارماقدۇر. ھەر بىر بارماقنىڭ توغرىسى، ئالتەدانە ئارپىغا تەڭدۇر».

مۇسۇلمانلار تۆۋەندىكى ئۇزۇنلۇقلاردىن پايدىلانغان:

تۇتام - 4 بارماق.

زىرائ مۇرسەلى - 6 تۇتام ياكى 24 بارماق.

زىرائ ھاشىمى - 8 تۇتام ياكى 32 بارماق.

جەرىب - 10 قەسەبە × 10 قەسەبە.

ئون قەسەبە = 6 زىرائ × 10=60زىرائ.

شۇنداق قىلىپ، بىر جەرىب مەيدان بىر تەرەپىنىڭ ئۇزۇنلىقى زىرائ ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر جەرىب يەر مەيدانى =60زىرە × 60 زىرە = 3600 كۇۋادىرات زىرە ھاشىمى.

قەپىز = بىر جەرىب يەرنىڭ ئوندىن بىرى، يەنى 360 كۇۋادىرات زىرە ھاشىمى.

بۇ ئۇزۇنلۇقلارنىڭ ۋەقەسىنى مېترىر ياردىمىدە بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مەيدان ۋە ئۇزۇنلۇقلارنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق ئۆلچەمدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئوتتۇرىچە بارماقنىڭ توغرىسىنى (كەڭلىكىنى) سانتىمېتىر ياردىمىدە ئۆلچىۋالساق.

ھېساپ-كىتاپ قىلىشتىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئوتتۇرىچە بارماقنىڭ توغرىسى (يەنى كەڭلىكى) 1.925cm. گە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۆلچەملەرنىڭ ئۇزۇنلىقى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

بارماق = 1.925cm؛

تۇتام = 4بارماق × 1.925cm. دېمەك، تۇتامنىڭ ئۇزۇنلىقى 7.7cm.

زىرائى مۇرسەل = 24بارماق × 1.925cm. دېمەك، زىرائى مۇرسەلنىڭ ئۇزۇنلىقى 46.2cm.

زىرە ھاشىمى = 32 بارماق × 1.925cm. دېمەك، زىرە ھاشىمىنىڭ ئۇزۇنلىقى 61.6cm.

قەسەبە = 6 زىرە ھاشىمى × 61.6cm. دېمەك، قەسەبەنىڭ ئۇزۇنلىقى 3.696m.

ئون قەسەبە = 10×3.696m (قەسەبە ئۇزۇنلىقى) =36.96m.

دېمەك، بىر جەرىب مەيدان بىر تەرەپىنىڭ ئۇزۇنلىقى 36.96m.



بىر جەرىب يەر مەيدانى 36.96m×36.96m =1366m. Bk.

دېمەك، بىر جەرىب يەر 1366m. kB= ئىكەن.

دەنۇم بىلەن ھېساپلايدىغان بولساق، تەقرىبەن 1.3 دەنۇمغا يېقىن بولىدۇ.

بىر قەپىز يەر، بىر جەرىب يەرنىڭ ئوندىن بىرىدۇر، يەنى 136.6kbm.

بۇلار يەر مەيدانىنىڭ ئۆلچەملىرىگە نىسبەتەن ئېلىندى. ئەمما، مەساپە ئۇزۇنلىقىنىڭ ئۆلچەملىرىگە كەلسەك، ئۇلار: بەرىد، پەرسەخ ۋە مىلدۇر. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ مىقدارى زىرائى مۇرسەل بىلەن بەلگىلىنىدۇ. زىرائى مۇرسەل ئەسلى ۋە شەرئىي زىرائدۇر. زىرائى مۇرسەلنىڭ ئۇزۇنلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالتە تۇتام ياكى يىگىرمە تۆت بارماقتۇر، 46.2 cm. «سۇلتانىي ئەھكاملار» دېگەن كىتاپتا شۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر مىل مەساپەنىڭ ئۇزۇنلىقى تۆتمىڭ زىرائى مۇرسەلدۇر. يەقىي كىتاپلىرىدا، بىر پەرسەخنىڭ ئۇزۇنلىقى ئۈچ مىل ۋە بىر بەرىد مەساپەنىڭ ئۇزۇنلىقى تۆت پەرسەخ ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقلاشقان».

بۇ ئۆلچەملەر مىقدارى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، مەساپە ئۇزۇنلىقىنىڭ ئەڭ يەڭگىل ۋە ئېنىق مىقياسى دەپ ئېتىبار قىلىنىدىغان بۈگۈنكى كۈندە ئىستىمال قىلىنىۋاتقان كىلو مېتىر بىلەن بولسا، ھېساپ تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

زىرائى مۇرسەل =6تۇتام ياكى 24بارماق.

مىل = 4000زىرە مۇرسەل.

پەرسەخ = 3مىل.
بەرىد = 4پەرسەخ.
بۇلارنى مېتىر ياكى كىلومېتىر بىلەن ھېساپلىساق تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:
زىرائى مۇرسەل = 1.925cm×24 دېمەك زىرائى مۇرسەلنىڭ ئۇزۇنلىقى 46.2cm ئىكەن.
مىل = 4000 زىرائى مۇرسەل×46.2. دېمەك، بىر مىل مەساپەنىڭ ئۇزۇنلىقى 1848m ياكى 1.848km .
پەرسەخ = 3 مىل ×148m. دېمەك، بىر پەرسەخ مەساپەنىڭ ئۇزۇنلىقى 5544m ياكى 5.544km ئىمەن.
بەرىد = 4 پەرسەخ×5544m. دېمەك، بىر بەرىدمەساپەنىڭ ئۇزۇنلىقى 22176m ياكى 22.176km ئىكەن.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە نامازنى قەسرى قىلىدىغان مەساپە 16پەرسەخ ياكى 48مىلدۇر. كىلومېتىر ھېساۋىدا تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:
قەسىر مەساپىسى =88.704km=5544km×16 ياكى =88.704km= 1.848km×48 .

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيدانلار ۋە مەساپەلەر ئۇزۇنلىقىنى ئۆلچەش ئۈچۈن پەقەت ئالدىنقى دەۋرىدە قوللانغان ئۆلچەملەردىن پايدىلىنىش شەرئەن ۋاجىپ ئەمەس، چۈنكى ئۇ دەۋرىدىكى ئۆلچەملەر ھېساپ كىتاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلەر ئىدى، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشۇ دەۋرىدىكى ئۆلچەملەرنىمۇ، ھازىرقى دەۋرىدىكى ئۆلچەملەرنىمۇ ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ. مەلۇمكى، جەرىب، فارسىي ئۆلچەم ئىدى، پەددان بولسا مىسىردىكى ئۆلچەم بىرلىكى ئىدى.



ھازىرمۇ مىسىردا ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ كەلمەكتە. بىر پەددان مەيدان بىر جەرىب مەيداندىن پەرق قىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئىستىمال قىلىنىۋاتقان مېتىر، كىلومېتىر ۋە دانۇم ئۆلچەملىرى ئېنىق ۋە ئەڭ ئاسان ئۆلچەملەر دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەنۇم يەرنىڭ مەيدانىنى ئۆلچەيدىغان، مېتىر بولسا بىنا ۋە گەزلىمەلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ئېلىنىشىمۇ مۇمكىن. كىلومېتىر بولسا مەساپە ئۇزۇنلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىراج بەلگىلىگەن بىر جەرىب مەيدان (يۈزى)1366BKM ئىكەن ئۇنى دەنۇمغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، تەقرىبەن بىر پۈتۈن ئۈچدەن بىر دەنۇمغا يېقىن بولىدۇ، چۈنكى بىر دەنۇم مەيدان 1000KB مېتىردۇر.

## مىكيال ۋە ۋەزنىلەر

ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىي شۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىلىرىدە پىترى زاكىتى ئۈچۈن بىر سائائام ياكى ئارپا ياكى قۇرۇق ئۈزۈم ياكى پىشلاق چىقىراتتۇق». جابىر ئىبن ئابدۇللاھ شۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر سائسۇ بىلەن غۇسلى قىلاتتى ۋە بىر مۇد سۇ بىلەن تاھارەت ئالاتتى». ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى ھەدىسىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا باغلىغان ھالدا شۇنداق دەيد: «سەدىقە(زاكات) بەش ۋەسەقتىن كەم نەرسىگە يوقتۇر ۋە بىر ۋەسەق ئاتمىش مەختۇم بولىدۇ». يەنى ئاتمىش سائبولىدۇ، چۈنكى ھەسەن ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبن سىرىن ئۇ ئىككىسى شۇنداق دېدى: «بىر ۋەسەق ئاتمىش سائدۇر». شۇئبىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كەئبى ئىبن ئۇجرىگە شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قان قىلىدىغان مىلىڭ بارمۇ؟ كەئبى دېدى: «يوق». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ئۇنداق بولسا خالىساڭ ئۈچ كۈن روزا تۇت، خالىساڭ، ئالتە مىسكىنغا يېرىم سائدىن 3 سا'سەدىقە قىلغىن ۋە چېچىڭنى ئالدۇر». مۇھەممەد ئىبن ئابدۇللاھىس سەقەپىي شۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبن خەتتاپ ئىراق ئەتراپىدىكى بەسرە ۋە كۈپە ئارىسىدىكى قىشلاق ئەھلىگە، مۇنبەت بولغان ياكى مۇنبەت بولمىغان، ھەر بىر جەرىب بىر دەرھەم ۋە بىر قەپىز بەلگىلىدى». ئەبۇ ئۇبەيد «ماللار» ناملىق كىتابىدا شۇنداق دەيدۇ: «بىر سا'تۆت مۇد بولىدۇ ۋە بىر مۇد بىر پۈتۈن ئوندەن ئۈچ باغدات رەتلىگە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بىر سا'بەش پۈتۈن ئۈچدەن بىر رەتلى بولىدۇ ۋە بۇ مالىك ۋە ھىجاز ئەھلىنىڭ ئېيتقانلىرىدەك نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ سائلىرىدۇر».

كۆپلەپ ھەدىسلەرنى پۇقەھالار، ھەدىس شۇناسلار ۋە لۇغەت ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرىدە كەلگەن كەيلى ۋە ۋەزنلەرنى تەكشۈرۈشتىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، سا'ئىستىمال قىلىنغان بارلىق كەيلىلەر ئۈچۈن ئۆلچەم بىرلىكى ئىدى. بىر سا'تۆت مۇدقا ۋە بىر مۇد بىر پۈتۈن ئوندەن ئۈچ باغدات رەتلىگە توغرا كېلىدۇ. بىر باغدات رەتلى 128پۈتۈن 7/4 دىرھەمدۇر.

گىرام بولىدۇ ـ بۇ دەرھەم پۇل قەبىلىدىكى دەرھەم ئەمەس، چۈنكى پۇل قەبىلىدىكى شەرئىي كۈمۈش دىرھەمنىڭ ئېغىرلىقى



2.975 گىرام ـ ۋە بىر باغدات رەتلىنىڭ ئېغىرلىقى 408 گىرام بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مىكيال ۋە ۋەزنلەرنى، بۇغدايدىن گىرام ۋە كىلوگىرامغا نىسبەتەن مىقدارى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

مۇد ـ 1پۈتۈن 1/3 باغدات رەتلى.

مۇد ـ 408× 1پۈتۈن 1/3 = 544گىرام مۇد ۋەزنى.

دېمەك، مۇد، بۇغدايدىن 544گىرام.

سا'ـ 4مۇد كەمچەك.

سا'ـ 4×544 گىرام = 2176 گىرام ياكى 2.176 كىلوگىرام.

دېمەك بىر سا'بۇغداي ئېغىرلىغى 2.176 كىلوگىرامغا تەڭ كېلىدۇ.

قەپىز ـ 12 سا'كەمچەك.

قەپىز ـ 21×2176 گىرام = 26112 گىرام ياكى 26.112 كىلو گىرام بولىدۇ.

دېمەك، 1 قەپىز بۇغداي ئېغىرلىغى بۇيدايدىن 26112 گىرام ياكى 26.112 كىلو گىرام بولىدۇ.

ۋەسەق ـ 60 سا'كەمچەك.

2176×60 گىرام سا'ئېغىرلىغى = ياكى 130.56 كىلو گىرام.

دېمەك، بىر ۋەسەق بۇغداي ئېغىرلىغى 130560 گىرام ياكى 130.56 كىلو گىرامغا تەڭ كېلىدۇ.

بۇلاردىن تۆۋەندىكى نەرسىلەر روشەن بولىدۇ:

زاكاتنىڭ نىسابى بەش ۋەسەق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەش ۋەسەقنىڭ ئېغىرلىغى 652 كىلو گىرام. بۇغداي بولىدۇ.

خورما، پىشلاق، قۇرۇق ئۈزۈم ئېغىرلىقى بىر ساﺋبۇغداي ئېغىرلىقىدىن باشقىچە بولغانلىقى ئۈچۈن گەرچە خورما، پىشلاق، قۇرۇق ئۈزۈم زاكىتىنىڭ نىسابى بۇغداي نىسابى ئېغىرلىقىدىن باشقىچە بولىدۇ. چۈنكى ماددىلار كەمچەك - ئۆلچىمى باراۋەر بولسىمۇ ۋەزنى باراۋەر ئەمەس.

پىترى زاكىتى - بۇغدايدىن بىر ساﺋ2.176 بولىدۇ.

ئىبادەتلەر پىدىيەسى بۇغدايدىن 3 ساﺋبولغانلىقى ئۈچۈن، 3 سائىنىڭ ئېغىرلىقى - 6.5 كىلو گىرام بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئىراق يەرلىرىنىڭ بىر جەرىب يەرىگە دەرھەم بىلەن بىرگە خىراج قويغان قەپىزنىڭ ئېغىرلىقى بۇغدايدىن 26.112 كىلو گىرامغا تەڭ بولىشى روشەن بولىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ قويغان بىر دىرھەم، مىسقال ۋەزنى بىلەن 4.25 گىرام كۈمۈش بولىدىكەن. بىر جەرىب مەيدان 1.366 دەنۇمغا باراۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىر دەنۇمغا قويغان خىراج مىقدارى - 19.116 كىلو گىرام بۇغداي ۋە 3.11 گىرام كۈمۈش بولىدۇ.



## جىزيە

جىزيە كاپىرلارنىڭ ئىسلام ھۆكمىگە بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا تۆلەيدىغان سېلىقتۇر. مۇسۇلمانلارغا جىزيە بەرگەن كاپىرلارنى قوغدىماق ۋە ئۇلاردىن قولنى يىغىش لازىم بولىدۇ. شۇچاغدا بۇ قوغداش ۋە قولنى يىغىش ئارقىلىق ئۇلار تىنچ ۋە خاتىرجەم بولىدۇ. جىزيە ھەققىدىكى ئەسلى دەلىل اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر.

**قاتلوا الذين لايؤمنون بالله ولا باليوم الاخر ولايحرمون ماحرم الله ورسوله ولايدينون دين الحق من الذين اوتوا الكتاب حتي يعطوا الجزية عن يد وهم ساغرون ***

-«سىلەر ئەھلى كىتاپتىن اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى هارام قىلغان نەرسىلەرنى هارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار» (9:29).

## جىزيە كىملەردىن ئېلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئۆتكەن من الذين اوتوا الكتاب دېگەن ئايىتىنىڭ دەلىلى بىلەن جىزيە، يەھۇدى ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت بولغان ئەھلى كىتاپلاردىن ئېلىنىدۇ. بۇ يەھۇدى ۋە ناسارلار، ئەرەپ بولامدۇ ياكى ئەرەپ بولماي باشقا مىللەت بولامدۇ، باراۋەر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەمەن يەھۇدىلىرى ۋە نەجران

www.uyghurkitap.com

نەسارالىرىدىن جىزيە ئالغاندۇر. ئۇرۋە ئىبنىز زۇبەيرىدىن بولغان رىۋايەتتە ئېيتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەمەن ئەھلىگە شۇنداق دەپ خەت يازدى: «كىمكى يەھۇدىيلىقىدا ياكى نەسرانىيلىقىدا قالسا، دىنىدىن قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جىزيە تۆلەش ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىدۇ». ئىبنى شىھابدىن بولغان رىۋايەتتە ئېيتىدۇكى: «بىرىنچى بولۇپ جىزيە بەرگەن كىشىلەر نەجران ئەھلىدۇر. ئۇلار نەسرانى ئىدى». ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىرە نەسرانىلىرىدىن جىزيە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئەرەپ ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامنىڭ ئەرەپ ۋە ئەرەپ بولمىغان نەسرانىلىرىدىنمۇ جىزيە ئالغاندۇر.

ئەھلى كىتاپتىن تاشقىرى مەجۇس (ئوتقا سىغىنغۇچى) سابىئە (پەرىشتىگە سىغىنغۇچى) ۋە ھىندى ھەمدە كوممۇنىستلاردىن جىزيە ئېلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەجەر مەجۇسلىرىدىن جىزيە ئالغان ئىدى. ھەسەن ئىبنى مۇھەممەدتىن بولغان رىۋايەتتە ئېيتىلىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەجەر مەجۇسلىرىنى ئىسلامغا چاقىرىپ، شۇنداق دەپ خەت يازدى: «كىمكى ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، قوبۇل قىلىنىدۇ. كىمكى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭغا جىزيە ۋاجىپ بولىدۇ. مەجۇسلارنىڭ سويغان گۆشلىرى يېيىلمەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا ئۆيلىنىلمەيدۇ». ئىبنى شىھابدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەجەرمەجۇسلىرىدىن جىزيە ئالدى ۋە ئۆمەرمۇ پارس مەجۇسلىرىدىن جىزيە ئالدى ۋە ئوسمانمۇ بەربەرلەردىن جىزيە ئالدى». ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەجەر مەجۇسلىرىدىن جىزيە ئالغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگىچە



ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەجۇسلاردىن جىزيە ئېلىشتىن توختاپ تۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان: «مەجۇسلارغا ئەھلى كىتاپقا تۇتقان يولنى تۇتۇڭلار، پەقەتلا ئۇلار سويغان ماللىرىنى يېمەڭلار. ئاياللىرىغا ئۆيلەنمەڭلار».

ئەمما بۇددا سىغىنغۇچىلاردىن ئىبارەت بولغان ئەرەپلەرگە كەلسەك، ئۇلاردىن پەقەتلا ئىسلام قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرمىسە اللە تائالانىڭ بۇ سۆزلىرىگە بىنائەن جەڭ قىلىنىدۇ:

**فاقتلوا المشركىن حيث وجدتموهم ***

—«مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار». (5:9)

**ستدعون الي قوم اولي باس شديد تقاتلونهم او يسلمون ***

—«سىلەر جەڭگىۋار بىر قەۋم بىلەن (ئۇرۇشۇشقا) چاقىرىلىسىلەر، ياكى ئۇلار مۇسۇلمان بولىدۇ». (48:16)

بۇ ھىجرەتنىڭ توققۇزۇنچى يىلىدا، تەبۇك يولىدا بولغان ۋە شۇ يىلى ئەھلى كىتاپتىن جىزيە ئېلىش، بۇددا سىغىنغۇچى مۇشرىك ئەرەپلەرنى ئۆلتۈرۈشنى ۋاجىپ قىلغان «بەرائەت» سۈرىسى نازىل بولىدى. ھىجرەتنىڭ 10-يىلىدىن كېيىن بۇددا سىغىنغۇچى ئەرەپلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى توختىدى.

مۇسۇلمان بولۇپ كېيىن ئىسلامدىن قايتقان، يەنى، مۇرتەد بولغان شەخسلەر ياكى گورۇھلارغا كەلسەك، ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاقىلىكىگە قارىلىدۇ: ئەگەر ئۇلار مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولسا ۋە ئۆزلىرى مۇرتەد بولمىسا، ئۇلاردىن مۇرتەد بولغانلار، ئاتىلىرى ياكى ئاتىلىرىنىڭ

ئاتىلىرى ياكى چوڭ دادىلىرى ياكى چوڭ دادىلىرىنىڭ چوڭ دادىلىرى بولسا، ـ مەسىلەن، دۇرۇزلار، باھائىلار، ئىسمائىلىلار ھەمدە ئەلىنى ئىلاھ قىلىۋالغان نەسىرىيلارغا ئوخشاش ـ ئۇلارغا مۇرتەدلەر مۇئامىلىسى قىلىنمايدۇ. يەلكى، ئۇلارغا مەجۇس ۋە سابىئىلارغا قىلىنغاندەك مۇئامىلىدە بولۇپ، جىزيە ۋاجىپ قىلىنىدۇ. سويغان ماللىرى يېيىلمەيدۇ، ئاياللىرىغا ئۆيلىنىلمەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئىسلامنى يېڭىلاپ، ئىسلامغا يېڭىدىن كىرسە، ئۇ ھالدا ئۇلارغا مۇسۇلمانلار ھۆكمى جارى بولىدۇ.

ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىسلامدىن قايتسا، يەنى، يەھۇدىي ياكى نەسرانىي دىنىغا ياكى كوممۇنىزمغا ياكى ئىسلامنى الله ھۇزۇرىدىن كەلگەن دىن ئىكەنلىكىنى ھەمدە مۇھەممەد اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان، ياكى ئىسلامنى تەدبىق قىلىش ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان، كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلار، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بەزىسىنى ئىنكار قىلىدىغان پىكىرگە قايتسا، ئۇلارغا توغرىدىن ـ توغرا ئۇلارغا مۇرتەدلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

جىزيە بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق كىشىلەردىن ئېلىنىدۇ. كىچىك بالىدىن، ساراڭدىن ھەمدە ئايال كىشىدىن ئېلىنمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا بالاغەت يېشىغا يەتكەن ھەر بىر كىشىدىن بىر دىنار ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنلارنىڭ ئەمىرىگە شۇنداق دەپ خەت يازدى: «جىزيەنى ئاياللارۋە كىچىك بالىلارغا لازىم قىلىپ قويماڭلار. جىزيەنى پەقەتلا ئۇستىرا ئىشلىتىدىغان كىشىلەردىن ئېلىش لازىم. يەنى، بالاغەتكە يەتكەن



كىشىلەردىن». كىچىك بالا بالاغەتكە يەتسە ياكى ساراڭ ساقايسا، ئۇنىڭغا جىزيە ۋاجىپ بولىدۇ. كىچىك بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ياكى ساراڭنىڭ ئوڭلىنىشى قەۋمىنىڭ جىزيە بېرىش يىلى بېشىدا بولسا قەۋمى بىلەن ئاشۇ يىلنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن جىزيە بېرىدۇ. ئەگەر جىزيە بېرىش يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بالاغەتكە يەتسە ياكى ئوڭشالسا، ئۇنىڭ جىزيە بېرىش يىلى قەۋمىنىڭ جىزيە بېرىش يىلى بىلەن بىر خىل تەرتىپدە بولىشى ۋە ھەر بىر كىشىگە خاس يىل بولماسلىقى ئۈچۈن ئۆز ئۈلۈشىنى قەۋمى بىلەن بىرگە بېرىدۇ. جىزيە مۇناستىرخانىدىكى راھىبلارغا ۋە چىركاۋدىكى پوپلارغا يەنى، مۇناخلارغىمۇ ۋاجىپدۇر. خۇددى شۇنىڭدەك، باي ئەھلىدىن بولسا كېسەللەرگە ۋە كورلارغا ھەمدە قېرىلارغىمۇ ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى جىزيە توغرىسىدا كەلگەن ئايەت، ھەدىسلەر، ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇمۇمىي بولۇپ، ئۇلارنى ئىستىسنا قىلىپ، ئايرىيدىغان خاس (يەنى ئايەت ۋە ھەدىس) مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر ئۇلار سەدىقە ئالىدىغان دەرىجىدە پەقىر بولسا، ئۇلاردىن جىزيە ساقىت بولىدۇ ۋە ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلار جىزيە بېرىشكە قادىر ئەمەستۇر. ئايەت شۇنداق دەيدۇ:

**لايكلف الله نفسا الا وسعها**

ـ«الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ».
(2:256)

ئۇمەر ئىبنى خەتتاپتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى زىممىي بىر قەرىنىڭ ئادەملەر ئىشىكى ئالدىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «سېنى بۇنىڭغا نېمە مەجبۇر قىلدى» ، ـ دېدى. شۇۋاقىتتا ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز سەندىن

www.uyghurkitap.com

يىگىتلىك ۋاقتىڭدا جىزيە ئېلىپ يېشىڭ چوڭايغاندا بىز سېنى زار قىلغان بولساق ئىنساپ قىلماپتىمىز»، دەپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئوزۇق-تۈلۈك بەردى. كېيىن قىرىيەنىڭ بەيتۇلمالىنىڭ خەزىنىچىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن جىزيەنى بىكار قىلىشنى، بەيتۇلمالدىن ئۇنىڭغا مال بېرىشنى بۇيرىدى.

## جىزيە قاچان ساقىت بولىدۇ؟

ئىسلامغا كىرىش بىلەن جىزيە ساقىت بولىدۇ. كىمكى ئىسلامغا كىرسە، تۆلەيدىغان جىزيەسى ساقىت بولىدۇ. مەيلى يىلىنىڭ بېشىدا، يېرىمىدا، ئاخىرىدا ياكى تۈگىگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولسۇن، الله تائالانىڭ ئۇشبۇ سۆزى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا مۇتلەق ھېچنەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ:

قل للذين كفروا ان ينتهوا يغفر لهم ما قد سلف

—«(ئى مۇھەممەد) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».(8:38)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئىبنى ئابباس شۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ: «مۇسلىمغا جىزيە ۋاجىپ ئەمەس». جىزيە كۇفرىنىڭ سەۋەبىدىندۇر، ئۇنى ئىسلام ساقىت قىلىدۇ. جىزيە ئىسلام بىلەن بىرەر كۆرۈنۈشتە جەملەنمەيدۇ. زادى ئىسلام ئۆزىدىن ئالدىنقى شىرىك، كۇفرى، گۇناھلارنى بىكار قىلىدىكەن، قانداق قىلىپ جىزيە ۋە ئۇنىڭ خارلىقىنى بىكار قىلمىسۇن؟ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۇشبۇ سۆزلەر رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىسلام ئۆزىدىن ئالدىنقى نەرسىلەرنى بىكار قىلىپ تاشلايدۇ». مەسرۇقتىن رىۋايەت



قىلىنىدۇكى، ئەجەم (ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتتىكى ئادەم)لەردىن بىرى ئىسلامغا كىردى. ئۇنىڭدىن جىزيە ئېلىندى. شۇ ۋاقىتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىلىرىغا كېلىپ شۇنداق دېدى: «ئى ئەمىرۇل مۆئمىنىن، مەن ئىسلامغا كىردىم». ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بەلكى، سەن ساقلىنىش ئۈچۈن كىرگەندۇرسەن؟»، دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ: «ئىسلامدا مېنى ساقلايدىغان نەرسە يوقمۇ؟»، -دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بار»، -دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن جىزيە ئېلىنماسلىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا خەت يېزىپ بەردى.

جىزيە تۆلەيدىغان شەخس، جىزيە تۆلەش يىلى ئۆتمەستىن ئۆلسە، ئۆلۈمى بىلەن جىزيە ساقىت قىلىنمايدۇ. چۈنكى جىزيە ئۇنىڭغا ۋاجىپ ۋە قەرز بولغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مىراستىن قالغان قەرزلىرىگە ئوخشاش، جىزيەنىمۇ تۆلەش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ تاشلاپ كەتكەن مىراسى بولمىسا، جىزيە ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ. مىراسخورلىرىغا ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۆلگەن ئادەم پەقىر، مۇھتاجنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

زىممىي ئەھلىدىن جىزيە ۋاجىپ بولغان بىرەر كىشىنىڭ جىزيەسى كېچۈرۈم قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر كەچۈرۈش ئەمەس، ئېلىشنى ۋاجىپ قىلدى. كەچۈرۈش توغرىسىدا ھەدىس كەلگەن كىشىنىڭكىنىلا كەچۈرۈلىدۇ. ئەگەر بىر زىممىي ئىسلام قوشۇنىغا ئەسكەر بولۇپ كىرسە، مۇسۇلمانلار قاتارىدا كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلسا ياكى ۋەزىپە يۈكلەنسە، ئۇ كاپىر ئىكەن بۇ ئىشلار ئۇنىڭدىن جىزيەنى ساقىت قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ قوشۇنغا قوشۇلغىنىغا ياكى ۋەزىپىسىگە قارىتا مائاش ئالىدۇ.

زىممىي ئەھلىنىڭ دىنلىرى ۋە گورۋەھلىرىغا قارىتا، ھەممىسىگە خاس تىزىملاش دەپتىرى تۇتۇلىدۇ. ئۇ تىزىملاش دەپتىرىدە كىشىلەرنىڭ تىزىملىكتە ئاجرىتىلغان خاس ئورنى بولۇپ، زىممىيلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، يېشى، ۋاپاتى ھەمدە مالىيە ھالىتى، مەلۇماتلار تىزىملىنىدۇ. جىزيەنىڭ بەلگىلىنىشى شۇنىڭغا ئاساسلىنىدۇ. زىممىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ تىزىملىك دەپتىرىگە تىزىملانمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تىزىملىكى ئۆزلىرىگە خاس يۈرگۈزۈلىدۇ.

## جىزيەنىڭ مىقدارى

پەرز قىلىنغان جىزيەنىڭ مىقدارى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىفىلەر دەۋرىدە بىر خىل بولماي، بەلكى، بىر ئورۇندا باشقىچە، ئىككىنچى ئورۇندا باشقىچە بولغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقتىدا، زىممىي ئەھلىدىن ئىبارەت بولغان بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر كىشىدىن بىر دىنار ياكى بىر دىنارغا بارابىرىدىكى ماتا ئېلىشنى بۇيرىغان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام ۋە مىسىر ئەھلىنىڭ بايلىرىغا تۆت دىنار، ئوتتۇرھال ئادەملەرگە ئىككى دىنار، كەسىپ قىلىدىغان پەقىرغا بىر دىنارنى بەلگىلىدى. شۇنىڭدەك، جىزيەدىن ئاشقىرى قوشۇننى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش ۋە مۇسۇلمانلارنى مېھمان قىلىشنى بەلگىلىدى. ئىراق ئەھلىنىڭ بايلىرىغا قىرىق سەككىز دىرھەم، ئوتتۇرھال ئادەملەرگە يىگىرمە تۆت دىرھەم، كەسىپ قىلىدىغان كەمبەغەلگە ئون ئىككى دەرھەم بېرىشنى يۈكلىدى. بەنۇ تەغلىب ناسرانىيلىرى



جىزيە بېرىش ۋاجىب بولىدىغان ۋاقىتتا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىزيەنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ قويدى. نۇئمان ئىبنى زۇرائەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى بەنۇ تەغلىب ناسرانىيلىرى ھەققىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىلەن كېڭەشتى. ئۆمەر بەنۇ تەغلىب قەبىلىسىدىن جىزيە ئېلىشنى مەقسەت قىلغاندا ئۇلار شەھەرلەرگە تارقاپ كەتتى. نۇئمان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتتىدۇكى: «ئى مۇئمىنلار ئەمىرى، بەنۇ تەغلىب ئەرەپ قەۋمىدۇر، ئۇلار جىزيە بېرىشنى ئار دەپ بىلىدۇ ئۇلار پەقەت زىرائەت ۋە چارۋا ئىگىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىشى بار. ئۆزىڭىزنىڭ زەرەرىڭىزگە ئۇلار سەۋەبىدىن دۈشمىنىڭىزگە ياردەم بېرىپ قويماڭ». ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن سەدىقە (يەنى، زاكاتنى) ئىككى باراۋەر قىلىپ بېرىش ھەققىدە سۈلھى تۈزدى».

سەھەۋل بۇخارىدا ئەبۇ نىجاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «مەن مۇجاھىدقا نېمە ئۈچۈن سىلىق، شام ئەھلىگە تۆت دىنار، يەمەن ئەھلىگە بىر دىنار قىلىپ بەلگىلەنگەن؟» ، ـ دېگەن ئىدىم، ئۇ: «بۇ نەرسە ئۇلارنىڭ بايلىق دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلەنگەن» ، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زىممىيلارغا بەلگىلەپ بەرگەن دىنارلارنى بۈرۈنقى كۈندە تىللا ئۈچۈن ئۆلچەم بىرلىكى دەپ ئېتىبار قىلىنغان گىرام بىلەن بەلگىلەش توۋەندىكىچە بولىدۇ:

www.uyghurkitap.com

| | دىنار | دىنارنىڭ گىرامى | ئالتۇن گىرامى |
|---|---|---|---|
| باي | 4× | =4.25 | 17.00 گىرام. |
| ئورتىھال | 2× | =4.25 | 8.50 گىرام. |
| كەسىپ قىلىدىغان | 1× | =4.25 | 4.25 گىرام. |
| كەمبەغەل: | | | |

شۇنىڭدىن ئېنىق بىلىنىدۇكى، جىزيەنىڭ مىقدارى بىرخىل ئەمەس ھەمدە زاكات نىساپلىرىغا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىش جائىز بولمىغان ھەد بىلەن چېگرىلانمىغان. بەلكى، بۇ مىقدارنى بەلگىلەش، خەلىپىنىڭ رەئيىگە ۋە ئىجتىھادىغا تاشلانغاندۇر. خەلىپە زىممىيلارغا مەشەققەت كەلتۈرمەيدىغان، تاقىتىدىن ئۇشۇقنى يۈكلىمەيدىغان دەرىجىدىكى، مىقدارنى بەلگىلەشتە بايلىق ۋە كەمبەغەللىك تەرەپلىرىگە رىئايە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، مىقدارنى بەلگىلەشتە بەيتۇلمالغا زىيان يەتمەسلىكىنى، زىممىيلار ئۈستىدىكى مالدىن بەيتۇلمالنى مەھرۇم قىلماسلىقمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بايلىق، ئورتىھاللىق، پەقىرلىق دەرىجىلىرىنى بەلگىلەشتە ئۆرپكە ھەمدە شۇ ھەقتە بىلىملىك، تەجرىبىلىك كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. خەلىپە بايلار، ئورتىھاللار، پەقىرلار ئارىسىنى ئايرىتىش ئۈچۈن ھەمدە ئۇلارغا خاس دەرىجىلەرنى بەلگىلەش ئۈچۈن بايمۇ، ئورتىھالمۇ، كەسىپ قىلىدىغان پېقىرمۇ قۇربى يېتىدىغان مىقدارنى بىلىش ئۈچۈن، بىلىملىك، تەجرىبىلىك شەخسلەرنى بەلگىلەيدۇ. بۇ بەلگىلەش خەلىپىنىڭ رەئيى ۋە ئىجتىھادى بىلەن جىزيە مىقدارىنى بەلگىلەش



زىممىيلارنى ئورنىتىپ قويمايدىغان. تاقەتلىرىدىن ئۇشۇق نەرسىنى ئۇلارغا يۈكلىمەيدىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بەيتۇلمالغا زىيان يەتمەيدىغان ۋە بەيتۇلمال ھەققىنى كېمەيتىپ قويمايدىغان دەرىجىدە بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ.

## جىزيەنىڭ تولۇق ئېلىنىش ۋاقتى

جىزيەنىڭ ۋاقتى يىلنىڭ كىرىشى بىلەن بولىدۇ. جىزيە يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدۇ. جىزيە ئېلىش ۋاقتىنى 1-مۇھەررەمدىن باشلاپ زۇلھەججىنىڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە تەئيىن قىلىشقا بولىدۇ، شۇ چاغدا كېلەركى يىلنىڭ مۇھەررەم ئېيى كەلگۈنچە جىزيە تولۇق قىلىپ ئېلىنغان بولىدۇ. جىزيەنى تولۇق قىلىپ ئېلىشقا ۋەدە قىلىشقان ۋاقىت كېلىپ يىلنىڭ ئاخىرى ئۈچ ئاي: شاۋۋال، زۇلقەئدە، زۇلھەججە ئايلىرىنى تەئيىن قىلىش مۇمكىن. ئەنە شۇچاغدا ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس بولماي، بارلىق كىشىلەرگە بېشى ۋە ئاخىرى چەكلەنگەن جىزيە تۆلەش ۋاقتى بولىدۇ. بۇ بولسا ئېنىقلىقنى ھاسىل قىلىپ ئېلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

جىزيەنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن، جىزيە ئىدارىسىدىكى فەيئى ۋە خىراج دىۋانلىرىدىن خاس خىزمەتچىلەر بەلگىلىنىپ، ئۇلارغا خاس قىسىم ئايرىتىلىدۇ. بۇلارنىڭ مائاشلىرى زىممىيلاردىن ئەمەس، بەيتۇلمالدىن بېرىلىدۇ.

جىزيە يىغىدىغان شەخسلەرگە بېرىلىدىغان مىقداردىن زىيادە بولغان نەرسىنى جازا كۈچى بىلەن ئېلىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى زىيادە (يەنى ئارتۇق قىلىپ ئېلىش)

زۇلۇمدۇر، زۇلۇم بولسا، قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتتۇر. يىققۇچىلارنىڭ زىيادە قىلىپ ئېلىشى خىيانەتتۇر خىيانەتنىڭ جايى دوزاختۇر. شۇنىڭدەك، جىزىيە يىققۇچىلار جىزىيە ئېلىش ۋاقتىدا ئۇرۇش ياكى ئازابلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قايتۇرغان. ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ شامدىن قايتقانلىرىدا، شام كوچىلىرىنىڭ بىرىدە قۇياش ئاستىغا تۇرغۇزۇلۇپ، بېشىدىن ياغ قۇيىلىۋاتقان قەۋمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۆمەر: «نېمە ئۈچۈن بۇ ھالەتلەر؟» ، -دەپ سورىغان ئىدى، ئۇلار: «ئۇلار ئۈستىدىكى جىزيەنى تۆلىمىدى، تاكى تۆلىمىگىچە ئازابلىنىدۇ» ، - دېيىشتى. شۇچاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇلار جىزىيە توغرىسىدا نېمە دەۋاتىدۇ، نېمە ئۆزرە ئېيتىۋاتىدۇ؟» -دېگەندە، «تاپالمايمىز، دېيىشىۋاتىدۇ» ، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قويۇپ بېرىڭلار ئۇلارغا تاقەتلىرىدىن ئارتۇق نەرسىنى يۈكلىمەڭلار. چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئادەملەرنى ئازابلىماڭلار، دۇنيادا ئادەملەرنى ئازابلىغان كىشىلەرنى، قىيامەتتە ئەلۋەتتە، الله تائالا ئازاپلايدۇ» . ئۆمەر ئۇلارنى ئازات قىلىۋېتىشقا بۇيرىدى ۋە زىممىيلار ئازات قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەمنى زىممىيلاردىن جىزىيە ئېلىشقا بەلگىلىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ ئىدا قىلدى. «ئاگاھ بولۇڭكى كىمكى بىرەر زىممىي بولغان كىشىگە قەستەن زۇلۇم قىلسا، ياكى تاقىتىدىن ئارتۇق نەرسىنى يۈكلىسە ياكى شەرىپىنى بۇلغىسا، ياكى خاھىشى (يەنى رازىلىقىسىز)



بىرەر نەرسىنى ئالسا، قىيامەت كۈنى ئۇ بىلەن مەن ھۆججەتلىشىمەن» .

زىممىيلاردىن كىمكى جىزيە تۆلەشكە قادىر ئەمەسلىكىنى (يەنى پەقىرلىقىنى) دەۋا قىلسا، كەمبەغەللىكىنى ئىسپاتلاش بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسپاتلىسا، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىسپاتلىيالمىسا ۋە سوزۇپ يۈرگەنلىك بولسا، تاكى جىزيە بەرگىنىگە قەدەر قاماق ئېلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قەرزنى بەرمەي سوزۇپ يۈرگەن كىشىنى قامىغان. جىزيە بىر-بىرىگە قوشۇلمايدۇ. ئەگەر جىزيە بېرىلمەستىن ئىككى يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپراق يىل ئۆتسە، ئۇ ئىككى يىل بىر-بىرىگە قوشۇلمايدۇ. خۇددى بارلىق قەرزلارنى تۆلەش ۋاجىب بولغاندەك، ھەممە جىزيەنى تۆلەش ۋاجىپ بولىدۇ. جىزيەنى ئادا قىلىش ئۈچۈن زىممىينىڭ ماتاسى (ئۆي جاھازلىرى) سېتىلمايدۇ.

جىزيەدە پەقەتلا ئالتۇن، كۈمۈش بەلگىلەنمەيدۇ. جىزيە ئالتۇن، كۈمۈش ھەمدە ئۇلاردىن باشقا ماتالار ياكى ھايۋانلار بولىشىمۇ جائىز بولىدۇ. شۇنىڭدەك، جىزيەنى قىممەتكە سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان نەرسىنى ئالسىمۇ بولىدۇ. مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتىش توغرىسىدىكى ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئازغا زىممىيلاردىن بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر كىشىدىن بىر دىنار ياكى ئۇنىڭ باراۋىرىدىكى كىيىم ئېلىشنى بۇيرىغانلىرى كەلگەندۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھ نەجران ئەھلى بىلەن 2000 دانە تونغا سۈلھى قىلغاندۇر. ئۇلار ئۇنىڭ يېرىمىنى سەپەر ئېيىدا، قالغان يېرىمىنى رەجەپ ئېيىدا بەرگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىنار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرھەمنىڭ ئورنىغا جىزىيەدە، چارۋا دان ئالاتتى. باشقا خەلىپىلەرمۇ خۇددى شۇنداق يول تۇتقان. شۇنداق بۇگۈنكى كۈندە جىزىيەنى تولۇق ئېلىش ۋە ساقلاش ھەمدە تەقسىملەشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جىزىيەنى مۇئامىلىدە يۈرگەن پۇللاردىن قىلىش جائىز بولىدۇ.

## جىزىيەنىڭ سەرپ قىلىنىدىغان ئورنى

جىزىيەنىڭ سەرپ قىلىنىدىغان ئورنى خىراج، ئۆشرە، ئولجا ماللىرىدەك ئىكەنلىكىدە مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمىدى. بۇ بەيتۇلمالغا قويۇلىدۇ. خەلىپە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ھاجەتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشتە ئىجتىھادى ۋە رەئيى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە جىھاد يولىدا ئىشلىتىدۇ.



# جامائەت مۈلكى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئاممىۋى مۈلكى ـ بۇ شارىئ مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ مۈلكى قىلغان، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئومۇمىي قىلغان، شەخسلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنى مۇباھ قىلغان، ئۇنىڭغا شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك قىلىشىنى توسقان نەرسىلەردۇر.

بۇ نەرسىلەر ئۈچلام ئاساسىي تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) جامائەت كۈندىلىك ھاياتى بىھاجەت بولمايدىغان قولايلىقلار.

2) ئۇنىڭ تەبىئىتى، شەخسلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىگىلىك قىلىشىنى توسىدىغان نەرسىلەر.

3) تۈگىمەس كان بايلىقلىرى.

مانا شۇ ئۈچ ئاساسىي تۈر ۋە بۇ ئۈچتىن چىققان پايدىلار، مۇسۇلمانلار جامائەسى ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدا ئومۇمىي مۈلۈك بولىدۇ. بۇ مۈلۈك، خەلىپە شەرئىي ئەھكامغا مۇۋاپىق ئۆز ئىجتىھادى بىلەن تارقىتىدىغان، مۇسۇلمانلار بەيتۇلمالىنىڭ مەنبەلىرىدىندۇر.

## ئاممىۋى مۈلۈكلەرنىڭ بىرىنچى تۈرى

بۇ مۈلۈك جامائەتنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ بولمىسا، جامائەت تارقاپ

كېتىدىغان. ئومۇمىي هايات قۇلايلىقلىرىدۇر. دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ قۇلايلىقلار سۈپىتىنى ئۇنىڭغا تەئەللۇق ھەدىسلاردا ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەندۇر. ئەبۇ خۇراشتىن، ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسهابىلىرىدىن بەزىسى ئەبۇ خەرراش رىۋايىتىدە ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتى، مۇسۇلمانلار ئۈچ نەرسىدە: سۇدا، يەيلاقتا، ئوتتا شېرىكتۇر». باشقا رىۋايەتتە بولسا: «ئىنسانلار ئۈچ نەرسىدە: سۇدا، ئوتتا، يەيلاقتا شېرىكتۇر». يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «مۇسۇلمان ـ مۇسۇلماننىڭ بۇرادىرىدۇر، ھەر ئىككىلىسىگە ـ سۇ، دەرەخ ئومۇمىي بولىدۇ». ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بولسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى: «سۇ، ئوت، يەيلاق مەنئى قىلىنمايدۇ». بۇ ھەدىسلاردىكى سۇ، ئوت، يەيلاق رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە مۇباھ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى ئىدى. بۇ نەرسىلەردە ئۇلارنى شېرىك قىلىپ، بۇلاردىن بىرەرسىنى ئۆزىنىڭكى قىلىۋېلىشنى مەنئى قىلدى. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى ئىدى. قەۋم ئۆز سەپەرلىرىدە الله ھايۋانلار ئۈچۈن ئۆستۈرۈپ قويغان، بىرەر كىشى ھەيدەپ، تىكىپ، سۇغىرىپ، مېھنەت قىلمىغان ئۆسۈملۈكلىرى بار يەرگە چۈشىدۇ. بۇ ئۈچ نەرسە ـ ئالدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭكىدۇر. بىرەر كىشى باشقىلارسىز ئۆزى خاس ئىگىلىك قىلالمايدۇ، لېكىن بۇ نەرسىلەردە ئىنسانلارنىڭ تۆگە، كالا، قويلىرى بىرلىكتە ئوتلايدۇ، سۇغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بۇ نەرسىلەردە ئىنسانلار شېرىكتۇر.



ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بىز شەكلى يەقەتلا ھەدىسلاردا زىكرى قىلىنغان ئۈچ نەرسىدە چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى، جامائەت قۇلايلىقلىرى دېگەن سۈپەتكە ئىگە بولغان ھەممە نەرسىگە تەئەللۇقتۇر. بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئىنسانلار ئۈچ نەرسىدە: سۇدا، يەيلاقتا، ئوتتا شېرىكتۇر» دېگەن ۋاقتىدا، خەيبەر ۋە تائىپتا بەزى شەخسلەر ئۈچۈن ئۆزلىرى ئىچكەن، ھايۋانلىرىنى، باغلىرىنى سۇغارغان ھالەتتە سۇغا شەخسى ئىگىلىك قىلىشنى ئەستىقلىدى ۋە بۇ شەخسلەرنىڭ قۇدۇقلىرىغا ئىگىلىك قىلىشتىن توسمىدى. بۇ قۇدۇقلار كىچىككىنە بولۇپ، جامائەتنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشمەيتتى. بۇ ئىككى ھەدىسنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش بىلەن ئېنىق بولىدۇكى، جامائەت ھاجىتى چۈشكەن سۇ جامائەت مۈلكى بولىدۇ ۋە شەخس مۈلكى بولۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر سۇ ئازغىنە بولۇپ، جامائەتنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولسا، شەخسىي مۈلۈك بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىگىلىك قىلىشى جائىز بولىدۇ. بۇ نەرسىلەرگە ئىنسانلار ئېھتىياجىنىڭ ئۆلچىمى جامائەت ئۇنىڭدىن كۈندىلىك ھاياتىدا بىھاجەت بولالماسلىقى ۋە قەبىلىلەر سۇ بولمىسا ياكى پادىلىرىغا ئوتلاق بولمىسا تارقاپ كەتكىنىدەك، ئۇنىڭ تەلمۈيدە تارقىلىپ كېتىشىدۇر. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت ھاجىتى چۈشىدىغان ۋە جامائەت ئۆزىنى كۈندىلىك ھاياتىدا ئۇ سىز ياشىيالمايدىغان ۋە ئۇ بولمىسا، تارقىلىپ كېتىدىغان ھەر بىر نەرسە ئامما مۈلكىدۇر.

ئامما مۈلكىنىڭ بۇ تۈرىگە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار (قۇراللار) مۇ قوشۇلىدۇ. چۈنكى ئەسۋابلار بۇ تۈرنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ ۋە بۇ تۈرگە ئوخشاش ئومۇمىي مۈلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن ئۇمۇمىي سۇلارنى، يەرنى، بولاق، قۇدۇق، ئۆستەڭ، كۆللەر سۇ چىقىرىش ئەسۋاپلىرى، بۇ سۇلارنى تارتىش ئەسۋاپلىرى ۋە ئىنسان مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ بېرىش توربالىرى ئاممىنىڭ مۈلكىدۇر. لېكىن بۇ ئەسۋاپلار نىل ياكى يۇرات دەريالىرىدەك چوڭ دەريا ۋە كۆللەرگە ئورنىتىلسا بۇ ئەسۋاپلار شەخسىي مۈلۈك بولۇشى مۇمكىن ۋە ئۇنىڭدىن شەخسىي ئېھتىياجىدا پايدىلىنىش جائىزدۇر.

قانال ۋە دەريالاردەك ئۇمۇمىي سۇلارنىڭ شارقىراتمىسىدىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئەسۋاپلىرىمۇ ئاممىنىڭ مۈلكىدۇر بۇ ئەسۋاپلار ئاممىنىڭ مۈلكى بولغان نەرسىلەردىن توكنى ھاسىل قىلىنىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدەك، ئېلېكتىر پەيدا قىلىش ئەسۋاپلىرى، ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى ۋە سىملىرى، سىم تاناپ تۈرۈكلىرى، گەرچە ئېلېكتىرنى گېنېراتورلار ياردىمىدە پەيدا قىلسىمۇ، ئاممىنىڭ مۈلكىدۇر. چۈنكى ئەگەر ئېلېكتىر توكى كۆپ بولسىمۇ، يېقىلغۇ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەردىن بولسا، يارىتىشمۇ يېقىلغۇغا تەۋە بولغان ھالدا، ئېلېكتىر توكى تائام پۇشۇرۇش، ئىسسىتىش، ياكى كارخانا ئەسۋاپلىرىنى ئايلاندۇرۇش ياكى مەئدەنلەرنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنىگە ئوخشاش بۇ ھالدا ئېلېكتىرتوكى - ئوت بولىدۇ. ئوت بولسا، ئاممىۋى مۈلكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتىن پەيدا بولغان نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىستانسىلىرى، ئەسۋاپلىرى، سىم تۈرۈكلىرى سىملىرى، ئوتقا تەۋە ھالدا ئاممىنىڭ مۈلكىدۇر.

ئەگەر بۇ ئەسۋاپلار ئۇمۇمىي يولغا ئورنىتىلسا، مەيلى يېقىلغۇ سۈپىتىدە ئىشلىتىلسۇن، ياكى يورۇتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلسۇن ئاممىۋى مۈلكىدۇر. چۈنكى ئۇمۇمىي يولنىڭ بىرەر



نەرسىسىنى بىرەر شەخس ياكى بىرەر شىركەت ئۆزىنىڭ خاس قىلىۋېلىشى جائىز ئەمەستۇر. ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئىگىلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىنغاندۇر. ئاممىنىڭ مۈلكىنى قورۇقچا ئايلاندۇرۇش پەقەتلا دۆلەت ئۈچۈن جائىزدۇر. ئەمما ئېلېكتىر توكى گېنېراتور ئارقىلىق ئېلىنسا، گېنېراتورلار ۋە ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئۇمۇمىي يولغا قويۇلمىسا، ئۆز ئىگىلىرىنىڭ مۈلكىگە ئورنىتىلسا، بۇ ئاسۋاپ-ئۈسكىنىلەر - شەخسىي مۈلۈك بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شەخسىي ئىگىلىك قىلىش جائىزدۇر.

گاز ۋە تاشكۆمۈر ئاممىۋى مۈلكى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلارغا تەۋە ھالدا، گاز ۋە تاشكۆمۈر ئىشلەپ چىقارغۇچى كارخانىلار، زاۋۇتلار ئاممىۋى مۈلكى بولۇشى جائىزدۇر. گاز ۋە تاشكۆمۈرزور مەئدەنلەردىن ۋە ئوتتىندۇر. زور مەئدەنلەر ۋە ئوت بولسا ئاممىۋى مۈلكىدۇر.

## جامائەت مۈلكىنىڭ ئىككىنچى تۈرى

بۇ تۈر ئۆزىنىڭ تەبىئى تۈزۈلىشى شەخسلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىگىلىك قىلىشىنى مەنئى قىلىدىغان مۇئەييەن نەرسىلەردۇر. ئۇنىڭ بۇ تۈرى گەرچە ئاۋۋالقى تۈرگە ئوخشاش جامائەت قۇلايلىقلىرىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەلىللىرى ئىچىگە كىرسىمۇ، لېكىن بۇ تۈرنىڭ تۈزۈلۈش تەبىئىتى ئاۋۋالقى تۈرنىڭ ئەكسى شەخسلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىگىلىك قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى ئاۋۋالقى تۈرنىڭ تۈزۈلۈش تەبىئىتى شەخسلەرنىڭ بۇ تۈرگە خاسلىشىنى مەنئى قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت ھاجەتلىرى چۈشىدىغان كىچىك قۇدۇقلار - شەخسىي مۈلۈك قىلىپ

بېرىلىدۇ.

ئاۋۋالقى تۈرگە كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردىن تاشقىرى بۇ تۈرنىڭ جامائەت مۈلكىدىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «مىنا ـ ئالدىن بارغان كىشىنىڭ مەنزىلگاھىدۇر»، -دېگەنلىرىدۇر. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائەت يول مۈلۈكچىلىكىدە ئۆز-ئارا شېرىكلىكنى ئەستىقلاشلىرى بىرەر شەخسنىڭ جامائەت يولىغا ئىگىلىك قىلىشىغا ئىجازەت بەرمەسلىكىدۇر. مىنا مەككە مۇكەررەمە تاشقىرىسىدىكى بىر ماكان. بۇ جايدا ھاجىملار تاش ئېتىش ۋە قۇربانلىقلارنى سويۇش، قونۇش (كېچىسى يېتىش) قا ئوخشاش مۇئەييەن ئىبادەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئاراپاتتا تۇرۇشنى بېجا قىلغاندىن كېيىن، ھاجىلار چۈشىدىغان جاي. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «مىنا ـ ئالدىن بارغان كىشىنىڭ مەنزىلگاھىدۇر»، -دېگەنلىرىنىڭ مەنىسى «مىنا ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە مۈلۈكتۇر. مىنادىكى بىرەر ماكانغا كىم ئالدىن بارسا ۋە جايلاشسا ئاشۇ جاي ئۇنىڭدۇر. چۈنكى مىنا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇشتەرەكتۇر. بىرەر كىشى ئۈچۈن مۈلۈك ئەمەستۇر»، -دەپ چۈشۈنىش كېرەك. جامائەت يولىمۇ شۇنىڭدەكتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار يولدا شېرىك ئىكەنلىكلىرىنى ۋە بارچىنىڭ بۇ يولدىن ئۆتۈش ھەقلىقلىكىنى ئەستىقلىدى ۋە يولدىن ئازار بەرگۈچى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشنى سەدىقە قىلىش ئورنىدا دەپ ھېساپلىدى. ھەدىستا: «يولدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇش سەدىقەدۇر»، -دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يولدا ئولتۇرۇشتىن توستى ۋە ئېيتتى: «سىلەر يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار». چۈنكى يولدا ئولتۇرۇش



ئىنسانلارنىڭ ئۆتۈشىنى توسۇپ قىيىنلاشتۇرىدۇ.

مىنا ۋەقەسى ۋە جامائەت يولى ۋەقەسىگە نەزەر قىلغان كىشى ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى شەخسلەر ئۇلارغا ئىگىلىك قىلىشىنىڭ مەنئى قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھاجىلار ھەج ئىبادەتلىرىنىڭ بەزىسىنى بېجىرىش ئۈچۈن مىناغا چۈشىدۇ. مىنانىڭ تۈزۈلۈش تەبىئىتى، ئۇنى بارچە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەج ئىبادەتلىرىنى بېجىرىش ئورنى ئىكەنلىكى جەھەتتىن، مۇئەييەن بىر شەخس ياكى بىر نەچچە شەخسلەرگە خاسلىشىنى مەنئى قىلىدۇ. ئاراپات، مۇزدەلىفە ھەم مىناغا ئوخشاش. يولمۇ شۇنىڭدەك ھەممە خەلق ئۈچۈن ۋە ھەممىنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر. بىرەر شەخس ياكى شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك قىلىشقا ھەققى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىنا ۋە يول ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر، تۈزۈلۈش تەبىئىتى، شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىك قىلىشىنى مەنئى قىلىدىغان ھەر قانداق مۇئەييەن نەرسىگە مۇۋاپىقتۇر. ئۇلار جامائەت مۈلكى بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا دېڭىزلار، دەريالار ۋە ئۆستەڭلەر، كۆللەر، دېڭىز قولتۇقى، بوغۇزلار، سۇۋەيش قانىلىغا ئوخشاش ئومۇمىي قاناللار، ئومۇمىي مەيدانلار، مەسجىدلەر جامائەت مۈلكى بولىدۇ.

جامائەت مۈلكىنىڭ بۇ تۈرگە پويىزلار، تىراموۋاي، ئېلېكتىر سىم تۈۋرۈكلىرى، سۇ تورۇبىلىرى، جامائەت يولىدىن ئۆتكەن كانازىلىيە تورۇبىلىرى ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى جامائەت مۈلكى بولىدۇ. بىرەر كىشى ئۈچۈن جامائەت مۈلكى بولغان بىرەر نەرسىگە ئىگىلىك قىلىشى ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «قورۇقخانا قىلىش پەقەت اللە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈندۇر» ، -دېگەن. يەنى دۆلەتكە خاستۇر. ھەدىسنىڭ مەنىسى بىر-بىر كىشى ئىنسانلار ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن قورۇق يەرگە ئايلاندۇرۇۋېلىشى جائىز ئەمەس. پويىز، تىرامۋاي، ئېلېكتىر سىم تۈۋرۈكلىرى، سۇ تورۇبىلىرى، جامائەت يولىدىن ئۆتكەن كانازىلىيە تورۇبىلىرىنى جامائەت مۈلكىگە ئايلاندۇرغان نەرسە - ئۇلارنىڭ دائىمى رەۋىشتە جامائەت يولىدىن بىر قىسمىنى ئىگەللىۋالغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر قورۇق قىلىنغان نەرسىلەرگە ئايلاندى. قورۇق قىلىش بولسا پەقەت دۆلەتكە جائىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدىكى نەرسىلەر جامائەت مۈلكى بولىدۇ.

## جامائەت مۈلكىنىڭ ئۈچۈنچى تۈرى

بۇ تۈر ئۇللۇق توختاپ قالمايدىغان كانلاردۇر. بىراق، مىقدارى ئاز كانلار شەخسى مۈلۈك بولسا بولىدۇ. خۇددى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلال ئىبنى ھارىسىل مۇزەنىغا ھىجازنىڭ پەرئ دېگەن ئورۇندىكى كىچىك كانلارنى مۈلۈك قىلىپ بەرگىنىدەك. بىلال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن بۇ كاننى مۈلۈك قىلىپ بېرىشنى سورىغاندا رەۋلىسۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ كاننى ئاجرىتىپ مۈلۈك قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، تىجارى بولمىغان ئاز مىقدردىكى مەۋجۇت ئالتۇن ۋە كۈمۈش كانلىرى شەخسى مۈلۈك بولىدۇ ۋە بۇلارغا شەخسلەر ئىگىلىك قىلىشى جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، دۆلەت تەرىپىدىن شەخسلەرگە ئاجرىتىپ بېرىشمۇ جائىزدۇر. شەخسلەر بۇ كانلاردىن چىقىرىپ ئالغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىشىدىن



قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ بەشتىن بىرىنى بەيتۇلمالغا بېرىشى لازىم.

ئەمما مىقدارى تۈگىمەس كانلار بارچە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جامائەت مۈلكى بولىدۇ. بۇ كانلارغا شەخسلەر ياكى ئۇلارنىڭ بىر شەخسىنىڭ ئىگىلىك قىلىشى ياكى شەخس ۋە شەخسلەرگە ئاجرىتىپ بېرىشى جائىز ئەمەس. شۇنىڭدەك، شەخسلەرگە ياكى شىركەتلەرگە بۇ كانلارنى قېزىپ ئېلىش ئىشلىرىدا ئىمتىياز بېرىشمۇ جائىز ئەمەستۇر. ئۇلار مۇشتەرەك مۈلۈك بولۇپ قېلىشى، دۆلەت بۇ كانلارنى قېزىپ ئېلىشى، ئايرىشى ۋە ئېرىتىشى مۇسۇلمانلاردىن نائىب بولغان ھالەتتە سېتىشى ۋە پۇلىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالىغا قويۇشى لازىم بولىدۇ. بۇ كانلار تۇز ، سۈرمىگە ئوخشاش مەشەققەتسىز ئېلىنىدىغان ئوچۇق ھالەتتە بولامدۇ ياكى ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، قەلەي، كەرەمنىي، ئۇران، فوسفورت، ۋە باشقا كانلارغا ئوخشاش پەقەتلا مەشەققەت بىلەن چىقىرىۋېلىنىدىغان يەر ئاستى كانلىرى بولامدۇ - بۇلار ئارىسىدا پەرق يوقتۇر.

مىقدارى چەكسىز كانلارنىڭ جامائەت مۈلكى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ئەبيەز ئىبنى ھەممال مازىنىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس: «ئەبيەز ئىبنى ھەممال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن مەئرەپ دېگەن جايدىكى تۇز كېنىنى بېرىشنى سورىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە بۇ تۇز كاننى ئاجرىتىپ بەردى. ئۇ كېتىپ، يا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا يا رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭغا ئاجرىتىپ بەرگەن نەرسەڭنى بىلەمسەن؟ ئۇنىڭغا چوڭ تۇز كېنىنى ئاجرىتىپ بەردىڭىز، دېيىلگەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كاننى ئەلمازىنىدىن قايتۇرىۋالدى» . رەسۇلۇللاھنىڭ ئەبيەز ئىبنى ھەممالدىن ئۇنىڭغا ئاجرىتىپ

بېرىلگەن كان ئۆلسىز كان ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىشى، مىقدارى چەكسىز كانلارنىڭ شەخسى بولۇشى جائىز ئەمەسلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى بۇ كانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن مۈلۈكتۇر. گەپ پەقەت تۇز ھەققىدە ئەمەس، تۆرلۈك قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق كانغا تەئەللۇقتۇر. لېكىن جامائەت مۈلكى بولىشىنىڭ شەرتى تۈگىمەس بولىشىدۇر.

ئۆزۈلمەيدىغان ئۆللۈق كانلار بارلىق پۇقرالار ئۈچۈن جامائەت مۈلكى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتكە بۇ مۈلۈكلارنى شەخسلەرگە بېرىشى ۋە شىركەتلەر بۇ كانلارنى ئۆز ھېساۋىغا چىقىرىۋېلىشىغا رۇخسەت بېرىشى جائىز ئەمەس. بەلكى بۇ كانلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتىدە مۇسۇلمانلار نامىدىن دۆلەتنىڭ ئۆزى چىقىرىپ ئېلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئۇلاردىن چىقىرىۋېلىنغان بارلىق نەرسىلەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جامائەت مۈلكى بولىدۇ.

كانلارنى قېزىش ئۈچۈن ئەسۋاپ-ئۈسكىنىلەر، زاۋۇتلار زۆرۈر. دۆلەت بۇ ئىشلارنى ئۆز تەسەررۇپىدىكى ياكى جامائەت مۈلكىگە تېگىشلىك بولغان ئەسۋاپ ۋە زاۋۇتلار ياكى ياللانغان شەخسلەر ياكى شەخسلەر ئىگە بولغان ئەسۋاپلار ياردىمىدە بېجىرىدۇ.

ئەگەر دۆلەت بۇ كانلارنى دۆلەت ئۆزى ئىگە بولغان ئەسۋاپ ۋە زاۋۇتلار ياردىمىدە چىقىرىپ ئالسا، بۇ زاۋۇت ئەسۋاپلار دۆلەت مۈلكىلىكىچە قېلىشى ياكى جامائەت مۈلكىگە ئايلاندۇرۇلىشىمۇ جائىزدۇر. بۇ ئەسۋاب ۋە زاۋۇتلار كانلار ھۆكمىدە بولىشى ئۈچۈن جامائەت مۈلكى بولۇپ قېلىشى ئەۋزەلدۇر. بۇ ھۆكۈم،



يەنى ئەسۋاپ ۋە زاۋۇتلار، جامائەت مۈلكى بولىشىنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بىلەن: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھاراق توغرىسىدا ئون تائىپىغا لەنەت قىلدى: شۇلاردىن ھاراق ئىشلەپ چىقارغۇچى ۋە ئىشلىگۈچى. ئىبنى ئۇمەر رىۋايەت قىلغان ھەدىس: «ھاراق ئون كۆرۈنىشى بىلەن لەنەت قىلىنىدۇ: ھاراق - ھاراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىچكۈچى، قۇيۇپ بەرگۈچى، ساتقۇچى، سېتىپ ئالغۇچى، ئىشلەتكۈچى، ئىشلىگۈچى... لەنەت قىلىنىدۇ»، - دېيىلگەن. ھەدىستىن ئېلىنغان ھاراقنىڭ ھاراملىقىغا مۇۋاپىق ھاراق ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ھاراق زاۋۇتلىرىغا ئىگىلىك قىلىشنىڭ ھاراملىقى دەلىلى كېلىپ چىقتى. بۇ ھاراق ھەققىدىكى ھەدىسلەر ئۈزۈمنى ھاراق قىلىش مەقسىتىدە سىقىشنى ۋە ھاراق ئىشلەپ چىقىشنى ھارام قىلدى، ھاراقتىن باشقا نەرسە ئۈچۈن ئۈزۈمنى سىقىش مۇباھدۇر. ئۈزۈمنى ئەينەن ھاراق ئېلىش ئۈچۈن سىقىش ھارامدۇر. شۇ سەۋەپتىن ھارام ئىشلەپ چىقىش ھارام قىلىنىدۇ ۋە ھاراق ئىشلەپ چىقىرىشقا مۇۋاپىق ھاراق ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتلارغا ئىگىلىك قىلىشمۇ ھارام قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن دۆلەت ئۆزۈلۈپ قالمايدىغان كانلارنى چىقىرىپ ئېلىش ئۈچۈن ئىگە بولغان ئەسۋاپ ۋە زاۋۇتلارنىڭ جامائەت مۈلكى بولىشى كانلارنىڭ جامائەت مۈلكى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسۋاپ ۋە زاۋۇتلارنىڭ پۇللىرى جامائەت مۈلكى كىرىملىرىدىن ھېساپلىنىدۇ.

ئەمما دۆلەت بۇ كانلارنى ياللانغان شەخسلەرگە ھەق تۆلەش بىلەن ياكى شەخسلەر ئىگىلىك قىلىۋاتقان ئەسۋاپلار بىلەن قېزىپ ئېلىشقا كەلسەك، بۇ ئەسۋاپ ۋە زاۋۇتلارنى شەخسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۈلۈك ئىكەنلىكى ئېتىبارى بىلەن، شەخسىي مۈلۈك بولۇپ قالىدۇ. ھەقىقەتتە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شەخسلەر ئۈچۈن زاۋۇتلار ۋە ئەسۋاپلارغا شەخسىي مۈلۈك سۈپىتىدە ئىگىلىك قىلىشنى تەستىقلىغاندۇر ۋە ساھابىلار ئالدىدا ئۇلار مۇنبەر ۋە ئۈزۈكلىرىنى ياساتتى.

لېكىن، بۇ ئەسۋاپ زاۋۇتلارنىڭ شەخسلەرگە مۈلۈك بولىشى ئىنسانلارغا ئەسۋاپلار بىلەن كاتتا كانلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قېزىپ ئېلىشتا ئىشلىتىشنى مۇباھ قىلمايدۇ. چۈنكى كانلار بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۈلۈكتۇر. مۇسۇلمانلاردىن بىرەر كىشى بۇ كانلارغا يالغۇز ئۆزى ئىگىلىك قىلىشى جائىز بولمايدۇ. بۇنداق ئەسۋاپلارنى دۆلەت كانلارنى قېزىشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىجارىگە. مەلۇم ھەق باراۋىرىگە ئېلىشى جائىز. دۆلەت كانلاردىن چىقىرىپ ئالغان بارلىق نەرسىلەر، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جامائەت مۈلكى بولىدۇ. چىقىرىپ ئېلىنغان نەرسىلەردىن چۈشكەن دارامەت جامائەت مۈلكى دىۋانىدىكى بەيتۇلمالغا قويۇلىدۇ. بۇلار گەرچە بارلىق مۇسۇلمانلار مۈلكى بولسىمۇ بەيتۇلمال كىرىملار ساقلىنىدىغان ئورۇندۇر.

شۇلار ئۈچۈن ئۈزۈلمەيدىغان كانلار ۋە نېفىت چىقىرىش ئەسۋاپلىرى ۋە زاۋۇتلار شەخسلەر ياكى شىركەتلەر مۈلكى بولغىنىدەك دۆلەتنىڭ ۋە جامائەت مۈلكى بولىشى جائىزدۇر.

## جامائەت مۈلكى بولغان نەرسە ۋە ئۇلارنىڭ كىرىملىرىدىن پايدىلىنىش قائىدىلىرى

جامائەت مۈلكىنىڭ مۇئەييەن نەرسىلىرى ۋە كىرىملىرى



بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇشتەرەك بولغان مۈلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر پۇقرانىڭ بۇنىڭدىن ۋە كىرىملىرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى باردۇر. بۇ شەخسلەر ئەر بولامدۇ ياكى ئايال بولامدۇ، چوڭ بولامدۇ ياكى كىچىك بولامدۇ، سالىھ بولامدۇ ياكى سالىھ بولمامدۇ پەرقى يوق.

جامائەت مۈلكىنىڭ نەق نەرسىلىرى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەيپىيىتىدە باراۋەر ئەمەس. جامائەت مۈلكىنىڭ بەزىسىدىن ۋاسىتىسىز ياكى ۋاسىتە بىلەن پايدىلىنىش ئوڭاي بولىدۇ، بەزىسىدىن ئوڭاي بولمايدۇ.

بىرىنچى قىسىم: سۇ، ئوت-چۆپ، ئوت، ئومۇمىي يوللار، دېڭىزلار، دەريا، كۆللەر، كاتتا قاناللار، شەخسنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە سۇ، ئوت-چۆپ، ئوتتىن پايدىلىنىشى، قۇدۇق ۋە بۇلاق، دەريالاردىن سۇ ئىچىشى ۋە بۇلاردىن سۇ ئېلىشى، ئۆز ماللىرىنى سۇغۇرىشى ۋە ئوت-چۆپلەردە چارۋاللىرىنى بېقىشى، ئورماندىن ئوتۇن تېپىشى.

شەخسىي يەر ۋە دەرەخلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن چوڭ دەرياغا ئۆزى سۇ تارتىش جاھازلىرىنى ئورناتسا بولىدۇ. چۈنكى چوڭ دەريا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە يېتەرلىكتۇر. شەخس ئۆز ئەسۋاپلىرىنى ئورنىتىشى بىرەر مۇسۇلمانغا زەرەر بەرمەيدۇ. ھەر بىر شەخس ئومۇمىي يولدىن، دېڭىزدىن، دەريالاردىن، سۈۋەيش قانىلىدەك ئومۇمىي قانالاردىن پايدىلىنىشى جائىز بولغىنىغا ئوخشاش، شەخس جامائەت يولىدىن ئۆزى ياكى ھايۋانلىرى ۋە ماشىنىسى بىلەنمۇ ئۆتىشى جائىزدۇر. دېڭىز، دەريا ۋە ئومۇمىي قانالاردىن ئۆزىنىڭ مىنىدىغان نەرسىسى، كېمىلىرى بىلەن بىسىپ ئۆتۈشى جائىزدۇر. چۈنكى بۇ بىرەر مۇسۇلمانغا زەرەر

بەرمەيدۇ.

جامائەت مۈلكىنىڭ ئىككىنچى قىسمى بىۋاسىتە پايدىلىنىش ئۇڭاي بولماي، مەشەققەت ۋە ئەمگەك قىلىدىغان قىسىمدۇر. ئۇلار نېفىت، گاز كانلىرىغا ئوخشاش مەشەققەت ۋە ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە دۆلەت مۇسۇلمانلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ كاننى قېزىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ ۋە كىرىملىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالىغا قويىدۇ. خەلىپە ئىجتىھادىغا مۇۋاپىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بۇ كانلار مەھسۇلاتىنى ۋە كىرىملىرىنى تارقىتىدۇ.

جامائەت مۈلكى مەھسۇلاتلىرىنى ۋە كىرىملىرىنى تارقىتىشدا خەلىپە تۆۋەندىكىچە يول تۇتسا بولىدۇ.

بىرىنچى: ئۇمۇمىي مۈلۈككە تەئەللۇق نەرسىلەرگە سەرىپ قىلىنىدۇ:

1) جامائەت مۈلكى دىۋانىغا، بىنالىرىغا، ئىدارە تىزىملىكىگە، تەكشۈرگۈچىلەرگە ۋە ئىشچىلىرىغا؛

2) مەسلىھەتچىلەرگە، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە نېفىت، گاز كانلىرىنى قېزىپ، ئېچىپ، بۇلارنى ئىشلەپ چىقىرىش، قايتا ئىشلەشتە ۋە سۇنى چىقىرىپ يەتكۈزۈشتە ۋە ئېلېكتىر ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئۇنى يەتكۈزۈشتە خىزمەت قىلغۇچى ئىشچىلارغا؛

3) ئەسۋاپ - ئۈسكىنە، زاۋۇتلارنى ۋە نېفىت، گاز چىقىرىپ، تازىلاش ئۈچۈن ۋە كانلارنى چىقىرىپ، تازىلاپ، ئىستېمالغا يارامىلىق قىلىش ئۈچۈن لازىم بولغان نەقلىيات ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ھەمدە جامائەت مۈلكىنىڭ مۇئەييەن نەرسىلىرىنى قايتا ئىشلەپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن لازىم بولغان ئەسۋاپ-ئۈسكىنە زاۋۇتلارغا؛



4) سۇنى چىقىرىپ تارقاتقۇچى ئەسۋاپلارغا، سۇ يەتكۈزۈش تورۇبىلىرىغا؛

5) توك چىقارغۇچى گېنېراتورلارغا، ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىغا، ئۇلارنىڭ سىم تۈۋرۈك ۋە سىملىرىغا؛

6) پويىزلار ۋە تىرامۋايلارغا؛

بۇ سەرپىياتلارنىڭ ھەممىسى جامائەت مۈلكىگە ۋە جامائەت مۈلكى ئىدارىلىرىگە ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قايتا ئىشلەشكە تەئەللۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ بارلىق ھەممىسىگە جامائەت مۈلكى كىرىملىرىدىن سەرىپ قىلىنىدۇ، خۇددى، زاكات سەدىقەلىرىنى يىغقۇچى ئامىللارغا سەدىقە ماللىرىدىن سەرپلىنىشىگە ئوخشاش. (زاكات سەرىپ قىلىنىدىغان سەككىز تائىپىنىڭ بىرى - ئامىللار، يەنى زاكات يىققۇچىلاردۇر). ھەقىقەتتە، الله ئامىللارغا، يەنى، سەدىقە يىققۇچىلارغا سەدىقەت يىغىش باراۋىرىگە سەدىقىدىن نەسىۋە بېرىلىدۇ.

والعاملين عليها

-«سەدىقە يىققۇچىلارغا». (9:60)

ئىككىنچى: ئۇمۇمىي مۈلۈكنى ۋە ئۇنىڭ كىرىملىرىگە ئىگە بولغان مۇسۇلمانلارغا تارقىتىش: بۇنىڭدا خەلىپە مۇئەييەن شەكىل بىلەن چەكلەنمەيدۇ. خەلىپە سۇ، ئېلېكتىر، نېفىت، گازغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئۆز ئۆيلىرىدە، بازارلاردا مۇھتاج بولغان نەرسىلەرنىڭ بارچىسىنى پۇلسىز تارقىتىشى جائىزدۇر. خەلىپە مۇسۇلمانلارغا جامائەت مۈلكى پايدىلىرىنىڭ نەقپۇل پايدىلىرىنى تارقىتىشى جائىز بولغىنىغا ئوخشاش، نەق جامائەت مۈلكىنى ئۆز تەننەرقىگە ياكى بازار نەرقى بىلەن سېتىشىمۇ

www.uyghurkitap.com

جائىزدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە خەلىفە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت بار دېگەن رەئىيى ئاساسىدا ئىش يۈرگۈزىدۇ.

ئۈچۈنچى: بۈگۈنكى كۈندە، دۆلەت مەسئۇلىيىتى كېڭىيىپ، سەرپىياتلىرىمۇ زىيادەلاشقاندىن كېيىن، دۆلەت سەرپ - خىراجەتلىرى كۆپىيىپ، كەتكەنلىكى ۋە بەيتۇلمال كىرىملىرىدىن بولىشى ئولجا، جىزيە، خىراج، ئۆشرە، خۇمۇسلار دۆلەتنىڭ سەرپ-خىراجەتلىرىنى قاندۇرۇلمىغانلىقى سەۋەبىدىن. خۇددى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىن بارلىق خەلىفىلەرنىڭ دەۋرلىرىدە بولغىنىغا ئوخشاش، ھايات ۋاستىلىرى مەدەنىي شەكىللەر، خۇسۇسەن، ھەربىي قورال-ياراقلارغا تەئەللۇق نەرسىلەر كۈچلۈك تەرەققى قىلدى. بۇ زور سەرپ-خىراجەتنى تەلەپ قىلىشى تەبىئى. شۇ سەۋەبتىن دۆلەت ئۈچۈن بەيتۇلمالدا مال بولغان ۋە بولمىغان ھالدا بەيتۇل مال زىممىسىدىكى، بەيتۇلمالدا مال بولمىغاندا مۇسۇلمانلار بېرىشى ۋاجىپ بولغان سەرپىيەرنى تولدۇرۇشقا قادىر بولىدىغان باشقا مەنبە لازىمدۇر. بەيتۇلمالغا سەرپىيەش ۋاجىپ بولغان سەرپىيەر، دۆلەت ئىدارە ۋە دىۋانلىرى، يەنى مۇئەسسەلىرى خىراجىتى. ھاكىملارنىڭ ئايلىق ھەقلىرى، ھەربىيلەرنىڭ ئوزۇق - تەمىناتى، ئىشچىلار ئايلىقلىرىغا ئوخشاش ۋە ئۇممەت ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان، ئۇنىڭ يوقلىقى سەۋەبىدىن ئۇممەتكە زەرەر يېتىدىغان سۇنى تولۇقلاش، يول ياساش، مەدرىسە ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار، مەسجىد ۋە شىپاخانىلارغا، مۇسۇلمانلارغا، يېتىملەرگە، كۈچلۈك ئارمىيە تەييارلاشقا ۋە الله تائالانىڭ سۆزىگە جاۋابەن:

**واعدوا لهم ما استطعتم من رباط الخيل ترهبون به عدو الله**



**وعدوكم واخرين من دونهم لا تعلمونهم الله يعلمهم ***

-«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ». (8:60)

جىھادا تەلەپ قىلىدىغان ئاتوم، راكېتا، ئايرۇپىلان، تانكا ئىستىھكام، كېمە ۋە باشقا تەرەققى قىلغان قوراللارنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئېغىر سانائەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىش تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى سەرپ-خىراجەت ئۈچۈن زور مەبلەغكە مۇھتاج بولىدۇ. بۇ تەرەپلەرگە سەرپىنى قارىتىش ئۈچۈن خەلىفىنىڭ ئالدىدا پۇتۇھاتلاردىن (جىھاد يولى بىلەن شەھەرلەرنى ئېلىش) كېلىدىغان نەرسىلەردىن تاشقىرى ئۈچ يول بار.

1) ئەجنەبىي دۆلەتلەردىن ۋە خەلقئارا مالىيە مۇئەسسەلىرىدىن قەرز ئېلىش؛

2) نېفىت ۋە گاز كانلىرىغا ئوخشاش بەزى جامائە مۈلكىنىڭ مۇئەييەن نەرسىلىرىنى ساقلاپ قېلىش؛

3) ئۇممەتكە سېلىق سېلىش؛

ئەجنەبىي دۆلەتلىرىدىن ۋە خەلقئارا مالىيە مۇئەسسەلىرىدىن قەرز ئېلىش شەرئەن جائىز ئەمەس. چۈنكى بۇ دۆلەت ۋە مۇئەسسەسەلەردىن ئېلىنغان قەرزلەر ئۆسۈم پايدا ۋە شەرتلەر بىلەن بولىدۇ. رىبا (ئۆسۈم) بىلەن بولغان قەرزلەر شەرئى ئۈچۈن بولامدۇ، دۆلەت ئۈچۈن بولامدۇ، شەرئەن ھارامدۇر. شەرتلەر ئاساسىدا قەرز بېرىش بولسا، ئەجنەبىي قەرز بەرگۈچى دۆلەت ۋە مۇئەسسەسەنى مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادە ۋە تەسەررۇپلىرىنى قەرز بەرگۈچى

دۆلەت مۇئەسسەسەلەر ئىرادىسىگە باغلاپ قويىدۇ. بۇ بولسا، شەرئەن جائىز ئەمەستۇر. ھەقىقەتەن، بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا ەرزلەر ئىسلامىي مەملىكەتلەر، شەھەرلەر ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك لالاردىن ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىغا ھۆكۈمران بولۇش سەۋەپلىرىدىن بولدى. ئۈممەت مۇسىبەتلىرىنى بېشىدىن ەچۆرەركەن، خەلىپە سەرپ-خىراجەتلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ۋلەتلەر ئارا قەرزلەرگە مۇراجىئەت قىلىشى جائىز بولمايدۇ.

**جامائەت مۈلكىدىن بولغان بەزى نەرسىلەرنى قورۇق قىلىۋېلىش**

خەلىپىگە نېفىت، گاز، باشقا كانلاردىن ئىبارەت جامائەتنىڭ ۈلكى نەرسىلىرىنى گاز ۋە نېفىت قۇدۇقلىرىنى فوسفور، التۇن، مىس كانلىرىغا ئوخشاش كانلارنى قورۇق قىلىش ۋە ۇلارنىڭ كىرىملىرىنى مۇسۇلمانلار مەنپەئەت يۈزىسىدىنمۇ ۋھىم جەھەتلەرگە سەرپلىشى شەرئەن جائىزدۇر. بۇ يولنى ۇتۇش يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان جەھەتلەرگە سەرپلەنگەن ىراجەتلەرنى يېتەرلىك، كامىل قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق ىلدۇر. خەلىپە تۆۋەندىكىلەرگە تايانغان ھالدا قورۇق قىلىشى ائىزدۇر.

1) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى لىفىلەر جامائەت مۈلكىگە كىرگۈچى ئورۇنلارنى قورۇق لغان. ئىبن ئاببىاس، سەئدى ئىبن جۇسامەدىن: «رەسۇلۇللاھ لەيھىسسالام «قورۇق پەقەت اللە ۋە رەسۇلى ئۈچۈندۇر»، - دى. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى - قورۇق قىلىش پەقەتلا اللە ۋە سۇلى، جىھاد، كەمبەغەل، مىسكىنغا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ نپەئەتلىرى ئۈچۈن دۆلەتكە خاستۇر. بۇ قورۇق قىلىش



جاھىلىيەتتە زوراۋان كىشى ئۆزى ئۈچۈن بىرەر ئورۇننى قورۇق قىلىۋالغىنىدەك بولماسلىقى كېرەك. ناپى ئىبن ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەقىنى (مەدىنىدىكى مەلۇم جاي) مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىرى ئۈچۈن قورۇق قىلدى». شۇنىڭدەك، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھ ئەنھۇ رىبزىنى سەدىقە تۆگىلىرى ئۈچۈن قورۇق قىلىپ، بۇ جايغا ئازاتكەردىسى ئەبۇ سەلىمىنى ئامىل قىلدى. شۇنىڭدەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىبزىنىڭ يان تەرىپىنى قورۇق قىلىپ، ھەنى دېگەن ئازاتكەردىسىنى ئۇجايغا قورۇقچى قىلدى.

بۇ قورۇق قىلىش ئوت-چۆپ ۋە يايلاق ئورۇنلىرى ئۈچۈن بولغان ئىدى. ئوت-چۆپ ۋە يايلاق جامائەت مۈلكىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قورۇق قىلغان نەقى مەدىنە تاشقىرىسىدا بولغان ئىدى. بۇ جايدا سۇ توپلىنىپ قالاتتى ۋ قاچان سۇ قورىسا، بۇ جايدىن ئوت ئۆسۈپ چىقاتتى، يەنى بارلىق مۇسۇلمانلارغا مۇلۇك بولغان ئىدى. ھەقىقەتتە، ئەبۇ ئۇبەيدە: «قورۇق قىلىش پەقەتلا اللە ۋە رەسۇلى ئۈچۈندۇر» - دېگەن ھەدىسنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، بۇنىڭ باياندا دېدىلەركى: «بىزنىڭ رەئيىمىزچە، اللە ئەئلەم، ھەدىستە قايتۇرۇلغان قورۇق قىلىشتىن مۇراد، اللەنىڭ رەسۇلى بارچىنىڭ شېرىك دەپ ئېتىبار قىلغان نەرسىلەرنى قورۇق قىلىشتۇر. ئۇ سۇ، يايلاق، ئوتدۇر».

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆزلىرى قورۇق قىلغان ماكانلارنى الل يولىدا ئاتلار ۋە سەدىقاتلارنىڭ پادا ۋە تۆگىلىرى ئۈچۈن خاس قىلدى. ۋە باشقا ئات ۋە تۆگىلەرنى بۇ جايدا بېقىشنى مەنئ

www.uyghurkitap.com

ـلدى. ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئاتىسىدىن بولغان
ۋايىتىدە ئېيتىدۇ: «ئەرابى ئۇمەر ئىبنى خەتتاپقا كېلىپ، ئى،
ىىرۇل مۆئمىنىن، جاھىلىيەتتە يۇرتىمىز ئۈچۈن ئۇرۇشتۇق
، ئۆز شەھەرلىرىمىزدا ئىسلامغا كىردۇك، نېمە ئۈچۈن ئۇنى
ىرۇققا ئايلاندۇرىسەن؟» دېدى. راۋى ئېيتىدۇكى، ئۇمەر
زىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇرۇتلىرىنى سىلىغان ھالدا سۈكۈت قىلدى.
ىەرنى بىرەر ئىش قىناپ قويسا، بۇرۇتلىرىنى سىلاپ ئۇھ
ئاتتى. ئەرابى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ،
ۆزىنى قايتۇرۇشقا باشلىدى. كېيىن ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
ـال اللەنىڭ مېلى، بەندىلەر اللەنىڭ بەندىلىرىدۇر. اللە بىلەن
ىەمكى، ئەگەر اللە يولىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر بولمىغان
لىسا ئىدى،ي، (يەنى ئات تۆگىلەر) يەردىن بىرەر-بىر غېرىچىنى
رۇق قىلمىغان بولاتتىم». ئەسلەمدىن رىۋايەت قىلىنغان
دىستە ئېيتىدۇكى: «ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ ھەنىتىنى رىبزە
رۇقخانىسىغا ئامىل قىلغان ۋاقىتتا شۇنداق دېگەنلىكىنى
لىدىم: «ئى ھەنى، ئىنسانلاردىن قولۇڭنى يىغقىن ۋە
زلۇمنىڭ دۇئاسىدىن قورققىن، چۈنكى ئۇ ئىجابەت
لىنغاندۇر، ئازلا تۆگە، قوي ئىگىلىرىنى كىرگۈزگىن ۋە
ىىان ئىبنى ئەپپان، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپ چارۋىلىرىنى
ئا قويغىن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككىسىنىڭ چارۋىسى ھالاك بولسا،
رما ۋە يەرلىرى بار. ئەگەر بىر مىسكىننىڭ چارۋىسى ھالاك
ىا، مېنىڭ ئالدىمغا ـ ئى، ئەمىرۇل مۆئمىنىن، پېچان ماڭا
ىگىلمۇ ياكى ئالتۇن كۈمۈشنىڭ زەرەرىمۇ؟ ـ دەپ چاقىرىپ
لىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەر ئۇلارنىڭ يەرلىرى. جاھىلىيەتتە ئۇنىڭ
چۈن ئۇرۇش قىلدى ۋە شۇ يەرلەردە ئىسلامغا كىردى. ئۇلار



بىزنى زۇلۇم قىلىۋېتىپتۇ دەپ ئويلىشىۋېتىپتۇ. اللە يولىدا ئىشلىتىدىغان پادىلار بولمىغان بولسىدى شەھەرلەردىن ھېچقاچان بىرەر نەرسىنى قورۇققا ئايلاندۇرمايتتىم».

بۇ ھەدىس ۋە رىۋايەتلەر جامائەت مۈلكىدىن جىھاد ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرنى قانچىلىك كۆپ بولسۇن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن مۇھتاج بولىدىغان جامائەت مۈلكىنى دۆلەتنىڭ ئۆزى قورۇققا ئايلاندۇرىشى جائىز ئىكەنلىكىگە يارقىن دەلىلدۇر.

2) ئەلۋەتتە، اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ھەممىسىگە ـ بايلىرىغا، كەمبەغەللىرىگە ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى پەرز قىلغان:

**لكن الرسول والذين امنوا معه جاهدوا باموالهم وانفسهم واولئك لهم الخيرات واولئك هم المفلحون ***

ـ«لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىرگە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى، ئەنە شۇلار بارلىق ياخشىلىقلارغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر». (88:9)

**ان الذين امنوا وهاجروا وجاهدوا باموالهم وانفسهم في سبيل الله ***

ـ«ئىيمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغان، پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن اللە يولىدا جىھاد قىلغانلار». (8:72)

**انما المؤمنون الذين امنوا بالله ورسوله ثم لم يرتابوا وجاهدوا باموالهم وانفسهم في سبيل الله اولئك هم الصادقون ***

ـ«شۈبھىسىزكى، مۆئمىنلەر اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن اللە يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر». (49:15)

وقاتلوا في سبيل الله *

ـ «الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار». (2:190)

قاتلوا الذين لايؤمنون بالله ولا باليوم الاخر*

ـ «اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار». (9:29)

وقاتلوا المشركين كافة كما يقاتلونكم كافة*

ـ «مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار». (9:36)

بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمانلارغا جان ۋە مال بىلەن جىھاد قىلىش ۋاجىپ بولىشىنىڭ يارقىن دەلىلىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىپىلەر زامانلىرىدىكى مۇسۇلمانلار، جىھادقا ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن چىقاتتى. مۇسۇلمانلار جىھادتا زۆرۈر بولغان قورال، ئات، تۆگە، ئوزۇق-تەمىناتلارنى دۆلەت ئۇلارغا تەييارلاپ بېرىشنى كۈتمەستىن، ئۆزلىرى تەييارلايتتى. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى الله ئۇلارغا پەرز قىلغان.

مانا شۇلارغا بىنائەن، جىھاد ۋە جىھادقا لازىم بولغان نەرسىلەرگە سەرپ قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى، بەيتۇلمالدا مال بولمىغاندا مۇسۇلمانلارغا ئۆتىدۇ. خەلىپە مۇسۇلمانلاردىن بۇ جەھەتلەرگە سەرپ قىلىش ئۈچۈن لازىم بولغان مالنى مۇسۇلمانلاردىن ئالىدۇ ياكى مۇسۇلمانلاردىن ئالماستىن مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكى بولغان جامائەت مۈلكىنى قورۇققا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كىرىملىرىدىن ئېلىش جائىزدۇر.

3) ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئىراق، شام، مىسىر يەرلىرىنى قىلىچلىرى بىلەن پەتھى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلار بۇ يەرلەرنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا بۇ ئىشنى رەت



قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بۇ يۇرتلارنى پەتھى قىلغانلىقىنى ۋە بۇ يەرلەر ئۇلار ئۈچۈن ئولجا ئىكەنلىكىنى، ئولجا-ئولجا ئالغۇچىلارغا بېرىلىشىنى ۋە بەشتىن بىر قىسمى جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلىنىشىنى بىلەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەيبەر يېرىنى خەيبەر جېڭىدە ھازىر بولغان جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. مانا شۇلارغا قارىماستىن، ئولجا ئايەتلىرى مەزمۇنىغا بىنائەن ۋە ئۇنىڭدىن دۆلەت مەنپەئەتلىرىگە، ئەسكەرلەرگە، چېگرالارغا، كەمبەغەللەرگە، مىسكىنلەرگە، يېتىم، تۇل خوتۇنلارغا نەپىقە قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى بېجىرگەن كىشى ئۈچۈنمۇ نەپىقە قىلىنىدىغان دائىمىي مەنبەنىڭ مەۋجۇت بولىشىنىڭ لازىملىقىنى بىلىپ، بۇ يەرلەرنى جەڭدە ھازىر بولغان مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىشنى رەت قىلدى. چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ۋە مەسلىھەت ئۈچۈن چاقىرىلغان ئەنسارلارغا شۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇسۇلمانلار يەرلەرنى كاپىرلىرى بىلەن تەقسىم قىلىنىپ كەتكەن ھالدا كۆرسە، يەرلەر ئاتا-بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ قالسا، كېيىنكى كەلگەن مۇسۇلمانلار نېمە قىلىدۇ؟ بۇ توغرا رەئيى ئەمەس. ئەگەر ئىراق يېرى ئۆز كاپىرلىرى ۋە شام يېرى ئۆز كاپىرلىرى بىلەن تەقسىم قىلىنسا، نېمە بىلە چېگرالار توسىلىدۇ، بۇ شەھەرلەردىكى، شۇنىڭدەك، شام، ئىراق يەرلىرىدىكى باللار، مېۋىلەر نېمە بولىدۇ؟». ئەنسارلارغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق دېدى: «يەرلەرنى ئۆز كاپىرلىرى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ئۇلارغا خىراج قويۇشنى (يەنى، سېلىق قويۇشنى) ئويلىدىم. بۇ ماللار مۇسۇلمانلار، جەڭچىلەر، باللار ۋە بۇلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئولجا بولىدۇ. سىلەر بۇ چېگرىلاردا دائىم تۇرىدىغان كىشىلەر لازىملىقىنى ۋە شام، جەزىرە، كۇفە، بەسرە، مىسىرگە ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرنى ئەسكەرلەر بىلەن تولۇقلاش زۆرۈرلىكىنى، بۇلارغا ناھايىتى كۆپ جامائەت كېرەكلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ ئەگەر يەرلەر ۋە كاپىرلار تەقسىم قىلىنسا، بۇلارغا ھەقلەر قەيەردىن بېرىلىدۇ؟».

مانا بۇ تالاش-تارتىش ۋە ھۆججەتلەر، ئەلۋەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىھادقا ۋە دۆلەتكە خىراجەت لازىم بولغان جەھەتلەرگە سەرپلەش ئۈچۈن سابىت، دائىمى مەنبەنى مەۋجۇت قىلىش لازىملىقىنى ئىدىراك قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراق، شام، مىسىردە پەتھى قىلىنغان يەرلەر تەلەپ قىلىنىۋاتقان مەنبە ئىكەنلىكىنى كۆرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرلەرنى پەتھى قىلغانلارغا تەقسىم قىلمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەرلەرنى، يەر ئىگىلىرى تۆلەيدىغان خىراج باراۋېرىگە بۇ خىراجنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى يولىدا سەرپ قىلىش ئۈچۈن ئۇز ئىگىلىرىدا قالدۇردى.

خەلىپە بەيتۇلمالدا مال بولمىغاندا، مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ بولىدىغان، جەھەتلەرگە سەرپ قىلىش ئۈچۈن جامائەت مۈلكىدىن بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۈلۈك بولغان نەرسىلەرنى قورۇق قىلىش ئەۋزەللىك جەھەتتىن جائىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.



## يەر، بىنالار، پاراۋانلىق ئىشلىرىدىن ئىبارەت دۆلەت مۈلۈكلىرى ۋە ئۇنىڭ كىرىملىرى

بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى بولغان، بىراق ئىمامنىڭ مۈلكى قاتارىغا كىرمەيدىغان ھەممە نەرسە دۆلەت مۈلكىدۇر. دۆلەت مۈلكى ـ يەر، بىنا ۋە كۆچكۈچى نەرسىلەرگە ئوخشاش، شەخسنى مۈلۈكچىلىكنى قوبۇل قىلغۇچى ئەينەن مەۋجۇت نەرسەدۇر. لېكىن بۇ نەرسىلەرگە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى تەئەللۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەرنى تەدبىر قىلىش، ئۇلار ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى تەسەررۇپ قىلىش خەلىپىگە تاپشۇرۇلغاندۇر. چۈنكى خەلىپە، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىگە تەئەللۇق بولغان ھەممە نەرسىلەرنى تەسەررۇپ قىلىشتا سالاھىيەت ئىگىسىدۇر. دۆلەت مۈلكىنىڭ نەرسىلىرى جامائەت مۈلكىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن خەلىپە شەخسىلەرگە دۆلەت مۈلكىنىڭ ئەسلىنى ياكى مەنپەئەتلىرىنى مۈلۈك قىلىپ بېرىشى جائىز، لېكىن خەلىپە ئامما مۈلكىنىڭ ئەسلىنى بىرەر شەخس ياكى جامائەتكە مۈلۈك قىلىپ بېرىشى جائىز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىگە تەئەللۇق بولغان يەر، بىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر دۆلەت مۈلكىدۇر. چۈنكى دۆلەت بۇ نەرسىلەر ئۈستىدىن ئىش يۈرگۈزۈشكە ھۆكۈمراندۇر. بۇ دۆلەت مۈلۈكچىلىكىنىڭ مەنىسىدۇر.

دۆلەت گەرچە ئومۇمىي مۈلۈك ۋە دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشمۇ، بۇ ئىككى مۈلۈكچىلىك ئارىسىدا پەرق بار. نېفىت، گاز، زور كانلار، دېڭىز، ئۆستەڭلەر، بۇلاق، مەيدان، ئورمان، يەيلاق، مەسجىدلەرگە ئوخشاش جامائەت مۈلكىگە كىرگۈچى نەرسىلەرنى خەلىپە بىرەر شەخس ياكى جامائەتكە، بۇ نەرسىلەر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكى بولغانلىقى ئۈچۈن، بېرىشى جائىز ئەمەس. خەلىپە مۇئەييەن تەدبىر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئۆتەشتىكى ئىجتىهادىغا مۇۋاپىق بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مۈلۈكتىن پايدىلىنىشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىشى لازىم.

ئەمما دۆلەت مۈلكىگە كىرىدىغان يەر ۋە بىنالارنى خەلىپە شەخسلەرگە يەرنىڭ ئەسلىنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى ياكى پەقەت مەنپەئەتىنى مۈلۈك قىلىپ بېرىشى ياكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەت بار دېگەن ئېتىبار بىلەن بۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە ئىگىلىك قىلىشقا رۇخسەت بېرىشى جائىزدۇر.

## دۆلەت مۈلكىنىڭ تۈرلىرى

**1. باياۋان، تاغلار، دېڭىز ساھىللىرى، شەخسلەرگە مۈلۈك بولمىغان بوزيەرلەر.**

بارلىق باياۋان، تاغ، تۆپىلىك، ۋادىي، دېڭىز ساھىللىرى ۋە مۇئەللەق دېھقانچىلىق قىلىپ باقمىغان ئىگىسىز ياكى دېھقانچىلىق قىلىپ كېيىن بوز يەرگە ئايلىنىپ كەتكەن يەرلەر، بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى بوزيەر دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ ۋە دۆلەت مۇسۇلمانلارغا پايدا كەلتۈرىدۇ دېگەن رەئيى ۋە ئىجتىهادىغا



مۇۋاپىق تەسەررۇپ قىلىدۇ. خەلىپىنىڭ بۇ يەرلەرنى ئاجرىتىپ، ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە تاش بىلەن ئوراشقا ئىزنى بېرىشى جائىزدۇر. بىلال ئىبن ھارىسىل مۇزەنىيدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسقا قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام ئەقىقنىڭ (ئورۇن) ھەممىسىنى ئايرىپ بەردى. باشقا رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام بىلال ئىبن مۇزەنىيغا دېڭىز بىلەن خەرسەك تاش ئارىسىنى ئايرىپ بەردى. ئەمرى ئىبن شۇئەيب ئاتىلىرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام مۇزەينە ياكى جۇھەينە قەبىلىسىدىن بولغانلارغا يەر ئايرىپ بەردى. ئەدى ئىبن ھاتەمدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام پۇرات ئىبن ھەييىنانىل ئەجەلىگە يەمامىدىكى يەرنى ئايرىپ بەردى. ئەبيەز ئىبن ھەممالىل مازىنى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام ئەبيەز رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامدىن مەئرەبدىكى تۇز كانىنى ئايرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام ئايرىپ بەردى. راۋى ئېيتىدۇكى، ئەبيەز كەتكەندىن كېيىن: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام نېمىنى ئايرىپ بەرگەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟ ئۇنىڭغا مىقدارى زور كاننى ئايرىپ بەردىڭىز»، - دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالدى، - دېدى. ئەمر ئىبن دىنار رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام مەدىنىگە كېلىپ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ماڭا يەر ئايرىپ بەردى. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام زۇبەيرى ئىبن ئەۋۋامغا يەر ئايرىپ بەردى. ئۇنىڭغا نەقىنى ئۆلۈك يەرلەردىن ئات چاپتۇرىدىغان، دەرەخ ۋە سۇرمە بار جاينى ئايرىپ بەردى». لەيس ئائۇستىن قىلغان رىۋايىتىدە ئېيتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاددى يەر الله ۋە رەسۇلىنىڭكى دۇر، كېيىن سىلەر ئۈچۈندۇر. كىمكى خام يەرنى تۈزلەشتۈرسە، ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر».

ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، زۇبەير، بىلالىل مۇزەنى، ئەبيەز ئىبن ھەممال، پۇرات ئىبن ھەييانىل ئىزەنى ياكى چۈھەينىلىكلەر ۋە باشقىلارغا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەر ئايرىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلغان بۇ ھەدىسلەر باياۋانلار، تاغلار، ۋادىلار، بىرەر كىشىگە مۈلۈك بولمىغان بوز يەرلەر دۆلەت مۈلكى بولىشىنى كۆرسىتىدۇ. خەلىپە بۇ يەرلەردە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق دەپ بىلگەن رەئيى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەرلەردىن يۇقىرىدىكى شەخسلەر ئۈچۈن ئايرىپ بېرىشلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مىراس جەھەتتىن ۋە پەتھى جەھەتتىن خاس مۈلۈك بولمىغان ھالدا، تەسەررۇپ قىلىشى، بۇ يەرلەر دۆلەت ئۈچۈن مۈلۈك ئىكەنلىكىگە يارقىن دالالەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ يەرلەر دۆلەت مۈلكى بولمىغان بولسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۆلۈپ بەرمىگەن ۋە دۆلەت ئۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان بولاتتى. ئائۇسنىڭ ھەدىسلىرى بۇ يەرلەر، الله ۋە رەسۇلى، كېيىن باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

«الله ۋە رەسۇلىنىڭ مۈلكى» - دۆلەت مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يەرلەرگە ئىگىلىك قىلىشى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق ۋە بۇ يەرلەرنى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە بۇ يەرلەرنىڭ تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى



ئۇزىدىن كېيىنكى خەلىپىلەرگە بېرىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ۋە ئۇلارد كېيىن كەلگەن خەلىپىلەر، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارغا يەر ئايرىپ بەرگەنلىرىدەك، باياۋانلار، تاغلا بوزيەرلەر - دۆلەت مۈلكى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇزىنىڭ تەسەرر قىلىشتا سالاھىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىك سەۋەبىدىن ئادەملەرگە بۆلۈپ بېرەتتى. شۇنىڭدەك، ساھابىلار مۇسۇلمانلار بۇ باياۋانلار، تاغلار، بوزيەرلەردە بارلى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى بارلىقىنى ۋە بۇ يەرلەرگە ھۆكۈمرانا قىلىش دۆلەت ھەققى ئىكەنلىكىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالا ئۇلاردىن كېيىنكى خەلىپىلەر، بۇ يەرلەرنى ئىدارە قىلىشت ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىشتا، بۇ يەرلەرنى ئايرىپ بېرىش تۈزلەشتۈرۈشتە ۋە ئاۋات قىلىشتا سالاھىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن زۇبەير ئىبن ئەۋۋام ئەبيەز ئىبن ھەممال ۋە بىلال ئىبن ھارىسىل مۇزەنى، سەلەبە خۇشەنى، تەمىمۇددارى ۋە باشقىلار رەسۇلۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ يەر ئايرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلد شۇنىڭدەك، بەسرى ئەھلى سەقىپ قەبىلىسىدىن بولغان نافى ئ ئابدۇللاھ ئۆمەر ئىبن خەتتابتىن ئېتىغا بېدە تېرىش ئۈچ بەسرىدىكى خىراجى بولمىغان، بىرەر مۇسۇلمانغا زە كەلتۈرمەيدىغان يەرنى ئايرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلد شۇنىڭدەك، قەسىر ئىبن ئابدۇللاھ ئاتىسىدىن ئاتىسى چ دادىسىدىن قىلغان رىۋايەتتە ئېيتىلىدۇكى: «بىز ئۆمەر ئ خەتتاپ بىلەن بىرگە ئون يەتتىنچى يىل ئۆمرە زىيارىتى كەلدۇق. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يولدىكى سۇ ئەھلى (يەن

قىشلاق ئەھلى) مەككە ۋە مەدىنە ئارىسىدىكى جايدا ئىلگىرى بولمىغان ئۆيلەرنى بىنا قىلىشنى ئېيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ئىزنى بەردى ۋە ئۇلارغا مۇساپىر سۇغا ۋە سايىغا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى شەرت قىلدى». شۇنىڭدەك، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئەتىيە ئىبنى قەيسدىن قىلغان يەنە بىر رىۋايەتتە ئادەملەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاپتىن دەمەشقتىكى ئەتراپ-كېسان يېرىدىن ئاتخانا ئۈچۈن يەر ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مانا شۇ ھەدىسلاردىن باياۋانلار، تاغلار، بوزيەرلەر دۆلەت مۈلكى ئىكەنلىكى ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ. خەلىپە بۇ يەرلەردە ئۆز ئىجتىھادىغا مۇۋاپىق يەر ئاجرىتىپ بېرىشى، يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، سېتىش، ئىجارىگە بېرىش، مەبلەغ سەرپ قىلىش ياكى بۇنىڭدىن باشقا تەسەررۇپاتلار بىلەن بۇنىڭدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت بار دەپ قارىسا شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

## 2- سازلىق

سۇ باسقان يەرلەردۇر. كۇفە ۋە بەسرە ئارىسىدىكى دىجلە ۋە پۇرات دەريالىرىنى ئوراپ تۇرغۇچى توسۇقلارنىڭ بەزىسى بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، بۇ دەريالارنىڭ سۈيى تېشىپ ھاسىل بولغان دېھقانچىلىققا يارامسىز يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، بىر زامانلاردا بۇ يەرلەر باغ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر بولغان ئىدى. سازلىقلار. قۇبباد ئىبنى پىرۇز دەۋرىدە ھاسىل بولدى. كېيىن بۇ يەرلەر ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇلۇپ، مۇسۇلمانلار ۋە پارسلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن سازلىقلار كېڭەيدى. ھەتتا، مەيدانى ئوتتۇزدە-ئوتتۇز پەرسەخكە يەتتى. يەنى، 27225



كۋادرات كىلومېتىر. چۈنكى بىر پەرسەخ تەخمىنەن 5. كىلومېتىرغا تەڭدۇر. سۇ بېسىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن دېھقانچىلىققا يارامسىز بولۇپ قالغان يەرلەر بوز يەرلەر ھۆكمىنى ئالىدۇ، گەرچە، ئىلگىرى بۇ يەرلەر بىنالىرى ۋە دېھقانچىلىق بىلەن ئاۋات بولغان بولسىمۇ. بىرەر كىشىگە مۈلۈك بولمىسىلا ئورمانلىقلار، دەرەخزارلىق، شورلۇق يەرلەر، پاتقاقلىقلا سازلىقلار ھۆكمىدە بولىدۇ.

## 3- ساپ يەرلەر

بۇ خەلىپە بەيتۇلمالغا قويۇشقا قارار قىلغان، ئەھلى يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىگىسىز قالغان، پەتھى قىلىنغان مەملىكەت يەرلىرىدۇر ياكى پەتھى قىلىنغان دۆلە ھاكىملىرى، قوماندانلىرى، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى، ياكى ئۇرۇشتا يېرىنى تاشلاپ قاچقان كىشىنىڭ يېرىدۇر.

ساپ يەرلەرنى ئىرىنچى بارە ئاجرىتىپ، بەيتۇلمال ئۈچۈ خاس قىلغان كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپدۇر. ئەبۇ يۇسۇ ئېيتىدۇكى: «ماڭا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ھەررەنىڭ قۇل ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەلىد. ھەدىس رىۋايەت قىلىپ دېدى: «ئۆمە ئىبنى خەتتاپ ئىراق ئەتراپىدىن ئون تائىپىنىڭ يېرىنى سا يەرگە ئايلاندۇردى: ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ يېرىنى ئۇرۇشتىن قاچقان كىشىنىڭ يېرىنى؛ كىسرانىڭ ھەمە يەرلىرىنى؛ كىسرا ئائىلىسىگە تەگىشلىك بولغان ھەمە يەرلەرنى؛ سۇ باسقان يەرلەرنى؛ چاپارمەنلەر يېرىنى. راۋ كىسرالار ئۈچۈن بولغان تۆت خىسلەتنى ئۇنۇتتۇم دېدى ۋە ئۆمە

www.uyghurkitap.com

ئىبن خەتتاپ ئاجراتقان يەرلەر يەتتە مىليون دەرھەم بولغان ئىدى، دېدى» .

خەلىپىلىك دۆلىتى بىر ئۆلكىنى پەتھى قىلغاندا، خەلىپە پەتھى قىلىنغان دۆلەتنىڭ مۈلكىنى، ھاكىمى، قوماندانىنىڭ، بەك مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەننىڭ، ئۆز يېرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن كىشىنىڭ يەر ۋە بىنالىرىنى بەيتۇلمالغا قوشۇشى لازىمدۇر. خەلىپە بۇ مۈلۈكلەرنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشىلىق بار دەپ كۆرگەن ئىجتىھادى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

## 4- بىنالار ۋە ئۈستى يېپىق ئىمارەتلەر

بۇ دۆلەت ئۆزى پەتھى قىلغان مەملىكەتلەردىكى دۆلەت بىھازى، ئىدىرەلىرى، مۇئەسسەلىرى، پاراۋانلىقلىرى، ۋنىۋېرسىت ۋە مەدرىسىلىرى، زاۋۇت-پابرىكىلىرى ئۈچۈن خاس ولغان، شۇ دۆلەتكە، ھاكىملىرىغا، قوماندانلىرىغا، ئۇرۇشتا ۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرگە ياكى جەڭدىن قاچقان ياكى ۇسۇلمانلاردىن قورقۇپ تاشلاپ قاچقان كىشىلەرگە مۈلۈك ولغان ھەر بىر قەسىر ۋە بىنالاردۇر. بۇ قەسىر ۋە بىنالار، ۈستى يېپىلغان ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى - مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ولجا بولۇپ، بۇلار بەيتۇلمالغا تېگىشلىك ۋە دۆلەت ئۈچۈن ۈلۈك بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، دۆلەت بىنا قىلغان ياكى بەيتۇلمالنىڭ اللىرىدىن سېتىۋېلىپ، دۆلەت جىھازلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى كى ئىدىرەلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە مەدرىسەلەرگە، ىپاخانىلارغا، دۆلەت ئۆزى بەرپا قىلغان بىرەر قولايلىقلار



ئۈچۈن ئاجراتقان ھەر بىر بىنا ۋە ئۈستى يېپىلغان ئىمارەتلەر دۆلەت ئۈچۈن مۈلۈك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، دۆلەتكە ھەدىيە قىلىنغان، ۋەسىيەت قىلىنغان ياكى مىراس ئالغۇچىسى يوق كىشىدىن قالغان ياكى ئۆل[illegible] مۇرتەدكە ياكى مۇرتەدلىكى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىگە ئائىت بولغان ھەر بىر بىنا ۋە ئۈستى يېپىلغان ئىمارەتلەر دۆلەت مۈلكىدۇر.

## دۆلەت مۈلكىنى ئىشلىتىش

شارىئ، خەلىپىگە ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت بارلىقىنى رەئيى قىلغان ئىجتىھادىغا مۇۋاپىق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئادا قىلىشنى تاپشۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپە دۆلەت مۈلكىنى ئىمكان بېرىچە بەيتۇلمالغا كىرىدىغان نەرسىلەرنى مۇسۇلمانلارغا پايدىسى ئومۇمىي بولغان نەرسىلەر بىلەن زىيادە قىلسۇن، ئەمما دۆلەت مۈلكى ئىشلىتىلمەستىن، پايدىسى يوق بولۇپ، كىرىملىرى توختاپ قالمىسۇن.

ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىپىلەر بۇ مۈلۈكلەرنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىدىن دەپ بىلگەن ئىجتىھادىغا مۇۋاپىق ئىشلىتەر ئىدى.

دۆلەت مۈلكىنى ئىشلىتىش بۇ دۆلەت تىجارەتچى ياكى ئىشلەپ چىقارغۇچى ياكى ئىشچى بولۇپ قېلىشىنى كېيىن دۆلەت تىجارەتچى ياكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ياكى ئىشچىلار تەسەررۇپىغا ئوخشاش تەسەررۇپ قىلىشىنى ئاڭلاتمايدۇ. دۆلەت باشقۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنى، دۆلەت مۈلكىنى،

ئىنسان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتلىرى ۋە ھاجەتلىرىنى تولۇقلاپ بىجا كەلتۈرۈش ئاشكارا بولغان دەرىجىدە ئىشلىتىشى ۋاجىپ بولىدۇ. مەقسەت باشقۇرۇشتۇر، بايلىق ئەمەس.

دۆلەت مۈلكىنى ئىشلىتىش بىر نەچچە يوللار بىلەن بولىدۇ. بۇلاردىن:

1. سېتىش ياكى ئىجارىگە بېرىش. دۆلەت مۇسۇلمانلارغا قولايلىق يارىتىش يولىدا، دۆلەت مۈلكى بولغان يەر ۋە بىنالارنى ئېھتىياجغا قاراپ سېتىش ياكى ئىجارىگە بېرىش جائىزدۇر. بۇ يەر شەھەرلەر ئىچىدىكى يەر بولسا، ئۇنى بازار ياكى باشقا تۇرالغۇ جايلار بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شەھەرلەرنىڭ تاشقىرىسىدا ياكى شەھەرگە يېقىن بولسا، ئۇلارنى دۇككان قۇرۇش، ھايۋان ۋە قۇشلارنى بېقىش مەيدانى بەرپا قىلىش ياكى دېڭىز ۋە دەريا قىرغاقلىرىدىكى يەر بولسا، بۇ جايدا كارخانا ياكى ئىقتىسادى ئىنشائاتلار قۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋات يەر بولسا بۇ يەرلەرنى دېھقانچىلىق ۋە دەرەخ تىكىشكە سېتىش ياكى ئىجارىگە بېرىشى جائىزدۇر. لېكىن، يەر دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىلمەيدۇ، بەلكى سېتىلىدۇ.

2. دۆلەت مۈلكى بولغان ھەممىسى ياكى تولىسى دەرەخزار يەرلەرنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەيبەر، فەدەك ۋە ۋادىل قۇرا ئەھلى بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىغا ئوخشاش ئاشۇ يەردىن چىققان نەرسىلەرنىڭ ئىككىدەن بىر، ئۈچتەن بىر، تۆتتەن بىرىگە بىنائەن مۇئامىلە قىلىش جائىز.

3. زىرائەت تېرىش، ھەيدەش، قاراش ئۈچۈن، ئىشچىلارنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئاۋات زىرائەت تېرىيدىغان يەرلەردە



ئىشلىتىش.

4. بىنالارنى، پاتقاقلارنى، ئورمانلىقلارنى، شورلۇق يوللاردا سۇ يوللىرىنى پەيدا قىلىش، سۇنى تارتىپ قۇرۇتۇش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش. شۇ چاغدا زىرائەت تېرىشقا، دەرەخ ئۆستۈرۈشكە يارامىلىق بولىدۇ.

5. يەرنى ئايرىپ بېرىش. خەلىفە ئىنسانلارغا دۆلەت مۈلكى بولغان يەرلەردىن، بۇنىڭدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت بار دەپ بىلگەن رەئيىگە مۇۋاپىق ئايرىپ بېرىشى. خەلىفە ئىسلامدا بەركامال بولغان كىشىگە ياكى پازىل بولغان كىشىگە، شۇنىڭدەك، قەلبى ئىسلامغا مايىل بولىشىنى كۆزلىگەن كىشىگە يەر ئاجرىتىپ بېرىشى جائىزدۇر. خەلىفە يەرنى ئاۋات قىلىش ۋە بىكار تاشلاپ قويماسلىقى ئۈچۈن ياكى كىرىملەرنى، زىرائەتلەرنى ۋە مېۋىلەرنى كۆپەيتىش ئۈچۈن. يەرنى ئاجرىتىپ بەرگىنىدەك، رىزق ۋاستىسىگە مۇھتاج بولغان دېھقانلارغىمۇ ئاجرىتىپ بېرىشى جائىزدۇر. قاچانكى مەنپەئەت يەرنى ئاجرىتىپ بېرىشكە باغلىق بولغاندا خەلىفىنىڭ ئۇنى ئاجرىتىپ بېرىشى جائىزدۇر. ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدەك، ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىفىلەر بۇ ماۋزۇدا كەلگەن ھەدىسلەردە ئېيتىلغىنىدەك يەرنى ئاجرىتىپ بەردى.

يەرنى ئاجرىتىپ بېرىش ياكى ئۆشرى يەردىن ياكى خىراجى يەردىن بولىدۇ. ئەگە ئۆشرى يەردىن بولسا ـ ئۆشرى يەر بۇ ئەرەپ يېرىم ئارىلى ۋە ھىندونېزىيەگە ئوخشاش ئاھالىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلامغا كىرگەن يەرلەردۇر ـ يەر ئاجرىتىپ بېرىلگەن كىشىگە يەرنىڭ ئەسلىنى ۋە مەنپەئەتىنى يەر بۆلۈپ بېرىلگەن كىشىگە مۈلۈك قىلىپ، بۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتى بار دېگەن رەئيىگە مۇۋاپىق ئەبەدىي ياكى چەكلەنگەن مۇددەتكە بېرىشى خەلىپىگە جائىزدۇر. بۇ يەرلەر ھېچ ۋاقىت دېھقانچىلىق قىلىنمىغان ياكى دېھقانچىلىق قىلىنىپ، كېيىن بوز يەرگە ئايلانغان ياكى دېھقانچىلىق ۋە دەرەخ تىكىشكە يارامىلىق يەر بولسا، ئۇلارنى مۈلۈك قىلىپ بېرىش جائىز. بۇ ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مۈلۈك ئەلۋەتتە، بوزيەردىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئاۋات يەردە زىرائەت ۋە مېۋە تىكىپ دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن سابىت بولىدۇ. نىساپقا يەتكەندە زاكات ۋاجىپ بولغان نەرسىلەردە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەردە مۇتلەق خىراج ۋاجىپ بولماستىن ئۆشرى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۆشرى بىرىدە خىراج ۋاجىپ بولمايدۇ.

ئەمما يەرنى ئاجرىتىپ بېرىش خىراجىي يەردىن بولسا، (خىراجى يەر ئىراق، شام، مىسىرگە ئوخشاش كۈچ بىلەن پەتھى قىلىنغان يەرلەردۇر) قارىلىدۇ: ئەگەر ئاجرىتىپ بېرىش ئاۋات يەردىن بولسا، بۇ يەرگە ئىلگىرى خىراج قويۇلغان بولسۇن ياكى خىراج قويۇلغان بولمىسۇن، ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەرنىڭ مەنپەئەتىلا مۈلۈك قىلىپ بېرىلىدۇ. يەرنىڭ ئۆزى مۈلۈك قىلىپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى يەرنىڭ ئۆزى مۇسۇلمانلار مۈلكىدۇر.

بۇ ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەرلەردىن خىراجنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئەگەر نىساپقا يەتسە، زاكات ۋاجىپ بولغان زىرائەت ۋە مېۋىلەرگە ئۆشرە بېرىلىدۇ. مۇسا ئىبىن تەلھەدىن رىۋايە قىلىنغان ھەدىستا: «ئوسمان ئىبىن ئەپپان نەبى ئەلەيھىسسالام ئەسھابلىرىدىن بەش كىشى زۇبەير، سەئدى، ئىبىن مەسئۇد، ئۇسامە ئىبىن زەيد ۋە خەبباب ئىبىن ئەرەتتىلگە يەر ئاجرىتىپ بەردى ۋە بۇلاردىن ئىككىسى ـ ئىبىن مەسئۇد ۋە خەبباب ئوسمانتى



تەستىقلىغان ئىدى» ، ـ دېدى. ئەبۇ يۇسۇپ دېدى، ئەبۇ ھەنىفە رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبىن مەسئۇد ۋە خەببابنىڭ خىراج يېرىدىن جايلىرى بولغان ئىدى. ھۈسەينى ئىبىن ئەلىنىڭ، بۇلاردىن باشقا ساھابىلارنىڭ ۋە شۇرەيھنىڭمۇ خىراج يېرى بولغان ئىدى ۋە ھەممەلىرى خىراجنى ئادا قىلىشاتتى» .

ئەمما بۆلۈپ بېرىش بوز يەردىن بولسا، قارىلىدۇ: ئەگەر بوزيەر ئەبەدى ئۆلۈك بولغان يەر بولسا ياكى ئىلگىرى ئاۋات بولۇپ دېھقانچىلىق قىلىنىپ، كېيىن خارابە بولۇپ، خىراج قويىلىشىدىن ئىلگىرى ئۆلۈك يەرگە ئايلانغان بولسا، كۇفە ۋە بەسرە ئارىسىدىكى تاشلاندۇق يەرلەرگە ئوخشاش، خەلىپە بۇ بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلىرىنى مۈلۈك قىلىپ بېرىشى جائىز. ياكى پەقەت مەنپەئەتىنى مۈلۈك قىلىپ بېرىشى جائىز. بۇ يەرلەرگە ئىگىلىك قىلىش بولۇپ بېرىلگەچكە، يەرنى پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن ئىگىلىك سادىر بولىدۇ. گەرچە، بۆلۈپ بېرىش بۆلۈپ بېرىلگەن كىشىگە بۇ يەرگە ھوقۇقنى بەرسىمۇ، ئىگىلىك پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن بولىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈش بولۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۈچ يىل مۇددەت ئىچىدە سادىر بولىشى لازىم. تائۇس رىۋايەت قىلغان ھەدىستە شۇنداق كەلگەن: «تاش بىلەن يەرنى ئورىغچىغا ئۈچ يىلدىن كېيىن ھوقۇقى يوقدۇر» . مۇھەممەد ئىبىن ئەبىس سەقەپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە راۋى ئېيتىدۇكى: «بەسرى ئەھلىدىن بولغان ناپى ئەبۇ ئابدۇللاھ ئۆمەر ئىبىن خەتتاپتىن خىراج يېرىدىن بولمىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەرسىگە زەرەر بەرمەيدىغان يەرنى ئېتىزغا بىدە تېرىش ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەر

ئىبن خەتتاپ ئەبۇ مۇسەل ئەشئەرىگە، ئەگەر يەر ئېيتقىنىدەك بولسا بۆلۈپ بەرگىن، دەپ مەكتۇپ يازدى» . ئوسمان ئىبن ئەپپان ئەبىل ئاسس سەقەپىگە بەسرىدىكى شورلۇق ۋە دەرەخزار يەرنى بۆلۈپ بەردى، كېيىن بۇ كىشى يەرنى ئىشلەپ ئۆزلەشتۈردى.

بۇ يەرلەر مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىلسە، مۇسۇلمان كىشىگە بۇ يەردىن ئۆشرە بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ، خىراج ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھۆكمى ئۆشرى يەردىن بۆلۈپ بېرىلىدىغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان بوزيەر ھۆكمىدەدۇر. بۇ ھەقتە ھەدىسلەر ۋارىد بولغان ئورۇۋە ئاتىسىدىن، ئاتىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستا: «كىم بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرسە ئۇ يەر ئۇنىڭدۇر» ،-دېگەن. ئەمرى ئىبن شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى چوڭ دادىسىدىن، چوڭ دادىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستا: «كىم بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرسە ئۇ يەر ئۇنىڭدۇر» ،-دېيىلگەن. ئەگەر بۇ يەرلەر زىممىي كاپىرغا بۆلۈپ بېرىلسە، پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئاھالىسى بۇ يەرگە ئۆزلىرى تۆلەيدىغان خىراج باراۋېرىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايغا ئوخشاش خىراج تۆلەش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەمما بۆلۈپ بېرىلگەن بۇ بوزيەر ئىلگىرى ئاۋات بولغان ۋە خىراج ۋاجىپ قىلىنغان بولسا، بۇ يەر مۇسۇلمانغا ياكى زىممى كاپىرغا بۆلۈپ بېرىلسىمۇ خىراج ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى پەتھى قىلىنغان يەرلەردىن خىراج ۋاجىپ قىلىنغانلىرى ھەمىشە خىراجىي يەر بويىنچە قالىدۇ.

6. بوزيەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىزنى بېرىش ۋە ئۇنىڭغا



رىغبەتلەندۈرۈش. بۇ خەلىفە ئىنسانلارنى ئۆشرى يەر ياكى خىراجىي يەر ياكى ئىلگىرى ئاۋات قىلىنمىغان بوزيەر ياكى ئاۋات بولۇپ، كېيىن خاراپ بولغان يەرمۇ، بوزيە نى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىزنى بېرىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە قىزىقتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.

يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەگەر ياشاش ئۈچۈن ياكى ماگىزىن، كارخانا، ھايۋان ياكى قۇشلارغا مەيدان بەرپا قىلىش ئۈچۈن بولسا، ئۆزلەشتۈرۈش بىنا قىلىش ۋە ياساش بىلەن تولۇق بولىدۇ. چۈنكى ئۆزلەشتۈرۈش ياشاش مۇمكىن بولغان ياكى ماگىزىن، كارخانا ئۈچۈن ئىشلىتىش مۇمكىن بولغان ياكى ھايۋان ۋە قۇشلارنى قويۇش مۇمكىن بولغان ئىمارەتنىڭ پۈتۈشى بىلەن بولىدۇ. ئەگەر يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق ياكى كۆچەت تىكىش ئۈچۈن بولسا، ئۆزلەشتۈرۈش ئەگەر يەر قۇرۇق بولسا زىرائەت سۇغۇرىلىدىغان، تاش بىلەن ئوراپ، باشقا يەرلەردىن ئاجرىتىپ، ئۇ يەرگە سۇ ئېلىپ كېلىش ۋە بۇ يەردىن قۇدۇق كولاش بىلەن تولۇق بولىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ سۇيى ئۈزىدە بولسا سۇنى توسۇش ۋە سۇنى قۇرۇتۇش بىلەن ۋە يەرنى ھەيدەش، ئېگىز يەرلىرىنى مەيدانلاشتۇرۇش، چوڭقۇر جايلىرىنى تولدۇرۇش بىلەن بولىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ تولۇق بولۇشى بىلەن يۇقىرىدىكى ئۆتكەن ئۆزلەشتۈرۈشكە ئائىت ھەدىسلەر ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن: «كىم بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرسە، ئۇ يەر ئۇنىڭدۇر» ،-دېگەن ھەدىسلىرى سەۋەبىدىن ئۇ يەر تولۇق كامىل بولىدۇ. ئەمما، تاش بىلەن يەرنى ئوراشقا كەلسەك، ئۇ بىلەن ئىگىلىك تولۇق بولمايدۇ. ئەگەر تاش بىلەن ئورالغان يەر ئۆزلەشتۈرمەستىن ئۈچ يىل قالسا، ئورىغۇچىنىڭ ھەققى كېتىدۇ. تاۋۇستىن رىۋايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغان ھەدىستە راۋى ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زىرائەت يېرى اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ، كېيىن سىلەر ئۈچۈندۇر. كىم بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرسە، يەر ئاشۇنىڭدۇر. تاش يىلەن ئورىۋالغۇچىغا ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆزلەشتۈرۈلمىسە ھەققى يوقتۇر».

كىمكى ئۆشرى يەردىن بوزيەر ئۆزلەشتۈرسە، مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن يەرنىڭ ئۆزىگە ۋە مەنپەئەتىگە ئىگە بولىدۇ، مۇسۇلمان كىشىگە بولسا بۇ يەردىن، ئەگەر مېۋە-دانلىرى نىسابىغا يەتسە، زاكات ۋاجىپ بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشىگە خىراج ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۆشرى يەرگە خىراج يوقتۇر. ئەمما كاپىرغىمۇ ئۆشرى ۋە خىراج ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى كاپىر زاكات ئەھلىدىن ئەمەس ۋە خىراج ئۆشرى يەردىن ۋاجىپ بولمايدۇ.

ئەگەردە بىر كىشى ئىلگىرى خىراج ۋاجىپ بولمىغان خىراجىي يەردىكى بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرسە، ئەگەر ئۆزلەشتۈرگۈچى مۇسۇلمان بولسا، يەرنىڭ ئۆزىگە ۋە مەنپەئەتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزلەشتۈرگۈچى كاپىر بولسا يەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئىگە بولىدۇ. ۋە مۇسۇلمانغا بۇ يەردىن خىراج ئەمەس، ئۆشرە، ۋاجىپ بولىدۇ ۋە كاپىرغا بولسا خىراج ۋاجىپ بولىدۇ.

كىمكى بوز يەرگە ئايلىنىشتىن ئىلگىرى خىراج ۋاجىپ بولغان خىراجىي يەردە بوزيەر ئۆزلەشتۈرسە، كاپىر ياكى مۇسۇلمان بولسۇن، ئەسلىگە ئىگە بولماستىن پەقەتلا مەنپەئەتىگە ئىگىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىراج ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يەر خىراج ۋاجىپ قىلىنغان، پەتھى قىلىنغان يەر قائىدىسىگە



چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە خىراج مۇسۇلمان ياكى كاپىر ئىگە بولىشىدىن قەتئىينەزەر داۋاملىق شۇنداق بولىۋېرىدۇ.

ئەگەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق ئۈچۈن بولماي، ئولتۇراقلىشىش، كارخانا ياكى ماگىزىن ياكى ئامبارلار بەرپا قىلىش ئۈچۈن بولسا، بۇ يەرگە ئۆشرىمۇ، خىراجمۇ يوق. ئۆشرى يەر بولامدۇ، خىراجىي يەر بولامدۇ پەرقى يوقتۇر. ئىراق، شام ۋە مىسىرنى پەتھى قىلىنغان ساھابىلار ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ دەۋرىدە خىراج ۋاجىپ قىلىنمىغان ئىدى. ئۇلار زاكات بەرمىدى. چۈنكى زاكات مەسكەن ۋە بىنالارغا ئەمەس، بەلكى زىرائەت ۋە مېۋىلەرگە ۋاجىپ بولىدۇ.

## مەراپىق (پاراۋانلىقلار)

مەراپىق مىرپەقنىڭ كۆپلىكىدۇر. مىرپەقنىڭ مەنىسى بولسا پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر، ھويلا، شەھەر، دۆلەت مىرپەقلىرى دېگەن ئىستىمال بار. بۇ لۇغەت ئەرەپ تىلىنىڭ «رەپەقەبىھى» دېگەن، يەنى «ئۇنى پايدىلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى»، دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. دېمەك، ئومۇمىي مەراپىق دېگەندە بارلىق خەلق پايدىلىنىشى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ يارىتىپ بەرگەن خىزمەتلىرى ۋە پاراۋانلىقى (يەنى قولايلىقلىرى) چۈشىنىلىدۇ. پاراۋانلىقلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) پوچتا، خەت، تېلېفون، تېلېگرامما، تېلېسكوپ، تېلېۋىزىيە ئالاقىلىرى، سۇنئى ھەمرا ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئىبارەت خىزمەت قولايلىقلىرى.

2) ئامانەت قويۇش، پۇلنى ئالماشتۇرۇش، ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇللارنى ياساش ۋە ئۇلارنى قويما ھالغا ئايلاندۇرۇشتىن

ئىبارەت بانكا خىزمەتلىرى پاراۋانلىقلىرى. دۆلەت بۇ خىزمەتلەرنى بېجىرىدۇ ۋە بۇ خىزمەتلەر ئۆسۈمگە-جازانىگە ئائىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىزمەتلەرنى بېجىرىش جائىزدۇر.

3) ئۇمۇمىي قاتناش ۋاستىلىرى ۋە ئالاقە پاراۋانلىقى. بۇلار ئۇمۇمىي يولدا بولمىغان پويىزلارغا ئوخشاش. چۈنكى ئۇمۇمىي يولدىكى پويىزلار، ئۇمۇمىي يولغا مۇۋاپىق، ئايرۇپىلان ۋە دېڭىزدىكى يۈك توشۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئاممىنىڭ مۈلكىدۇر.

بۇ مۈلۈكلار شەخسىي مۈلۈكدۇر ۋە شەخسلەر ئىگىلىك قىلىشى جائىزدۇر ۋە بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دۆلەت، ئايرۇپىلان، پويىز، پاراخوتلاردىن ئىبارەت ۋاستىلەرگە ئەگەر بۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئۇلارغا قولايلىق يارىتىش زۆرۈرىتى ئۈچۈن بۇلاردا (تاراسپورت ۋاستىسىدا) يېڭىلىق بار دەپ قارىسا، ئىگىلىك قىلىشى جائىز.

4) زاۋۇتلار.

دۆلەت، ئىنسانلار مەنپەئەتىنى باشقۇرۇش ۋاجىپلىقىغا مۇۋاپىق ئىككى خىل زاۋۇتلارنى قۇرۇشى ۋاجىپ بولىدۇ.

بىرىنچى تۈر:

بۇ مەدەنلەرنى قېزىش، تازىلاش، ئېرىتىش زاۋۇتلىرى ۋە نېفىتنى چىقىرىپ ئېلىش، ئايرىش زاۋۇتلىرىغا ئوخشاش ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىككە تەئەللۇق بولغان زاۋۇتلاردۇر. بۇ خىلدىكى زاۋۇتلار ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلارغا مۇۋاپىق جامائەت مۈلكى بولۇشى جائىزدۇر. جامائەت مۈلكىنىڭ ھەق ئەينەن نەرسىلىرى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جامائەت مۈلكىدۇر ۋە بۇ جامائەت مۈلكىنىڭ زاۋۇتلىرى، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جامائەت مۈلكى بولۇشى جائىز. دۆلەت بۇ زاۋۇتلارنى مۇسۇلمانلار



نامىدىن ئۆزى بەرپا قىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈر:

بۇ تۈر ئېغىر سانائەتكە ۋە قورال-ياراق ئەسلىھە سانائىتىگە تەئەللۇق زاۋۇتلاردۇر. بۇ تۈر زاۋۇتلار شەخسلەرگە مۈلۈك بولۇشى جائىزدۇر. چۈنكى بۇ تۈر شەخسىي مۈلۈكچىلىكتىندۇر. لېكىن، بۇنىڭغا ئوخشاش زاۋۇتلار ۋە سانائەتلەر زور مەبلەغكە مۇھتاج بولغانلىقى ۋە شەخسلەردە بۇنداق مەبلەغ يېتەرلىك ئەمەسلىكى سەۋەبىدىن بۈگۈنكى كۈندىكى ئېغىر قوراللار، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىپىلەر كۈنلىرىدە بولغىنىدەك، بۇنىڭغا ئوخشاش سانائەت ۋە ئېغىر قوراللار شەخسىي مۈلۈك ئەمەس، بەلكى دۆلەت مۈلكى بولىدۇ. دۆلەت بۇ قوراللارنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ زىممىسىدىكى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇسۇسەن، قورال-ئەسلىھەلەر يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ۋە ناھايىتى زور سەرپ-خىراجەتنى تەلەپ قىلىدىغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن زاۋۇتلارنى بەرپا قىلىش دۆلەت زىممىسىدىكى ۋەزىپە بولۇپ قالىدۇ. بۇ نەرسە شەخسلەرنى ئۇشبۇ سانائەتنى بەرپا قىلىشتىن مەنئى قىلىشنى چۈشەندۈرمەيدۇ.

دۆلەت ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ باشقۇرۇش تەقەززاسى بىلەن بۇ تۈردە قولايلىقلارنى ئادەملەرگە تولۇق يېتەرلىك قىلىشى ۋاجىپتۇر. بۇ قولايلىق (پاراۋانلىق) دۆلەت مۈلكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىرىم ۋە پايدىلىرىمۇ دۆلەت مۈلكى بولۇپ، بەيتۇلمال كىرىملىرىدىن ھېساپلىنىدۇ ۋە ئۇلجا، خىراج دىۋانىغا قويۇلۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا سەرپلىنىدۇ.

ئەمما مەدرىسە، ئۇنىۋېرسىتېت، دوختۇرخانا، ئۇمۇمىي يوللارغا ئوخشاش، ئادەملەرگە قولايلىق يارىتىدىغان كۆپ قۇرۇلۇشلار ۋە دۆلەتكە يېتەرلىك قىلىش ۋاجىپ بولغان باشقا قولايلىقلار بەيتۇلمالغا بىرەر-بىر پايدا كەلتۈرمەيدۇ. بەلكى، دائىم سەرپ-خىراجەتكە مۇھتاج بولىدۇ ۋە بۇ قولايلىقلارنىڭ مۇتلەق كىرىمى يوقتۇر.



## ئۆشرىلەر

ئۆشرىلەر بۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بولغان ۋە خەلىفىلىك دۆلىتى چېگرىسىدىن ئۆتكۈچى دارۇل ھەرب ئەھلىلىرىنىڭ ۋە زىممىيلەرنىڭ تىجارەت ماتا ۋە مالىدىن ئېلىنىدىغان ھەقتۇر. ئۆشرى يىغقۇچىنى ئاشىر دېيىلىدۇ.

مەكسى - دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان مالدىن ئېلىنىدىغان ناھەق مالدۇر. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «ساھىبۇل مەكسى جەننەتكە كىرمەيدۇ»، -دەپ ئېيتقانلىرىنى ئىشىتكىنىنى رىۋايەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش مەكسنى يامان دېگۈچى ۋە بۇ ھەقتە يامان خەۋەرلەرنى كەلتۈرىدىغان بىر نەچچە ھەدىسلەر مەۋجۇت. رۇۋەيفە ئىبنى سابىت: «مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى «ساھىبۇل مەكسى دوزاختادۇر»، -دەپ ئېيتقانلىرىنى ئىشىتتىم»، -دەپ رىۋايەت قىلغان راۋى بۇ ھەدىستىكى ساھىبۇل مەكسنى دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتىۋاتقان تىجارەت ماللىرىغا ئۆشرە ئالغۇچى مەناسىدا دۇر، دېگەن. قۇرەيز ئىبنى سۇلايماندى «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋپىل قارىغا «رىپھى دىكى (ئورۇننىڭ نامى) باجخانا دېيىلىدىغان ئۆيگە بېرىڭ ۋە بۇزۇپ دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭ، دەپ خەت يازغان»، -دەپ رىۋايەت قىلىنغان. شۇنىڭدەك، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئەدى ئىبنى ئەرتەئگە «ئىنسانلاردىن پىديە ۋە تائامنى ۋە سېلىقنى ئېلىپ تاشلاڭ، بۇ سېلىق ئەمەس، بەلكى الله تائالا ئۇ ھەققىدە ئېيتقان - كەمەيتىشتۇر:

ولا تبخسوا الناس اشياٴهم ولا تعثوا في الارض مفسدين *

ـ«ئى قوۋم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە-پاساد تېرىماڭلار» (11:85)

كىمكى سەدىقىنى كەلتۈرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭ، كىمكى كەلتۈرمىسە ئۇنىڭغا اللەنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ.

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدە مەكسى يامان نەرسە دەپ ئېيتىلغان. مەكسى يىققۇچىگە قاتتىق ۋە يامان خەۋەلەرنىڭ كېلىشى مەكسى ئېلىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئۆشرە مۇسۇلمانلاردىن چېگرادىن ئۆتىۋاتقان زىممىيلەرنىڭ ماللىرىنىڭ ئېلىنماسلىقىنى بايان قىلغان باشقا ھەدىسلەرمۇ بار. ئۆشرە پەقەت دارۇل كۇفرى ئەھلىدىن ئېلىنىشىنى كۆرسىتىدىغان باشقا ھەدىسلەر كەلگەن. مەسىلەن: ئابدۇراھمان ئىبنى مەئقەلدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا، ئابدۇراھمان ئېيتىدۇكى: «مەن زىياد ئىبنى ھەدىردىن «كىمدىن ئۆشرە ئالدىڭلار؟» ، -دېەپ سورىدىم» . ئۇ: بىز مۇسۇلمانلاردىن ۋە زىممىدىن ئۆشرە ئالمايتتۇق» . مەن: «يەنە كىمدىن ئۆشرە ئالاتتىڭلار؟» ، -دەپ سورىدىم. ئۇ: «دارۇل كۇفرى تىجارەتچىلىرىدىن بىز بارغاندا بىزدىن ئۆشرە ئالغىنىغا ئوخشاش، بىزمۇ ئۆشرە ئالاتتۇق» ، -دېدى. ئەمرى ئىبنى دىناردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا، ئەمرى ئېيتتىكى: «مۇسلىم ئىبنى مىسباھ، ئىبنى ئۆمەردىن: «بىز ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆشرە ئالغانلىقىنى بىلەمسەن» ، -دەپ سورىغانلىقىنى ۋە ئىبنى ئۆمەر: «ياق، ئالغانلىقىنى بىلمەيمەن» ، -دەپ ئېيتقانلىقىنى ماڭا خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ھەدىسلەر مۇسۇلمانلاردىن ۋە زىممىيلاردىن ئۆشرە



ئېلىنمىغانلىقىنى، بەلكى ئۆشرە دارۇل كۇفرى ئەھلىلىرىدىن ئەگمۇ-تەك مۇئامىلە قىلىش پايدىسىغا بىنائەن ئۇلار سېلىق ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆشرە ئېلىنىشىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

لېكىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىفىلەر، - ئوسمان، ئېلى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزلەر دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتىۋاتقان تىجارەتچىلەردىن ئۆشرە ئالغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان باشقا خەۋەرلەرمۇ كەلگەن. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ تىجارەتچىلىرىدىن رۇبئۇل ئۆشرە (يەنى، قىرىقتىن بىرى) ۋە زىممىيلاردىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى (يىگىرمىدىن بىرى ۋە دارۇل كۇفرى تىجارەتچىلىرىدىن ئۆشرە ئالاتتى. زىياد ئىبنى ھەدىردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە زىياد ئېيتىدۇكى: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ مېنى ئۆشرە يىققۇچى قىلدى ۋە ماڭا مۇسۇلمانلارنىڭ تىجارەتچىلىرىدىن قىرىقتىن بىرىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى» . زىياد باشقا ھەدىستە ئېيتىدۇكى: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ماڭا بەنى تەغلىب قەبىلىسىگە نەسرانىلاردىن ئۆشرە ئېلىشنى ۋە ئەھلى كىتاپ (يەھۇدىلار ۋە نەسرانىي) لەردىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى مەئقەل زىياد ئىبنى ھەدىردىن قىلغان رىۋايىتىدە زىياد دارۇل كۇفرى ئەھلى تىجارەتچىللىرىدىن ئۆشرە ئالغانلىقىنى رىۋايەت قىلىنغان. سائىب ئىبنى يەزىددىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە سائىب ئېيتىدۇكى: «مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدا مەدىنە بازىرىدا بولغان ئىدىم. بىز نەبەتلەردىن (ئەجەملەردىن بولغان قەۋم) ئۆشرە ئالاتتۇق» . ئابدۇللار ئىبنى ئۆمەر رىۋايە قىلىپ ئېيتىدۇكى: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە يۆك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆپىيىشى ئۈچۈن سەۋەب مەۋسۇمدىن ياغدىن ۋە بۇغدايدىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى (يەنى، ئەينەنلەر باغ ۋە بۇغداينى مەدىنىگە يېغىش. ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ياختىسىدىن بولغان ـللاردىن ئولۇق ئۆشرە ئالاتتى». زۆرەيق مىسىرغا ئۆتىدىغان ـيغا ئۆشرە ئالغۇچى بولغان ئىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئۇ كىشىگە «زىممىلەرنىڭ تىجارەت ماللىرىنىڭ ھەر يىگىرمە دىنارىدىن بىر دىنار ئالغىن. ئەگەر يىگىرمە دىناردىن كەم بولسا، تا ئون دىنارغىچە ئاشۇ ھېساپ بىلەن، ئەگەر، دىنارنىڭ ئۈچتەن بىرىدىن كەم بولسا ماللاردىن بىرەر نەرسە ئالمىغىن»، ـدېيىلىدۇ. بۇ ھەدىسلەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىپىلەر چېگرىدىن ئۆتىدىغان مۇسۇلمان تىجارەتچىلىرىدىن ئۆشرىنىڭ ئوتتۇرىدىن بىرىنى، زىممى تىجارەتچىلىرىدىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى، دارۇل ھەرب ئەھلى تىجارەتچىلىرىدىن ئۆشرە ئالغانلىقىغا يارقىن دەلىلدۇر.

بۇ ھادىسە ساھابىلارنىڭ كۆز ئالدىدا سادىر بولغان ئىدى، ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىشى – ئۆشرە ئېلىش جائىز ئىكەنلىكىگە «ئىجمائ» بولىدۇ. ئەدى ئىبنى ئەرتەئىگە ئىنسانلاردىن مەكسىنى ئېلىپ تاشلاشنى، ئابدۇللا ئىبنى ئەۋپىل قارىغا رەبىھى دىگەن جايدىكى مەكسخانىنى بۇزىۋېتىشنى ئېيتقان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز بولسا، مىسىردىكى ئۆشرە يىغقۇچى زۇرەيق ئىبنى ھەييانىد دەمەشقىيگە زىممىيلەردىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى ئېلىشنى بۇيرىغان. «بىز مۇسۇلمانلاردىن ۋە زىممىيدىن ئۆشرە ئالمايتتۇق» ـ دىگەن زىياد ئىبنى ھەدرى ئۆزىنىڭ باشقا رىۋايىتىدە: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ مۇسۇلمانلاردىن ئۆشرىنىڭ ئوتتىن بىرىنى، زىممىلەردىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى ئېلىشنى



ۋىنگغا بۇيرىدى» ـ دېدى. مانا بۇ ھەدىس رىۋايەتلەر زاھىرىدا ۋقىرىدىكى مەكسى ئېلىشنى يامان دەيدىغان ۋە مەكسى ئالغۇچىغا ـاتتىق كايىدىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە زىياد ئىبنى ھەدىر مۇسۇلمانلاردىن ۋە زىممىدىن ئۆشرە ئالمىغان ئىدۇق» ـ دەپ ـۋايەت قىلغان ھەدىسلەرگە زىت ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ.

بۇ ماۋزۇدا كەلگەن رىۋايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ بارلىق ئەھمىيىتىنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ ھەدىس ۋە رىۋايەتلەر ئارىسىدا مۇتلەق زىددىيەت يوق ئىكەنلىكى روشەن ئايان بولىدۇ. چۈنكى يامان دېيىلگەن ۋە ئالغۇچىسى قاتتىق ئەيىبلەنگەن مەكسى ئېلىش، بۇ مۇسۇلمانلاردىن ھەقسىز ئېلىنىدىغان ماللار ياكى چېگرىلاردىن ئۆتكۈچى تىجارەتچىلەردىن ئۆشرىدىن ئوتتۇرىدىن كۆپىراق ئېلىنىدىغان ماللاردىن كۆرۈلىدۇ. مۇسۇلمان كىشىگە ئۆشرە ۋاجىب بولمايدۇ، تىجارەت ماتالىرىغا بولسا، پەقەت زاكات ۋاجىب بولىدۇ. تىجارەت ماتالىرىدا ۋاجىب بولغان ئۆشرىنىڭ ئوتتۇز بىرى بۇ سېلىقمۇ ئەمەس، ئۆشرىمۇ ئەمەس. ئىبنى ئۆمەر ۋە زىياد ئىبنى ھەدىر ھەدىسلىرىدىن مەقسەت ئۆمەر ئۆشرە ئالمىغانلىقى بەلكى مۇسۇلمانلاردىن زاكات ئالغانلىقىدۇر. ئۇنىڭ مىقدارى ئۆشرە بولماستىن، بەلكى رۇبئۇل – ئۆشرى ئىدى. (يەنى، ئوندىن بىر بولماستىن قىرقتىن بىرى ئىدى).

زىممىلەردىنمۇ ئۆشرە ئېلىنمىغان، بەلكى ئۆشرىنىڭ يېرىمى ئېلىنغان. ئۇلاردىن ئېلىنغان ئۆشرىنىڭ يېرىمى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ زامانىدا ئىراق، شام، مىسىر پەتھى قىلىنغاندا ئۇلار بىلەن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى بېرىش شەرت قىلىنغان ئىدى. مانا ئۇنىڭ بىلەن قايتۇرۇلغان ۋە ئالغۇچى

قاتتىق ئېيىپلانغان بۇ مۇسۇلمانلاردىن بولسۇن ياكى زىممىدىن بولسۇن ياكى دارۇل كۇفرى ئەھلىدىن بولسۇن، ئۇلارغا شەرت قىلىنغىنىدىن كۆپراق ياكى مۇسۇلمان تىجارەتچىلىرىمىز كاپىرلارنىڭ دىيارلىرىغا بارغان ۋاقىتلىرىدا ئۇلار ئالغىنىدىن كۆپراق ئېلىنىشى ناھەق ئېلىنغان نەرسىدۇر.

ھەقىقەتتە، بۇ زىددىيەتتىكى كەتكۈزگۈچى رىۋايەتلەر مەۋجۇت. ئەبۇ ئۇبەيد «ماللار كىتابىدا، ئۆشرە ئالغۇچىنى زىكرى قىلغان ۋاقىتتا ، ۋۇ ھەدىسنى كەلتۈرۈپ، شۇنداق دېگەن: «ئۆشرە ئالغۇچى ھەقسىز سەدىقە ئالىدىغان كىشىدۇر». ۋە بۇنى شۇنداق دېگەن ھالدا تەپسىر قىلغان: «ئەگەر ئۆشرە ئالغۇچى، ئۆشرە ئېلىشتا زاكاتنى ئەسلىدىن زىيادە ئالسا، زاكاتنى ھەقسىز ئالغان بولىدۇ». كېيىن ئەبۇ ئۇبەيد شۇنداق دەپ داۋام قىلغان: «ئىبن ئۆمەر، ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆشرە ئالغانلىقىنى بىلەمسىز؟»، دەپ سورالغان ۋاقىتتا ئۇ: «ياق، بىلمەيمەن»، دەپ جاۋاب بەرگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇمىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشدۇر». ئەلۋەتتە، بىز ئىبن ئۆمەرنىڭ زاكاتنى ئەسلىدىن ئارتۇق ئېلىشنى ئىرادە قىلغانلىقىنى زاكاتنى ئېلىشنى ئىرادە قىلمىغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋېتىپتىمىز. ئۆمەر ۋە باشقا خەلىپىلەر ئەقلەرنى بىرىۋاتقاندا زاكات ئالاتتى. ئىبن ئۆمەرنىڭ پىكرى زاكاتنى ئۇلارغا بېرىش ھەققىدە بولغان. كېيىن ئەبۇ ئۇبەيد شۇنداق دەپ داۋام قىلدى: شۇنىڭدەك، زىياد ئىبن ھەدىرنىڭ «بىز مۇسۇلماندىن ۋە زىممىدىن ئۆشرە ئالمايتتۇق»، دېگەن ھەدىسىمۇ، «بىز مۇسۇلماندىن ئۆشرىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ۋە زىممىدىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى ئالاتتۇق»، دېگەن مەنادا بېيتىلغان. بۇلار زىياد ئىبن ھەدىردىن رىۋايەت قىلىنغان باشقا



رىۋايەتلەردە ئۇچۇق كەلگەندۇر». ئەبۇ ئەبەيدە زىممىلەردىن ئۆشرە ئېلىش ئۆزى مۇشكىل بولغانلىقىنى زىكرى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن سەدىقە ئالايلى دېسەك، زىممىلەر مۇسۇلمان ئەمەس، چۈنكى سەدىقە مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدۇ. ئەھلى ھەربىدىن ئالغانچىلىك ئۇلاردىن ئالايلى دېسەك ئۇلار ئەھلى ھەرب ئەمەس. كېيىن ئەبۇ ئۇبەيد مەن ھەدىسنى ياخشى ئويلىدىم ۋە ئۆمەرنىڭ زىممىلەر بىلەن ھەر بىر باش جىزيەسى ۋە خىراجىدىن ئاشقىرى ئاشۇ مىقدارغا سۈلھى قىلىشقانلىقىنى تاپتىم»، دېدى. شۇنىڭدەك، قەتادەنىڭ ئەبۇ مۇجلىزدىن قىلغان رىۋايىتىدە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان ئىبن ھەنىفنى ئىراققا ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئۇزۇن ھەدىسىدا، ئۆمەرنىڭ مانا بۇ سۆزلىرى كەلگەن: «بېرىپ-كېلىپ، يۈرگەن زىممىلەرنىڭ ماللىرىنى ھەر بىر يىگىرمە دىرھەمگە بىر دىرھەم ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن جىزيە ئالغىن». ئەبۇ ئۇبەيدە شۇنداق دەپ داۋام قىلىدۇ: «مەن زىممىلەرنىڭ تىجارەتچىلىرى بىلەن ئۆشرە ئېلىشقا سۈلھى تۈزۈلگەن دەپ پىكىر قىلدىم. بۇ ئۆشرە ھازىرمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىلار گەردىنىدىكى ھەققىدۇر». شۇنىڭغا ئوخشاش مالىك ئىبن ئەنەس: «زىممىلار ئەگەر ئۆز شەھەرلىرىدىن تىجارەت ئۈچۈن چىقسا، ھەر قېتىم چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئېلىنىشقا سۈلھى قىلىشقان»، دەيدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، ھەدىسلەر ئارىسىدا زىددىيەت يوق ئىكەنلىكى ۋە ئېيىپلانغان سېلىق - بۇ مالنى ھەقسىز ئېلىش ئىكەنلىكى روشەن بولىدۇ.

شۇنىڭغا بىنائەن مۇسۇلمانلار تىجارەتچىلىرىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈۋاتقان ماللىرىغا رۇبئۇل ئۆشرە، يەنى قىرىقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر زاكات ئېلىنىدۇ. چۈنكى تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكاتى پۇلغا ئوخشاشتۇر. بۇ زاكاتتا ۋاجىب بولغان نەرسە بولسا، قىرىقتىن بىرى ئىدى. تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكاتىمۇ پۇل زاكاتىغا ئوخشاش بولىدۇ. پۇل زاكاتىدىن ئاشۇرۇلمايدۇ ۋە كەمەيتىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ مىقدار الله مۇسۇلمان كىشىگە قۇرئاندىكى سەككىز سىنىپقا مالنى پاكلاش ئۈچۈن ۋاجىب قىلغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ مالىدىكى ھەققىدۇر. ۋە بۇ سەدىقات دىۋانىغا قويۇلۇپ ئۆز ئورنىغا سەرپ قىلىنىدۇ.

زىممى تىجارەتچىلىرىنى چېگرىلاردىن ئۆتمۇاتقانلىرىغا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ دەۋرىلىرىدە ئەقدى قىلىنغان سۈلھى ۋە ئىتتىپاقتا مۇۋاپىق نىسپىي ئۆشرە يەنى يىگىرمىدەن بىر ئېلىنىدۇ. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە ئەھلى كىتاپلار ياكى ئۇلاردىن باشقىلار بىلەن يېڭى ئىتتىپاق تۈزۈلسە، ئۇلار دۆلەت چېگرىسىدىن ئېلىپ ئۆتمۇاتقان تىجارەت ماللىرىغا ئېلىنىۋاتقان سېلىق مىقدارى ئۆشرە بىلەن ئۆشرىنىڭ ئوندىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرى ياكى ئۆشرىنىڭ يېرىمى بىلەن، ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكى ياكى ئازراقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئىتتىپاق قىلىنغان نەرسىگە رىئايە قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

دارۇل ھەرب تىجارەتچىلىرىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن ئېلىپ ئۆتمۇاتقان ماللىرىدىن ئۇلارنىڭ دۆلىتى مۇسۇلمانلاردىن تۇتۇپ ئېلىۋاتقان مىقداردا بىر خىل مۇئامىلە قىلىنىپ ئۆشرە ئېلىنىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ تىجارەتچىلىرىمىزدىن ئالغىنىغا ئوخشاش ئاز بولسا ئاز كۆپ بولسا كۆپ ئالىمىز. ھەقىقەتتە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىپىلەر دەۋرىدە دارۇل كۇفرى ئەھلىلىرى بىلەن بىر خىل مۇئامىلە قىلىنىپ



ئۆشرە ئېلىناتتى. زىياد ئىبنى ھەدىردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا، زىياد ئىبنى ھەدىر: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئۆشرە ئېلىشقا ئەۋەتكەن كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى مەن بولغان ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ مۇسۇلمانلاردىن قىرىق دەرھەم ھېساۋىدىن بىر دىرھەم، زىممىلاردىن ھەر يىگىرمە دىرھەمدىن بىر دەرھەم ئېلىشىمنى، زىممى بولمىغانلاردىن، بىز ئۇلارنىڭ دىيارلىرىغا بارغاندا بىزدىن ئالغىنىغا ئوخشاش ئوندىن بىر ئېلىشىمنى بۇيرىدى» .-دېدى. ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا، ئەنەس ئىبنى مالىك: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ مېنى ئۆشرە ئېلىشقا ئەۋەتتى ۋە ماڭا مۇسۇلمانلارنىڭ تىجارەتلىرى ئۈچۈن بېرىپ.كېلىپ يۈرگەن ماللىرىدىن قىرىقتىن بىرنى، زىممىلەردىن يىگىرمىدىن بىرنى ئېلىشىمغا ۋە دارۇل ھەرب ئەھلىلىرىدىن ئوندىن بىرنى ئېلىشىمغا پەرمان يېزىپ بەردى» .دەپ ئېيتىدۇ.

ئەبۇ مەسەل ئەشئەرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەلۋەتتە بىز تەرەپتىن تىجارەتچى مۇسۇلمانلار كۇفرى دىيارىغا بارغاندا، ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن ئوندىن بىر ئېلىشىدۇ» .-دەپ خەت يازىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسەل ئەشئەرىگە: «سەن كۇفرى دىيارى ئەھلىلىرىدىن مۇسۇلمان تىجارەتچىلىرىدىن ئالغىنىغا ئوخشاش ئالغىن» .-دەپ خەت يازدى ۋە مەنبىج ئەھلى ئۆمەرگە: بىزگە يېرىڭىزگە تىجارەت ئۈچۈن كىرىشكە رۇخسەت بېرىڭ، بىزدىن ئوندىن بىرنى ئالىمىز.-دەپ خەت يازدى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن شۇ ھەقتە مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار ئۆمەرگە ئوندىن بىرنى ئېلىشقا

مەسلىھەت بېرىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۇفرى دىيارى ئەھلىدىن ئېلىنىدىغان سېلىق مىقدارى ئۇ يىلقى بىر خىل مۇئامىلە قىلىنىپ، بىزنىڭ تىجارەتچىلىرىمىزدىن ئېلىنغان مىقدارغا بولىدۇ. ئەگەر بىز بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتلەر بىلەن بىللە ئىتتىپاق بۇ ئىتتىپاق، ئۇلار بىزنىڭ تىجارەتچىلىرىمىزدىن ئېلىنىدىغان سېلىقنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ۋە بىز ئۇلارنىڭ تىجارەتچىلىرىدىن ئىتتىپاق بەلگىلەپ بەرگەن سېلىق مىقدارىنى ئېلىشقا رازىلىق قىلىشىمىز ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ مىقداردىن ئارتۇق ئېلىشىمىز ياخشى ئەمەس.

ئەلۋەتتە، زىممىي ۋە كۇفرى دىيارى ئەھلىلىرى تىجارەتچىلىرىدىن ئېلىنىدىغان نەرسىلەر، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېيىش - ئىچىش ۋە ئۇلار يېيىش ۋە خىراج دۇنياسىدا قويۇلۇپ، جىزيە ۋە خىراج ئورۇنلىرىغا سەرپ قىلىنىدۇ.

زىممىيلەر ۋە كۇفرى دىيارى تىجارەتچىلىرىدىن ئېلىنىدىغان مىقدار خەلىپىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلىدۇ. خەلىپە ئۇرگەن پاكى تۇرۇلىدىغان سولھى ئىتتىپاقى ماللىرىسىدە ۋە بىزنىڭ تىجارەتچىلىرىمىزگە مۇئامىلە قىلىشقىنىغا ئوخشاش بىر خىل مۇئامىلە قائىدىسىگە سىياسەن. ئۇنىڭغا ئىسلام ۋە مۇسۇلمان، مۇئمىنلەر پىيىش مەنپەئىتىنىڭ نەپ كۆرگەن رەئىيىگە مۇۋاپىق مىقدارىنى ئېلىشنى ياكى كەمەيتىشنى خالىيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدىغان ھەدىستە ئابدۇللاھ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەبەتتى قەۋمىنىڭ ياغ ۋە بۇغدايدىن، مەدىنىدە ئازراق ئۆتۈشىشى ئۈچۈن، يىگىرمىدىن بىرنى ئالاتتى، ياغدا مالىسىدىن بولسا ئوندىن بىرنى ئالاتتى» دېدى.



## ئۆشرىلەر نېمىلەردىن ۋە قاچان ئېلىنىدۇ؟

ئۆشرىلەر ماتا بولامدۇ، ھايۋان، زىرائەت ياكى مېۋە بولامدۇ ئۇزى قانداق بولمىسۇن، تىجارەت ماللىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئېلىنىدۇ. تىجارەت ماللىرىدىن باشقا ماللاردىن ئېلىنمايدۇ. ئەمما شۇنىڭ كىيىملىرىگە ئەسۋابلىرىغا ۋە ئۆزى ئىشلىتىدىغان خاس نەرسىلەرگە ۋە ئاتلىرىغا ئۆشرە ئېلىنمايدۇ. ئەگەر بىرەر شەخس ئۆزى بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىلىرى تىجارەت ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلسا، ئۇنىسى ھۆججەت بىلەن ئىسپاتلىشى لازىم.

زىممىيلەر ۋە كۇفرى دىيارى تىجارەتچىلىرىدىن پەقەت چېگرىلاردىن ئۆتكۈچى تىجارەت ماللىرىدىنلا ئۆشرە ئېلىنىدۇ. زىممىيلەر ۋە كۇفرى دىيارى ئەھلىلىرىنىڭ چېگرا ئىچكىرىسىدىكى تىجارىتىدىن بولسا ئېلىنمايدۇ. پەقەتلا، سولھى ئىتتىپاقى ياكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان تىجارەت ئىتتىپاقلىرى - چېگرا ئىچكىرىسىدىكى مالدىن ئۆشرىلەر ئېلىنىشنى بايان قىلغان بولسا، ئېلىنىدۇ. چۈنكى زىممىي ۋە كۇفرى ئەھلى دىيارى ئەھلىلىرىگە زاكات يوق. زىممىيلار چېگرا ئىچكىرىسىدە پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن جىزيە، يەرلىرى ئۈچۈن خىراج بېرىدۇ خالاس. لېكىن زىممىيلەر بىلەن سولھى ئىتتىپاقىدا «ئوقەدىئول ئۆمەرىيە» دە، يەنى ئۆمەرنىڭ توختاملىرىدا كەلگىنىدەك ئوخشاش، يەرلىرىنى بېقىش ۋە مۇسۇلمانلارنى مېھمان قىلىشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى بايان قىلغان بولسا، زىممىيلار جىزيە ۋە خىراجقا قوشۇمچە رەۋىشتە ئىتتىپاقتىكى نەرسىلەرنى بېرىدۇ. كۇفرى دىيارى ئەھلىلىرى بىلەن بىر خىل مۇئامىلە قىلىشقا، ئىتتىپاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توختاملىرىغا، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىيارىغا كىرىشكە رۇخسەت بېرىش شەرتلىرىگە رىئايە قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر كېلىشىلگەن توختاملاردا ئىسلام دىيارى ئىچىدە ئۇلارنىڭ تىجارەتلىرى ئۈچۈن بىرەر نەرسە ئېلىنىشى شەرت قىلىنغان بولسا، ئېلىنىدۇ، بولمىسا ئېلىنمايدۇ. مۇسۇلمانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە تىجارەت ماللىرىغا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ.

ئۆشرە بىر يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدۇ، تىجارەتچى ئاشىرنىڭ ئالدىدىن قانچە كۆپ ئۆتسىمۇ. زىياد ئىبنى ھەدرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا، زىياد ئىبنى ھەدرى ئېيتىدۇكى: «زىيادنىڭ ئاتىلىرى بىر نەسرانىدىن ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئۆشرە ئالاتتى. نەسرانى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا كېلىپ: «ئى، ئەمىرۇل مۆئمىنىن، ئۆشرە ئالغۇچىڭىز مەندىن ئۆشرىنى بىر يىلدا ئىككى قېتىم ئېلىۋاتىدۇ»، -دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنىڭغا بىر يىلدا ئىككى قېتىم ئېلىش جائىز ئەمەس، بەلكى ھەر يىلى بىر قېتىم ئېلىش جائىز»، -دېدى. كېيىن نەسرانى ئۆمەرگە ئىككىنچى قېتىم كېلىپ: «مەن نەسرانى قېرىمەن»، -دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئۆمەر: «مەن ھەنىپ قېرىمەن، سېنىڭ ھاجىتىڭنىڭ ھەققىدە خەت يېزىپ ئەۋەتتىم»، -دېدى.

ئەمما، ئەگەر زىممى ۋە دارۇل ھەربدە ياشىغۇچى تىجارەتچى ھەر قېتىم ئاۋۋالقىسىدىن باشقا، يېڭى مال بىلەن ياكى تۈرلۈك ھەر خىل ماتالار بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۆتسە، ئۇ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئېلىپ ئۆتىۋاتقان تىجارەت مالىنىڭ ھەر بىرىگە زاكات ئالغىنىغا ئوخشاش، زىممىنىڭ ئېلىپ ئۆتىۋاتقان ھەر بىر يېڭى تىجارىتىدىن ئۆشرە ئېلىنمايدۇ. ئەگەر، مۇسۇلمان كىشى تىجارىتىنىڭ زاكاتىنى بەرگەنلىكىنى ئېيتسا، قەسەمى بىلەن ياكى



مۇجەت بىلەن تەستىقلىشى لازىم. چۈنكى زاكات بىر يىلدا بىر قېتىملا ۋاجىپ بولىدۇ. كىشى ئېلىپ ئۆتىۋاتقان زاكاتى ئۈچۈن رۇبئۇل ئۆشرە قىرىقتىن بىر زاكات ھالىدا ئېلىنىدۇ.

مۇسۇلمان تىجارەتچى مالى نىسابىغا يەتسە ۋە ئۇنىڭغا بىر يىل ئايلانسا، يەنى قىممىتى يىگىرمە مىسقال ئالتۇنغا يەتسە، (يەنى 85 گىرام ئالتۇنغا) ياكى 200 دەرھەم كۈمۈشكە (يەنى 555 گىرام كۈمۈش قىممىتىگە) رۇبئۇل ئۆشرە قىرىقتىن بىر ئېلىنىدۇ. ئەگەر مالى زاكات نىسابىغا يەتمىسە، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئېلىنمايدۇ. ئەمما زىممى ۋە كۇفرى دىيارىدا ياشىغۇچىدىن كۆپ بولامدۇ ياكى ئاز بولامدۇ تىجارەت مالىدىن ھەر بىرىدىن ئۆشرە ئېلىنىدۇ.

ئۆشرە ئالغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى نازۇكدۇر. چۈنكى ئاشىر ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلاردىن پارا ئېلىشقا ئوخشاش ئىللەتلەرگە يولۇقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆشرە ئالغۇچى ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇئامىلىلىرىنى يامانلاشتۇرماسلىقىغا ئېلىش ۋاجىپ بولغاندىن كۆپ ئالماسلىقى، ئاچكۆز ۋە پارا خور بولماسلىقى، پارا بارەۋېرىگە سودىگەرلەردىن ئېلىنىشى ۋاجىپ بولغان نەرسىنى كەمەيتىپ، بەيتۇلمال يەنى مۇسۇلمانلىق ھەققىنى زايا قىلماسلىق ئۈچۈن تەقۋا ۋە ياخشى ئەھلىدىن بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك، ئۆشرە ئالغۇچىنىڭ ھالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم بولىدۇ. كىمكى ۋەزىپىسىنى سۇئى ئىستىمال قىلغان ھالدا تېپىلسا جازالىنىدۇ ياكى قاتتىق تەنبىھ بېرىلىدۇ ياكى ئەمەلدىن بوشىتىلىدۇ.

# هاكىم ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ خىيانەت قىلغان ماللىرى، غەيرى شەرئى تېپىلغان ماللار، جەرىمانە ئېلىنغان ماللار

خىيانەت ماللىرى مەنسەپدار شەخسلەرنىڭ ياكى ئىشچى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلەرنىڭ غەيرى شەرئى يول بىلەن دۆلەت ياكى ئىنسانلارنىڭ ماللىرىدىن تاپقان بارلىق ماللىرىدۇر. مەنسەپدار شەخس ۋە خىزمەتچىلەرگە، پەقەتلا دۆلەت بەلگىلىگەن ئايلىق مائاشىلا هالال بولىدۇ. ۋالى ۋە ئىشچى، خىزمەتچىلەر كۈچ، مەنسەپ، هۆكۈمرانلىق بىلەن دۆلەت ياكى شەخسلەرنىڭ مالىدىن تاپقان مال ـ خىيانەتتۇر. خىيانەت مېلى ۋە هارام كېسەپ ـ پايدا ـ ئىگىسىز مال دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. بۇ ماللارنىڭ ئەگەر ئىگىلىرى تېپىلسا، ئۇلارغا قايتۇرۇش ۋاجىپ. لېكىن، بۇ ماللارنىڭ ئىگىلىرى تېپىلمىسا، مۇسادىرە قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار بەيتۇلمالىغا قوشۇش ۋاجىپ.

الله ئېيتىدۇكى:

**ومن يغلل يأت بما غل يوم القيامة**

ـ«كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان هالدا) كېلىدۇ» .(3:161)

مۇئاز ئىبن جەبەلدىن رىۋايەت قىلغان هەدىستە مۇئاز ئېيتىدۇكى: «مېنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەمەنگە ئەۋەتتى.



مەن كەتكەندىن كېيىن كەينىمدىن ئەلچە ئەۋەتتى. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «نېمە ئۈچۈن سېنى ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ ئىزنىمسىز بىرەر نەرسىگە ئېرىشمە، چۈنكى بۇ خىيانەتتۇر. كىمكى خىيانەت قىلسا، قىيامەت كۈنىدە خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قايتۇردۇم، ئەمدى كەتكىن» ـ دېدى» . بۇ هەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنغان هەدىستە ئۇ كىشى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېنى سەدىقە يىغقۇچى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولدى. «ئى، مەسئۇد، بارغىن مەن سېنى قىيامەت كۈنىدە، ئارقاڭدا خىيانەت قىلىپ ئېلىۋالغان سەدىقە تۆگىسى بوقۇرغۇچى هالدا كۆرمەي» ـ دېدى. «ئۇنداق بولسا بارمايمەن» ـ دېدىم. شۇۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سېنى مەجبۇر قىلمايمەن» ـ دېدى» .

ۋالىلار، ئىشچىلار، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى غەيرى شەرئى كەسىپ يوللىرى ئۆۋەندىكىلەردۇر:

## پارا

پارا بۇ ۋالىغا، ئىشچىغا، قازىغا، دۆلەت خىزمەتچىسىگە ئۇنى ئالماستىن بېجىرىش ۋاجىپ بولغان، شەخسلەرنىڭ بىرەر ئېهتىياجىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن مالدۇر. پارا، تۈرى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، كۆپ بولامدۇ ياكى ئاز بولامدۇ، قايسى يول بىلەن بېرىلىسۇن ۋە قايسى بىر مۇئامىلە ئۈچۈن ئېلىنمىسۇن، بارلىق هەممىسى هارامدۇر. ئەبۇ داۋۇت ئەبۇ هۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام هۆكۈم چىقىرىشتا پارا بەرگۈچى ۋە پارا ئالغۇچىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى كۆتەردى. ھەتتاكى، بىز قولتۇقىنىڭ ئاقلىقىنى كۆردۇق، كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم: «ئى ئىلاھىم يەتكۈزدۈممۇ؟» دېدى».

شۇنىڭ بىلەن، ۋالىيلارغا، ئىشچىلارغا، قازىلارغا ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە ھەدىيە ياكى سوغات قىلىنغان بارلىق ماللار ھارام. ئىگىسىز تېپىۋېلىنغان مال، ئېتىبار قىلىنىدۇ ۋە بۇ مالنى مۇسادىرە قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالىغا قوشۇش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ مال غەيرى شەرئىي مالدۇر.

## سەلتەنەت كۈچى بىلەن ھۆكۈمرانلىق ۋە ئىگىلىك قىلىنغان ماللار

بۇ ھاكىملار، ۋالىيلار، دۆلەت ئىشچىلىرى ياكى ئۇلارنىڭ قېرىنداش-ئۇرۇغ تۇغقانلىرى دۆلەت ماللىرىنى ياكى يەرلىرىنى ياكى ئىنسانلارنىڭ ماللىرى ياكى يەرلىرىنى مەنسەپ ياكى سەلتەنەت كۈچى ۋە زورلۇق بىلەن ئىگەللەپ ئالغان ماللاردۇر. دۆلەت ماللىرىدىن ياكى يەرلىرىدىن ياكى ئىنسانلارنىڭ ماللىرىدىن ياكى يەرلىرىدىن بۇ يوللارنى بىرەرسى بىلەن ئىگەللىگەن بارلىق ماللار ـ ھارام تېپىلغان مال، دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ ۋە بۇ مالغا ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ مال غەيرى شەرئىي يول بىلەن تېپىلغاندۇر. بۇ يوللارنىڭ بىرەرسى بىلەن ئىگەللىگەن بارلىق ماللار زۇلۇم، دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. زۇلۇم بولسا ـ ھارام، قىيامەت كۈنىنىڭ زۇلمەتلىرىدىندۇر. شۇنىڭدەك، بۇنداق مال خىيانەت، دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ.



خىيانەتنىڭ ئورنى بولسا ـ جەھەننەمدۇر. (يەنى، خىيانەت مال ئىگىسى) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا: «كىمدە-كىم يەردىن ھەقسىز بىر نەرسىنى ئالسا قىيامەت كۈنىدە يەتتە قەۋەت يەر ئاستىغا يۇتقۇزۇلىدۇ». باشقا رىۋايەتتە بولسا: «كىمدە-كىم بىر غېرىچ يەرنى زۇلۇم بىلەن ئالسا، قىيامەت كۈنىدە يەتتە قات يەر بوينىغا تاقاق قىلىپ كىيگۈزۈلىدۇ»..دېيىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نەبى ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىر غېرىچ يەرنى زۇلۇم بىلەن ئالسا، اللە يەتتە قات يەرنى بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ»..دېدى. مۇتتەپىقۇن ئەلەيھى ھەدىسىدۇر. (يەنى ئىتتىپاق قىلىنغان ھەدىسدۇر).

ئەگەر ئىگەللىۋالغان ماللار ۋە يەرلەر ئىنسانلارنىڭ مۈلكىدىن بولسا، ئەگەر ئىگىلىرى مەلۇم بولسا، ئۇلار قايتۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئىگىلىرى مەلۇم بولمىسا بەيتۇلمالغا قوشۇش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما ئىگەللىگەن مال دۆلەت مۈلكىدىن بولسا، قەتئىي بەيتۇلمالغا قايتۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ. خۇددى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز خەلىفە بولغان ۋاقىت بەنى ئۆمەييە، يەنى ئۆمەۋىيلار سەلتەنەت كۈچى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۈلۈكلىرىدىن ياكى دۆلەت مۈلكىدىن ئىگەللىۋالغان يەر ۋە ماللارنى بەيتۇل مالغا قوشۇپ، ئىگىسىنى بىلىنسە ـ ئىگىسىگە قايتۇرۇلغاندەك. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئۆمەۋىيلارغا ئاجرىتىلغان يەر، مەبلەغ ۋە ئىگەللىۋالغان بارلىق نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلدى. چۈنكى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز بۇ ماللارغا بەنى ئۆمەييە سەلتەنەت كۈچى بىلەن ۋە ئىگىلىك

قىلىش جائىز بولمىغان غەيرى شەرئىي يوللار بىلەن ئىگە بولغان دەپ، ئېتىبار قىلدى. بۇ ئىشنى ئۆزىدىن باشلىدى ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلۈكلىرىنى 23000 دىنارغا ساتتۇرۇپ بەيتۇلمالغا قويدى.

## دەللالچىلىق ۋە ۋاستىچىلىق ھەققى

بۇ ۋالىلارۋە دۆلەت ئىشچىلىرى، ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرى دەللالچىلىق ياكى ۋاستىچىلىك قىلغان ھالدا، ئەجنەبى ياكى مەھەللى شىركەتلەردىن ياكى شەخسلەردىن، ئۇلار بىلەن دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن توختام ياكى شەرتنامە باراۋىرىگە ئالغان ماللاردۇر. ئۇلار بۇ يول بىلەن تاپقان بارلىق ماللىرى خىيانەت ۋە ھارام مال دەپ، ئېتىبار قىلىنىدۇ. بۇ ماللارنى مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالىغا قويۇش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ مال غەيرى شەرئى تېپىلغاندۇر. مۇئاز ئىبن جەبەلدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇئاز ئېيتىدۇكى: «مېنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام يەمەنگە ئەۋەتتى. مەن يەمەنگە ئەۋەتىپلا، ئارقىمدىن ئادەم ئەۋەتتى ۋە مەن قايتتىم. شۇ ۋاقىتىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام «نېمە ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ ئىزنىمسىز بىرەر نەرسىنى ئالمايسەن. چۈنكى بۇ مال-خىيانەتتۇر، كىمكى، خىيانەت قىلسا، قىيامەتتە خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى چاقىردىم. ئەمەلىڭنى داۋاملاشتۇرغىن» ، -دېدى» . شىركەت ۋە شەخسلەر دەلاللىق ۋە ۋاستىچىلىق ھەققىنى ۋالى ۋە دۆلەت ئىشچىلىرىغا دۆلەتتىن يوشۇرۇنچە ۋە مەخپى رەۋىشتە بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئۇممەت



مەنپەئەتلىرى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى مەيدانغا چىقىدىغان قانۇن لايىھەلەرنى تۈزۈش ياكى ئىجارىگە بېرىش توختىمىنى تۈزۈشكە ئېرىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ۋە بۇمۇ پارا تۈرىدىدۇر.

## ئوغرىلىقلار

بۇ ۋالىلار، دۆلەت ئىشچىلىرى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىنشائاتلارغا، لايىھەلەرگە ياكى باشقا دۆلەت مەنپەئەتلىرىگە پاراۋانلىقلارغا باشچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەسەررۇپلىرى ئاستىغا قويغان دۆلەت ماللىرىدىن ئوغۇرلاپ ئالغان ماللاردۇر. بۇ ماللارغا پوچتا، تېلېگراف، تېلېفون ۋە ئالاقە خىزمەتلىرى، بۇلاردىن باشقا ئىدارە خىزمەتچىلىرى غەيلەتلىرىدىن پايدىلىنىش، ئالدامچىلىق، ساختىلىق يولى بىلەن ئىنسانلاردىن بەلگىلەنگەن ھەقدىن ئارتۇقچە ئېلىنغان ھەقلەر-ئالدامچىلىق بىلەن ئوغۇرلانغان ماللارغا كىرىدۇ. دۆلەت ماللىرىدىن ئوغۇرلاش ياكى ئىنسانلارنىڭ ماللىرىدىن بىپەرۋالىقىدىن پايدىلىنىش، ئالدامچىلىق يولى بىلەن تېپىلغان بارلىق ماللار ھارام. ئىگىسىز تېپىلغان مال، دەپ ئېتىبار قىلىنىش ۋە بەيتۇلمالغا قويۇش ۋاجىپ بولىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئۆمەر ئىبن خەتتاپ بىرەر ۋالىدىن ياكى دۆلەت ئىشچىسىدىن شۈبھىلەنسە، ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن تەمىناتتىن ئارتۇقچە ماللىرىنى مۇسادىرە قىلاتتى ياكى مال ئۆزىنىڭكى ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلدۇراتتى. ئۆمەر ئىبن خەتتاپ ۋالى ۋە دۆلەت ئىشچىلىرىنى ئەمەلگە ئولتۇرماستىن ئىلگىرى

ئۇلتۇرغاندىن كېيىن، [illegible]. ئەگەر ئارتۇقچە مال ئاپسا پاكى ئاشۇ مالدىن [illegible]، ئۇلارنىڭ مالىنى مۇسادىرە قىلاتتى ياكى قەسەم قىلدۇراتتى. ئۇلاردىن ئالغان نەرسىلەرنى بەيتۇلمالغا قوياتتى. [illegible]. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئەبۇ سۇفيان ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ھۇزۇرىدىن قايتقاندا، ئەبۇ سۇفياننىڭ مالىنى مۇسادىرە قىلدى. مۇئاۋىيە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شامدىكى ۋالىسى ئىدى. ئەبۇ سۇفيان ئۆمەرگە سالام بەرگىلى كەلگەندە، «مۇئاۋىيە ئانىسى قايتقاندا ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ ئەۋەتكەندۇر» ، دېگەن خىيال ئۆمەرنىڭ كۆڭلىگە كەچتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ شۇنداق دېدى: «ئى، ئەبۇ سۇفيان، بىزگە ئالغان مالنى بەر» . ئەبۇ سۇفيان: «بىرەي دېسەك بىرەر نەرسە ئالغىنىمىز يوق» ، - دېدى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىنى ئەبۇ سۇفياننىڭ قولىدىكى ئۈزۈككە ئۇزاتتى ۋە قولىدىن ئۈزۈكىنى ئالدى. ئۈزۈكنى ئەلچى بىلەن ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى ھىندىگە ئەۋەتتى، ئەلچىسىگە: «ئەبۇ سۇفيان نامىدىن «مەن ئەكەلگەن ئىككى خۇرجۇنغا قارىغىن ۋە ئۇنى ئەۋەتكىن!» -دەپ ئېيتىشنى بۇيرۇدى. ئەلچە ھايال يوق 10000 دەرھەم بولغان ئىككى خۇرجۇننى ئېلىپ كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ دىرھەملەرنى بەيتۇلمالغا تاشلىدى» .

ۋالىلار، دۆلەت ئىشچىلىرى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرى يۇقىرىدا ئۆتكىنىگە ئوخشاش غەيرى شەرئىي يول بىلەن تاپقان بارلىق ماللار بەيتۇلمال كىرىملىرىدىندۇر. شۇنىڭدەك، شەخسلەر ئۇنىڭ بىلەن مۈلكىنى ئۆستۈرۈشى مەنئى قىلىنغان يوللاردىن بىر يول بىلەن تېپىۋالغان بارلىق ماللىرى بەيتۇلمال كىرىملىرىدىن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھارامدىن تاپقان مال بولۇپ،



ئىكەنسىزدۇر.

كىمدە-كىم رىبا بولۇپ ئارقىلىق بىرەر نەرسىنى تاپىدىكەن، بۇ نەرسە ھارام ۋە ئىگىسىز بولىدۇ. چۈنكى اللە تائالا رىبانى ۋە رىبا يولى ئارقىلىق ماللارنى توپلاشنى ھارام قىلدى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

الذين يا'كلون الربا لايقومون الا كما يقوم الذي يتخبطه الشيطان من المس ذلك بانهم قالوا انما البيع مثل الربا واحل الله البيع وحرم الربا فمن جاء، موعظة من ربه فانتهي فله ما سلف وامره الي الله ومن عاد فاولئك اصحاب النار هم فيها خالدون *

-«جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر جىن چېپىلىپ قالغان سارالڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللە تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال بىلىپ: «سودا-سېتىق جازانىغا ئوخشاش» دېدى. اللە سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز-نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى اللەغا تاپشۇرۇلىدۇ. قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» . (2:275)

رىبانى، ئەگەر بەرگەن ئىگىسى مەلۇم بولسا، ئۇلاردىن ئېلىپ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئىگىلىرى مەلۇم بولمىسا مۇسادىرە قىلىنىپ، بەيتۇلمالغا قويۇش ۋاجىپ بولىدۇ. اللە تائالا ئېيتىدۇ:

يا ايها الذين امنوا اتقوا الله وذروا مابقي من الربا ان كنتم مو'منين * فان لم تفعلوا فاذنوا بحرب من الله ورسوله وان تبتم فلكم ر'وس اموالكم لا تظلمون ولاتظلمون *

-«ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! مۆئمىن بولساڭلار، اللەنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، قىلىپ قالغان جازانىنى ئالماڭلار.

ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، اﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار، سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر» (2:278، 279).

كىمدە-كىم قىمار يولى ئارقىلىق مال تاپسا، ئۇ ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن قايتۇرۇلۇشى ۋاجىپ بولغان مال بولىدۇ. ئەگەر ئىگىسى مەلۇم بولمىسا، مۇسادىرە قىلىنىپ بەيتۇلمالغا قويۇلىدۇ. چۈنكى مۈلۈكنى قىمار يولى ئارقىلىق كۆپەيتىش شەرئەن جائىز ئەمەس. ۋە قىمار ھارامدۇر. اﷲ تائالا ئېيتىدۇ:

**يا ايها الذين امنوا انما الخمر والميسر والانصاب والازلام رجس من عمل الشيطان فاجتنبوه لعلكم تفلحون * انما يريد الشيطان ان يوقع بينكم العداوة والبغضاء في الخمر والميسر ويصدكم عن ذكر الله وعن الصلاة فهل انتم منتهون ***

-«ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، نامازدىن ۋە اﷲنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى يانماسىلەر؟». (5:90، 91)

## جەرىمانىلەر

شۇنىڭدەك، دۆلەت بەزى گۇناھ ئىشلارنى قىلغۇچىلار ياكى بەزى قانۇنلارغا قارشى چىققۇچىلارغا، ئىدارەۋى ياكى تەرتىپكە سېلىش نىزاملىرىغا قارشى چىققۇچىلارغا بەلگىلەپ قويغان



جەرىمانىلارمۇ بەيتۇلمال كىرىملىرىدىندۇر. جەرىمانىلار سۈننەت بىلەن ئىسپاتلانغان. ئەمرى ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى چوڭ دادىسىدىن - ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس، ئەمرى ئىبنى ئاس رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ، ئېيتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېسىلىپ تۇرغان مېۋە ھەققىدە سورىدىلەر شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇھتاج كىشى يەپ ئۆزى بىلەن بىرەر نەرسە ئالمىسا زەرەرى يوق، كىمدە-كىم ئۆزى بىلەن بىرگە بىرەر نەرسىنى ئالسا، ئالغان نەرسىسىنىڭ ئىككى باراۋەر جەرىمانىسى ۋە جازاسى باردۇر». شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن: «ئاداشقۇچى ھايۋاننى يوشۇرۇپ قويغۇچىغا شۇ ھايۋان جەرىمانىسى ۋە جەرىمانە بىلەن بىرگە ھايۋاننىڭ ئوخشىشىنى بېرىش زىممىسىدە دۇر»، -دەپ ئېيتقانلىرى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتقان كىشىنى، ئۇنىڭغا تەزىر بېرىلىشى ئۈچۈن، ۋاجىپ بولغان زاكاتتىن تاشقىرى مالىنىڭ يېرىمىنى ئېلىشى بەيتۇلمال كىرىملىرىدىن بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەزىر بەرگۈچى جازا سۈپىتىدە جەرىمانىنى بەلگىلەشنى شەرئى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. خەلىفە گۇناھ ۋا قارشىلىقلارنىڭ تۈرىنى ۋە بۇ جەرىمانىلار مىقدارىنى، جەرىمانىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى، ئەڭ تۆۋەنلىرىنى چېگرىلاپ قويۇشى ۋە ۋالىلار، دۆلەت ئىشچىلىرى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى بۇ جەرىمانە مىقدارلىرىغا رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلىشى جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، خەلىفە جەرىمانە مىقدارىنى بەلگىلەشنى ۋالى، دۆلەت ئىشچىسى، قازى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىھادىغا تاپشۇرۇشى جائىزدۇر. خەلىفە ئىجتىھادى ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

بارغان پىكىرگە مۇۋاپىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئۇنىڭ يارامىلىق دەپ كۆرگەن نەرسىنى قىلىدۇ.



## خەزىنە (رۇكاز) ۋە مەدەنلەرنىڭ خۇمۇسى

خەزىنە بۇ كۇمۇش، ئالتۇن، جاۋاھىر، مارجان ۋە بۇلاردىن باشقا زىبۇ-زىننەت بويۇملىرى ۋە قورالغا ئوخشاش يەرگە كۆمۈلگەن مالدۇر. بۇ مال ئىلگىرىكى مىسىرلىقلار، بابىللىقلار، ئاشۇرىلىقلار، ساسانىلار، رۇملۇقلار، گىرىكلەر ۋە باشقا قەۋملەر پادىشاھلارنىڭ ياكى ئۇلۇغ كاتتا كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىدە ياكى ئۇلارنىڭ قەدىمى بۇزۇلۇپ كەتكەن شەھەرلىرى تۆپۈلۈكلىرىدە تېپىلغان پۇللار، زىننەت بۇيۇملىرى، جاۋاھىرلارغا ئوخشاش خەزىنە بولامدۇ ياكى جاھىلىيەت كۈنلەردە ياكى ئۆتكەن ئىسلامىي كۈنلەردە يەرگە يوشۇرۇپ، كۆزا ياكى باشقا نەرسىلەرگە قويۇلغان پۇل، ئالتۇن ياكى كۇمۇشلەر بولامدۇ، بۇلارنىڭ بارلىق ھەممىسى - خەزىنە دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ.

.«رۇكاز» سۆزى مەخپى بولدى مەنىدىكى «غەرەزە، يەغرىزۇ» پېئىلىگە ئوخشاش «رەكەزە، يەركۇزۇ» پېئىلىدىن ئىشتىقاق قىلىنغاندۇر. ئەرەپلەر يەرگە نەيزە سانچىسا «رەكەزەر رۇمهە» دېيىلىدۇ. «مەخپى ئاۋۇش» مەنىسىدىكى «ركز» سۆزى ئەنە شۇ پېئىلدىن ئېلىنغاندۇر. الله تائالا ئېيتىدۇكى:

او تسع لهم ركزا *

-«ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟»(19:98)

ئەمما مەدەن بۇ الله يەر ۋە ئاسماننى ياراتقان كۈندە يەرنىڭ ئىچىدە ياراتقان ئالتۇن، كۇمۇش، مىس، قوغۇشۇن ۋە باشقا

مەدەنلەردۇر. «مەدەن» سۆزى «ئەدەنە يەئلى ماكانە» «يەئدىنۇ» يىلىدىن ئىشتىقاق قىلىنغان بولۇپ، «بىر جايدا تۇردى» مەنىسىدەدۇر. مانا شۇ يىلىدىن «جەننەتى ئەدن» سۆزى نەنە شۇنىڭ بىلەن ئاتالدى. چۈنكى جەننەت ئەبەدى قېلىش دىيارىدۇر. مەدەن بۇ ئىنسانلار كۆمگەن نەرسە بولماستىن، بەلكى الله نىڭ ياراتقان نەرسىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، مەدەن كانى خەزىنىدىن پەرق قىلىنىدۇ. چۈنكى خەزىنە ئىنسانلارنىڭ كۆمۈشى بىلەن بولىدۇ.

خەزىنە ۋە مەدەنلەردىكى ئەسلى دەلىل، ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى: «ھايۋان تولۇقسىز ھەم بىنۇقسانىدۇر ۋە خەزىنىدە بولسا خۇمسى بارۋدۇر» . ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئېيتىلىشىچە نەبى ئەلەيھىسسالام ئاد قەبىلىسى خارابىلىرىدىن تېپىلغان نەرسە ھەققىدە سورىدى. شۇ ۋاقىتدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدا ۋە خەزىنىدە خۇمسى بار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئېيتىتىكى: «خەزىنىلەردە خۇمسى بار» . خەزىنە بۇ يەر ئاستىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بايلىقلىرىدۇر» .

شۇنىڭغا قارىغاندا، قەبرىلەردە ياكى تۆپىلىكلەردە ياكى شەھەرلەردە ياكى ئۆلۈك يەردە ياكى ئاد قەۋمى خارابىلىرىدىن، جاھىلىيەت پەيتىدە كۆمۈلگەن بولسۇن ياكى ئىسلامنىڭ ئۆتكەن ئەسىرلىرىدە كۆمۈلگەن بولسۇن ئالتۇن ۋە كۈمۈش ياكى زىننەت بۇيۇملىرى ياكى جاۋاھىرلار ياكى باشقا ماللار ـ بارلىق ھەممىسى تېپىپ ئالغۇچى ئۆچۈن مۈلۈك بولىدۇ. تېپىۋالغۇچى بۇ مالدىن بەيتۇلمالغا خۇمسى بېرىدۇ.



شۇنىڭدەك، بىرەر كىشى ئۆچۈن مۈلۈك بولمىغان ئۆلۈك يەردە تېپىلغان، كۆپ بولمىغان ئازلا ئالتۇن ۋە كۈمۈش مەدەنلىرىنىڭ بارلىق ھەممىسى بۇ مەدەن ھالىتىدە بولامدۇ ياكى مەدەن ھالىتىدە بولمامدۇ بۇلار، تېپىۋالغۇچى ئۆچۈن مۈلۈك بولىدۇ ۋە تېپىۋالغان نەرسىسىدىن بەيتۇلمالغا خۇمسى بېرىدۇ.

خەزىنە ۋە مەدەننى تېپىۋالغۇچىدىن ئېلىنىدىغان خۇمسى، فەيئى ئورنىدا بولىدۇ ۋە فەيئىنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ ۋە بەيتۇلمالنىڭ فەيئى ۋە خىراج دىۋانىغا قويىلىپ، ئۇنىڭ ئورۇنلىرىغا سەرپ قىلىنىدۇ. خۇمسىنىڭ ئىشى خەلىفىگە تاپشۇرۇلىدۇ. خەلىفە خۇمسنى ئۇممەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ۋە ئۇممەت مەنپەئەتلىرىنى ئۆتەش يولىدا ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت بار، دەپ بىلگەن رەئيى ۋە ئىجتىھادىغا مۇۋاپىق سەرپ قىلىدۇ.

مۇجالىد شۆئبىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستا: «بىر كىشى مەدىنە تاشقىرىسىدىن كۆمۈلگەن مىڭ دىنار تېپىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئېلىپ كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن خۇمسى، يەنى 200 دىنار ئېلىپ قالغىنىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۆمەر ئۇ ئىككى يۈز دىنارنى ئالدىلىرىدا ھازىر بولغان كىشىلەرگە تەقسىم قىلىشقا باشلىدى، ھەتتاكى، ئىككى يۈز دىناردىن بىر قىسمىنى ئارتقۇزۇپ بۇ دىنارنىڭ ئىگىسى قېنە؟ -دېدى. ئۇ كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ دىنارلارنى ئالغىن، بۇلار ساڭا» ، -دېدى.

ھارىس ئىبنى ئەبىل ھارىسىل ئەزدىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستا: «ھارىسنىڭ ئاتىسى مەدەن كېنىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەردىن بولغان كىشى ئىدى، ئاتىسى مەدەن تاپقان كىشىگە

www.uyghurkitap.com

كېلىپ بۇ مەدەننى بىر ياشقا تولۇپ ئىككى ياشقا توشمىغان 100 قوي باراۋىرىگە سېتىۋالدى». ھارىس ئېيتتىكى: «ئاتام مەدەننى ئېلىپ ئېرىتتى ۋە ئۇنىڭدىن مىڭ قوينىڭ پۇلىنى چىقاردى، كېيىن مەدەننى ساتقان كىشى كېلىپ: «سودىنى بۇزىمىز»، -دېدى. ھارىسنىڭ ئاتىسى: «بۇزمايمىز!» -دېدى. ساتقۇچى: «ئەلي ئىبن ئەبۇ تالىپقا بېرىپ سېنى ئېيتىمەن»، -دېدى. ئەلىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئەبۇل ھارىس يامبۇ تاپتى»، -دېدى. كېيىن ئەلى ئەبۇل ھارىس قېشىغا كېلىپ: «سەن تاپقان خەزىنە قەنە؟»، -دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇل ھارىس: «مەن خەزىنە تاپمىدىم ئۇ تېپىۋالدى ۋە مەن ئۇنى بىر ياشقا تولۇپ ئىككى ياشقا كىرمىگەن يۈز قويغا سېتىۋالدىم»، -دېدى. ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىپ ساتقۇچىغا: «خۇمسىنى سەن بېرىسەن»، -دېدى. ۋە يۈز قويدىن خۇمسى ئالدى».

شۇئبىي ۋە ھارىسنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىلىنىدۇكى، ئۇمەر ئىبن خەتتاپ خەزىنە تېپىۋالغۇچىدىن ۋە ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىپ مەدەن تېپىۋالغۇچىدىن ئالغان نەرسىنىڭ مىقدارى پەقەتلا خۇمسى بولغان. بەشدەن بىر قىسمى قالغان خەزىنە ۋە مەدەننى تاپقۇچىغا قايتۇرۇلىدۇ ۋە بۇ خۇمسى زاكات ئەمەس، بەلكى، فەيئى ئورنىدادۇر. چۈنكى خۇمسى ئەگەر زاكات بولغان بولسا ئىدى، خۇمسنى زاكات سەرپ قىلىنغان ئورۇنغا سەرپ قىلىنغان ۋە ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەزىنىنى تېپىۋالغۇچىغا خۇمسىدىن بەرمىگەن بولاتتى. چۈنكى خەزىنە تېپىۋالغۇچى باي بولغان ئىدى. زاكات بولسا بايغا ھالال بولمايدۇ.

خەزىنە ياكى مەدەن تېپىۋالغان بارلىق كىشىلەردىن، تېپىۋالغۇچى ئايال كىشى ياكى ئەر كىشى، كىچىك ياكى چوڭ،



ئەقىللىق ياكى ساراڭ، كاپىر ياكى مۇسۇلمان بولسۇن خۇمسى ئېلىنىدۇ ۋە بۇ خۇمسى ھەرقانداق مىقداردىن تېپىۋالغان نەرسە ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئېلىنىدۇ.

ئۆز مۈلكىدىكى يەر ياكى بىنادىن خەزىنە ياكى يامبۇ تېپىۋالغان كىشى بۇ يەرنى ياكى بىنانى مىراس ياكى سېتىۋېلىشتىن قەتئىينەزەر، تېپىۋالغان نەرسىلەرگە ئىگە بولىدۇ. بىرەرسىنىڭ يېرىدىن ياكى بىناسىدىن يامبۇ تېپىۋالغان بولسا يامبۇ خەزىنە، كان يەر ۋە بىنائىگىسى ئۈچۈن بولىدۇ، تېپىۋالغۇچى ئۈچۈن بولمايدۇ.

كىمدە-كىم، كاپىرلار دىيارىدىن خەزىنە ياكى كان تېپىۋالسا، بۇ خەزىنە ياكى كانغا ئىگە بولىدۇ. تېپىۋالغۇچىغا بۇ خەزىنە ياكى كان فەيئى بولىدۇ. ئىسلام دىيارىدىكى ئۆلۈك يەر ھەمدە قەدىمى خارابىلاردىن خەزىنە تېپىۋالغان كىشىگە ئوخشاش خۇمسى تۆلەش لازىم بولىدۇ.

خەزىنە ۋە كان تېپىلىشىنى ئۆزى بىلەن خۇمسى بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. خۇمسنى بەيتۇلمالغا بېرىشنى كېچىكتۈرۈش جائىز بولمايدۇ.

تېپىۋالغۇچى ئىگە بولىدىغان مەدەن كېمىنى ئاز مىقداردىكى كاندۇر. ئەمما مىقدارى كۆپ زور مىقداردىكى كان تېپىۋالغۇچىغا مۈلۈك بولمايدۇ. چۈنكى كۆپ مىقداردىكى كانلار شەخسلەر ئىگە بولۇشى جائىز بولمايدىغان ئامما مۈلكىدۇر. بەلكى بۇ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكىدۇر.

# مىراسخورى يوق كىشىنىڭ مېلى

ئىگىلىرى ۋاپات بولغان ۋە ھېچقانداق مىراسخورى بولمىغان يۆتكەلمەس ۋە يۆتكىلىدىغان بارلىق ماللار، يەنى بىر شەخس ۋاپات بولۇپ ئۇنىڭ مىراسخورى بولىدىغان ئايالى ياكى پەرزەنتى، ئاتا-ئانىلىرى، ئاكا-ئۇكىلىرى، ئاچا-سىڭىللىرى ياكى تۇققانلىرى بولمىغان كىشىنىڭ بارلىق ماللىرى بەيتۇلمالغا مىراس ھالدا قويۇلىدۇ. بۇخارى مىقدامىل كىندىدىن، مىقدامىل كىندى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى: «مەن ھەر بىر مۆئمىنگە ئۆزىدىنمۇ ھەقلىقدۇرمەن. كىمدە-كىم قەرز ياكى بالا-چاقىسىنى قالدۇرسا، مېنىڭ زىممەمدەدۇر. كىمدە-كىم مال قالدۇرسا، مىراسخورلىرىغادۇر. ۋە مەن ۋەلىسى يوق كىشىنىڭ ۋەلىسى مەن، مېلىنى مىراس ئالىمەن ۋە مەشەققىتىنى كەتكۈزىمەن». بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەمدە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس شەخس ۋاپات بولسا ۋە مىراسخورى بولمىسا، ئۇنىڭ مىراسخورى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە ئوچۇق ۋە يارقىن دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ، ۋەلىسى يوق كىشىلەرنىڭ ۋەلىسىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ۋەلىلىك خەلىپىگە ئۆتىدۇ. خەلىپە بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ ۋە ۋەلىسى يوق كىشىلەرنىڭ ۋەلىسى ۋە مىراسخورى يوق كىشىنىڭ مىراسخورىدۇر. خەلىپىنىڭ مىراسخورلىقى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالى ئۈچۈندۇر. شۇ



سەۋەبتىن مىراسخورى يوق كىشىنىڭ مىراسى - خۇسۇسى مۈلۈكتىن دۆلەت مۈلكىگە ئايلىنىدۇ ھەمدە بەيتۇلمالنىڭ فەيئى ۋە خىراج دىۋانىغا قويۇلىدۇ. خەلىپە بۇ مالنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى يولىدا كۆزلەنگەن، ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت بار دەپ بىلگەن رەئيىگە مۇۋاپىق سەرپ قىلىدۇ. خەلىپە بۇ مالنى سېتىشى ۋە ئىجارىگە بېرىشى، ۋەقپى قىلىشى، ھەدىيە قىلىشى، ئاجرىتىپ بېرىشى (يەر بولسا) ۋە ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر بىر مەنپەئەتلىرى يولىدا نەپىقە قىلىشى جائىزدۇر. مىراسخورى يوق بولغان مۇسۇلماننىڭ مېلىغا مىراسخورى يوق زىممىنىڭ مېلىمۇ ھەم كىرىدۇ. بىرەر-بىر زىممى ئۆلسە، يۆتكەلمەس ياكى يۆتكىلىدىغان مالنى قالدۇرسا، بۇ زىممىنىڭ مېلى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن فەيئى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مىراسخورلىرىدىن ئارتىپ قالغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ مېلىمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن فەيئى بولىدۇ. خۇددى ئۆزى ۋاپات بولۇپ، مىراسخورى پەقەتلا ئەر ۋە ئايالنىڭ بىرى بولغان كىشىگە ئوخشاش. چۈنكى ئەر ۋە ئايالنىڭ بىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مىقدارنى ئالغاندىن كېيىن، قالغان مال ئۇلارنىڭ بىرلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. مىراسدىن ئارتىپ قالغان مال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن فەيئى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالىغا قويۇلىدۇ. چۈنكى بۇ مالنىڭ مۇئەييەن ھەقدارى يوقدۇر ۋە بۇ مال، مىراسخورى يوق بولغان مۇسۇلماننىڭ مېلىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن فەيئى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# مۇرتەدلەرنىڭ مېلى

مۇرتەد بۇ ئىسلام دىنىدىن كۇفرىغا قايتقان كىشىدۇر. الله تائالا ئېيتىدۇكى:

ومن يرتدد منكم عن دينه فيمت وهو كافر فاولئك حبطت اعمالهم في الدنيا والاخرة واولئك اصحاب النار هم فيها خالدون

*

— «سىلەردىن كىمكى دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» .(2:217)

ئىسلام دىنىدىن ئەركىشى بولامدۇ، ئايال كىشى بولامدۇ، يەھۇدى، نەسرانى، مەجۇسى، بۇددا دىنىغا ئوخشاش باشقا دىنغا قايتقان ياكى كوممۇنىزمغا ئوخشاش دىنسىزلىققا قايتقان شەخسنىڭ قېنى قوغدالمايدۇ. دېمەك، مېلىمۇ قوغدالمايدۇ. چۈنكى مېلىنىڭ ھۆرمىتى - قېنىنىڭ ھۆرمىتىگە باغلىقتۇر. ئەگەر قېنىنىڭ ھۆرمىتى مۇرتەد بولغانلىقى ئۈچۈن بۇزۇلسا، مال ھۆرمىتى قان ھۆرمىتىدىن تۆۋەنراقتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى: «ئىنسانلار: «لااله الاالله» دېگەنلىرىگىچە جەڭ قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى: «لااله الا الله» ..دېسە، مەندىن جېنىنى ۋە مېلىنى ساقلايدۇ. لېكىن ئىسلام ھەققىنى ساقلىمايدۇ. بۇنىڭ ھېساۋى اللەقادۇر». مۇرتەدلىكى ئۈچۈن قان تۆكۈش، قارشى جەڭ قىلغانلىقى ياكى ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ زىنا قىلغانلىقى ياكى قەستەن ئۆلتۈرۈش سەۋەبىدىن قان تۆكۈشكە ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى قارشى جەڭ



قىلىش، زىنا قىلىش ياكى قەستەن ئۆلتۈرۈش بىلەن مۇسۇلمان كىشى كاپىر بولمايدۇ ۋە مېلىنىڭ ھاراملىقى بۇزۇلمايدۇ، بەلكى قارشى جەڭ قىلغۇچى ۋە ئۆيلەنگەن زىناخور ۋە قەستەن ئۆلتۈرگۈچى مۇسۇلمان مىراس ئالغۇچى مىراس قالدۇرغۇچى ھالىدا قالىدۇ. ئەمما مۇرتەدلىككە كەلسەك، ئۇ كاپىر دەپ سانىلىپ قان ۋە مېلىنىڭ ھۆرمىتى بۇزۇلىدۇ.

مۇرتەد دىنىدىن قايتىشى بىلەنلا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مېلىغا ئىگىلىك قىلىش ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش ۋە مېلىغا ئىگە بولۇش ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىش سورالغاندىن كېيىنكى ئىشتۇر. ئەگەر مۇرتەددىن ئۈچكۈن داۋامىدا تەۋبە قىلىش سورالسا، مۇرتەد تەۋبە قىلماي، ئىسلامغا قايتمىسا، دەرھال ئۆلتۈرۈش ۋە مېلىغا ئىگىلىك قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. مۇرتەدنىڭ مېلى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن فەيئى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلار بەيتۇلمالىنىڭ فەيئى ۋە خىراج دىۋانىغا قويۇلىدۇ. فەيئى ۋە خىراج سەرپ قىلىنىدىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىنىدۇ. مۇرتەدنىڭ مېلى مىراس قىلىپ ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئەگەر ئەر ئايالنىڭ بىرى خىلۋەتتە بولۇشتىن ئالدىن مۇرتەد بولسا، نىكاھ ئەھدى دەرھال بۇزۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەر ۋە ئايال ئارىسىدا مىراس ئېلىش بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەر-ئايالنىڭ بىرى مۇرتەد بولۇشى خىلۋەتتە بولغاندىن كېيىن سادىر بولسا، ئەر-ئايال ئارىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلىدۇ ۋە قايسى بىرى ئۆلسە، ئىككىنچىسى مىراس ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى مۇسۇلمان ئىككىنچىسى كاپىردۇر. شۇنىڭدەك، مۇرتەدنىڭ مۇسۇلمان مىراس قالدۇرغۇچىسى ئۆلۈپ كەتسە مۇرتەد ئۇنىڭدىن مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى مۇرتەد -

كاپىر، مىراس قالدۇرغۇچىسى مۇسۇلماندۇر. كاپىر مۇسۇلماندىن مىراس ئالمايدۇ. مۇرتەدنىڭ مىراسدىكى نەسىۋىسى، ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا مىراسخورلىرى بولسا، قالغان مىراسخورلىرى ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر مىراسخورلىرى بولمىسا، مىراسنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن فەيئى بولىدۇ ۋە بەيتۇلمالغا قويۇلىدۇ. ئەگەر مۇرتەدنىڭ مۇسۇلمان ئاتا-ئانا ۋە تۇغقان ئاكا-ئۇكىلىرى بولسا، ئۇلار مۇرتەددىن مىراس ئالمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالمايدۇ ۋە مۇرتەدنىڭ بارلىق مېلى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن فەيئى بولىدۇ. ئۇسامە ئىبنى زەيددىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا، ئۇسامە دېدى، «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتىدۇكى: «كاپىر - مۇسۇلماندىن، مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالمايدۇ» . بۇ مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى ھەدىسلەر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلىپ ئېيتتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئىككى مىللەت ئەھلى بىر-بىرىدىن مىراس ئالمايدۇ» .-دېدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر كىشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بارلىق مىراسخورلىرى مۇرتەد بولسا كىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ مىراسخورلىرى مېلىنىڭ ھۆرمىتى قالمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن فەيئى بولىدۇ. مۇرتەدلەر بىر-بىرىدىن مىراس ئالمايدۇ.

ئەگەر بىر جامائەت مۇرتەد بولۇپ، بىرەر شەھەردە توغدالسا، ئۇزلىرىگە ھاكىمنى ۋە خاس ھۆكۈملىرىنى ئورنىتىۋالسا، ئۇ دارۇل ھەرب بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە قانلىرىنىڭ ھۆرمىتى قالمايدۇ ۋە ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇلار ئەسلى كاپىرلارغا ئوخشاش، بەلكى كاپىرلاردىنمۇ يامانراق ئۇرۇش قىلىشقا لايىق بولىدۇ. چۈنكى ئەسلى كاپىرلاردىن ئىسلام، سۈلھى ياكى جىزيە قوبۇل



قىلىنىدۇ. ئەمما مۇرتەدلەردىن پەقەتلا ئىسلاملا قوبۇل قىلىنىدۇ، «ياكى ئىسلام ياكى قەتلى»، ئۇلاردىن جىزيە، سۈلھى قوبۇل قىلىنمايدۇ. خۇددى ئەبۇ بەكرى ۋە ساھابىلار مۇرتەدلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئۇلاردىن تولۇق ئىسلامغا قايتىشنى ياكى ئۆلۈمنى قوبۇل قىلغاندەك. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «كىم دىنىنى ئۆزگەرتسە ئۆلتۈرۈڭلار» .-دېگەن.

مۇرتەد مۇرتەدلىك ھالىدا تاپقان بارلىق ماللىرىنىڭ ھۆكمى مۇرتەدلىكىدىن ئىلگىرىدىكى بولغان مېلىنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ مۇسۇلمانلارغا فەيئى بولىدۇ. مۇرتەدنىڭ مۇرتەدلىك ھالىدىكى بارلىق تەسەررۇپلىرى سېتىش، ھەدىيە، ۋەسىيەت ۋە باشقا ئىشلىرى، ئەگەر مېلىنى ئېلىنغاندىن كېيىن قىلغان بولسا، بۇ تەسەررۇپلىرى باتىل بولىدۇ. ئەگەر تەسەررۇپلىرىنى مېلىنى ئېلىپ قويۇشتىن ئىلگىرى قىلغان بولسا، بۇ تەسەررۇپلىرى ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە باغلىق بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىسلامغا قايتسا بۇ تەسەررۇپلىرى توغرا دەپ ئىسلامغا قايتمىسا ئۇنىڭ تەسەررۇپلىرى باتىل دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ.

ئەگەر مۇرتەد ئىسلامغا قايتسا، ئېلىپ قويۇلغان مېلى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلامغا قايتىشى ئۇنىڭ مىراس قالدۇرغۇچىسى ئۆلگەندىن كېيىن ۋە مېلىنى تەقسىملىمەستىن ئىلگىرى بولسا، ئۆز نەسىۋىسىنى مىراستىن ئالىدۇ. ئەگەردە ئۇنىڭ ئىسلامغا قايتىشى مىراسنى تەقسىم قىلغاندىن كېيىن بولسا، مىراستىن بىرەرمۇ نەسىۋە ئالمايدۇ.

# سېلىقلار

سېلىقلار بۇ سەرپ قىلىشقا بەيتۇلمالدا مال بولمىغان اقىتتا ئۇلارغا پەرز قىلىنغان زۆرۈر ئورۇنلارغا سەرپلەش ئۈچۈن ۇسۇلمانلارغا الله ۋاجىپ قىلغان ماللاردۇر.

ئەسلىدە بەيتۇلمالغا دائىمىي كىرىم بولغان ماللار، يەنى ەيئى، جىزيە، خىراج، ئۆشرە ئۇمۇمىي مۈلۈكتىن ئىبارەت ولغان قورۇقخانادىكى ماللار بەيتۇلمالغا ۋاجىپ بولغان سەرپكە، دۆلەت مۇسۇلمانلارغا سېلىقنى پەرز قىلىشقا ئېھتىياجى ۇشمەستىن كۆپايە قىلىشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە شارىئ مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالدا مال ولغان ياكى بولمىغان ۋەزىيەتتە بەيتۇلمال تەرىپىدىن ئادا ىلىنىشى لازىم بولغان زۆرۈر ئورۇنلارغا سەرپلەشنى ۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالدا مال مەۋجۇت بولمىغان ۋاقىتتا ۇسۇلمانلارغا پەرز قىلدى. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە خەلىپىلىك ۆلىتىنىڭ زېمىنىگە يۈكلەنگەن يۈكنىڭ ئېغىرلىقى ەۋەبىدىن، بىزدە بەيتۇلمال سەرپلىشى ۋاجىپ بولغان ئورۇنلار ەممە نەپىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا كۆپايە قىلالماي قېلىشى ۇمكىن. ئەگەر بەيتۇلمال كىرىملىرى بەيتۇلمال سەرپلىشى اجىپ بولغان ئېھتىياج ۋە جەھەتلەرگە سەرپلەشكە كۆپايە ىلمىسا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئىئانە قىلمىسا، بۇ ئېھتىياجلارغا ۋە ئورۇنلارغا سەرپلەشنىڭ اجىپلىقى بەيتۇلمالدىن مۇسۇلمانلارغا يۆتكىلىدۇ. چۈنكى الله ائالا بۇ ئېھتىياجلارغا سەرپ قىلىشنى ئۇلارغا پەرز قىلغاندۇر.



مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئېھتىياج ۋە ئورۇنلارغا سەرپلىمەسلىكى ئۇلارنى زەرەرگە ئېلىپ بارىدۇ. الله تائالا دۆلەت ۋە ئۈممەتكە مۇسۇلمانلاردىن زەرەرنى كەتكۈزۈشنى پەرز قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى: «زەرەر بېرىش ۋە زەرەرگە زەرەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش يوق». الله تائالا دۆلەتكە بۇ ئېھتىياج ۋە ئورۇنلارنىڭ نەپىقىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن مال ئېلىش ھوقۇقىنى بەردى.

ئەگەر مانا شۇنداق ھالەت يۈز بېرىدىغان بولسا، دۆلەت مۇسۇلمانلارغا بۇ ئېھتىياج ۋە ئورۇنلارغا لازىم بولغان نەپىقەلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئۆزى مۇھتاج بولغان مىقداردىن ئاشۇرماستىن سېلىق سالىدۇ. دۆلەت بۇ ماللارنى ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ۋە ئىككىلەمچى ئېھتىياجلىرىدىن ئارتۇقچە ماللىرىدىن ئالىدۇ.

بەيتۇلمالدا مال بولسۇن ياكى بولمىسۇن نەپىقە قىلىش ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىدىغان، بەيتۇلمالدا مال بولمىغاندا نەپىقە قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى مۇسۇلمانلارغا ئۆتىدىغان، دۆلەت نەپىقە قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا سېلىق سالىدىغان ئېھتىياج ۋە جەھەتلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1ـ جىھاد ۋە جىھاد ئۈچۈن لازىم بولغان كۈچلۈك ئارمىيە، ئۇنى ئالىي دەرىجىدە تەييارلاش، دۈشمەننى قايتۇرىدىغان ۋە قورقىتىدىغان، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب بولۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان، يەرلىرىمىزنى ئازات قىلىشقا ۋە كاپىرلارنىڭ نۇپۇزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىدىن يوق قىلىشقا، شۇنىڭدەك، ئىسلامىي دەۋەتنى ئالەمگە يېيىشقا ئىمكان يارىتىدىغان دەرىجىدە سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئەلا تەرەققىي

قىلغان قوراللارنى تەييارلاش نەپىقىلىرىدۇر. جىهادقا ۋە جىهاد ئۈچۈن لازىم بولغان ئەرسىلەرگە سەرپلەش بەيتۇلمالدا مال ولسۇن ۋە بولمىسۇن، سەرپلەش لازىم بولغان ھەقلەردىندۇر. ،يتۇلمالدا مال بولسا، جىهاد ۋە جىهادقا تەئەللۇق ئەرسىلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ. مال بولمىسا جىهاد ۋە جىهادقا تەئەللۇق ئەرسىلەرگە سەرپ قىلىش ۋاجىپلىقى، جىهاد پەرز ئېيىنى، بەيتۇلمالدىن مۇسۇلمانلارغا يۆتكۈلىدۇ. چۈنكى مال ۋە جان بىلەن جىهاد قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ:

**انفروا خفافا وثقالا وجاهدوا باموالكم وانفسكم في سبيل الله ذلكم خير لكم ان كنتم تعلمون** *

-«سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە جىهادقا چىقىڭلار، ئاللاھ نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر». (9:41)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سىلەر مۇشرىكلەرگە قارشى ماللىرىڭلار، قوللىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار» -دېدى. شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارغا مال ۋە جان بىلەن جىهاد قىلىشنى پەرز قىلىدىغان ئونلاپ ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن جىهاد ۋە جىهاد ئۈچۈن لازىم بولغان ئەرسىلەرگە نەپىقە قىلىش ئۈچۈن بەيتۇلمالدا مال بولمىسا، دۆلەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك ماللىرىنى ئىئانە قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. ئەھمەد ئابدۇراھمان ئىبنى خەبباب دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئېيتىدۇكى: «نەبىي ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇدى ۋە جەيشۇل ئۇسرە (ناچار ۋە قىيىنچىلىق ۋاقتىدا تۈزۈلگەن ئارمىيە) گە ئىئانە قىلىشقا تەرغىب قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئوسمان ئىبنى ئەپپان: «يۈز تۆگە



باشقۇرغى ئىگەرلىرى بىلەن مېنىڭ ئۈستۈمدە»، -دېدى. ئابدۇراھمان ئېيتتىكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مىنبەر پەلەمپىيىدىن چۈشتى، كېيىن جەيشۇل ئۇسرىگە ياردەم بېرىشكە تەرغىب قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «يۈز تۆگە باشقۇرغى ۋە ئىگەرلىرى بىلەن مېنىڭ ئۈستۈمدە»، -دېدى. ھۇزەيپە ئىبنى يەماندىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئېيتىدۇكى: «نەبى ئەلەيھىسسالام مېنى ئوسمانغا جەيشۇل ئۇسرىگە ياردەم سوراپ ئەۋەتتى. ئوسمان نەبى ئەلەيھىسسالامغا مىڭ دىنار ئەۋەتتى ۋە بۇ دىنارلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا تۆكۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دىنارلارنى قوللىرىدا ئارقا ئالدىنى ئۆرۈپ ئوسمانغا دۇئا قىلىپ: «ئى ئوسمان، سېنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلدى. تا قىيامەتكىچە سېنىڭ تەرىپىڭدىن نېمە سادىر بولسا مەخپىي ياكى ئاشكارىمۇ، ئاللاھ ئۇنى كەچۈرسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا ئوسمانغا زەرەر يوق».

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارى رەۋىشتە قىلغان ئىئانىلىرى جىهاد پەرز بولغان ۋاقىتتا جىهادقا نەپىقە قىلىشقا كۇپايە قىلمىسا، دۆلەت جىهاد ۋە جىهادقا لازىم بولغان ئەرسىلەرگە نەپىقە قىلىش ئۈچۈن ئېھتىياجدىن ئاشۇرماستىن سېلىق سالىدۇ. ئارتۇقچىسى ھالال ئەمەس.

2- لازىم بولغان قوراللارنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن ھەربىي سانائەتكە تەئەللۇق زاۋۇتلارنىڭ نەپىقىلىرى. چۈنكى جىهاد ئارمىيەگە ئارمىيە بولسا قورالغا مۇھتاج بولىدۇ. ئارمىيە ئۈچۈن قوراللار ئالىي دەرىجىدە ۋە تولۇق-يېتەرلىك بولۇشى ئۈچۈن سانائەت لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي سانائەت جىهاد بىلەن ئالاقىدار ۋە مۇستەھكەم

www.uyghurkitap.com

باغلىقتۇر. دۆلەت مۇستەقىل باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىن يىراق بولىشى ئۈچۈن، خۇسۇسەن، مۇھىم قوراللارنى ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئۇ قوراللارنى ئۆزى تەرەققى قىلدۇرۇشى لازىم، شۇچاغدا دۆلەت قۇراللار قانچىلىق تەرەققى قىلغان بولىشىدىن قەتئىنەزەر، ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ كۈچلۈك قوراللارغا ئىگە بولىدۇ ۋە دۆلەتلەر ئارا ھالەتكە مۇۋاپىق ئۇچۇق ۋە مەخپى بولغان بارلىق قوراللار ئۇنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا بولىدۇ.

ئۇممەتتە بۇ زاۋۇت ۋە سانائەتنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ قوراللىنىشىدا كاپىرلارغا تايىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادە ۋە قوراللىرىنى كاپىر دۆلەتلەرنىڭ ئىرادە ۋە قوراللىرىغا باغلىق قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى كاپىر دۆلەتلەر قوراللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان شەرتلەر بىلەن ساتىدۇ. بۇ بولسا ئۇممەتكە ئەڭ دەھشەتلىك زەرەرلەردىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سانائەتنى بەرپا قىلىش، مۇسۇلمانلارغا مال ۋە جان بىلەن جىھاد قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نەسلىرى بىلەن دالالىتى ئىلتىزام (نەستە ئوچۇق ئېيتىلماستىن ئۇنىڭدىن لازىم بولىدىغان ۋە كېلىپ چىقىدىغان مەنا) تەرىقىسىدە ۋاجىپدۇر. چۈنكى جىھاد قورالغا، قورال بولسا سانائەتكە مۇھتاجدۇر. شۇنىڭدەك، بەرپا قىلىش زۆرۈر بۇ سانائەت اللە تائالانىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ۋاجىپدۇر:

**واعدوا لهم ماستطعتم من قوة ومن رباط الخيل ترهبون به عدو الله وعدوكم واخرين من دونهم لا تعلمونهم الله يعلمهم**

-«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ



دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، اللە تونۇيدۇ» .(8:60)

اللە مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ قىلغان تەييارگەرلىك دەرىجىسى زاھىر ۋە مەخپى، ئېھتىماللىقى بولغان دۈشمەنلەرنى قورقىتىش مۇمكىن بولىدىغان تەييارگەرلىكتۇر. بۇ دۈشمەننى قورقۇتقۇچى تەييارگەرلىك، ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئالى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان قوراللارغا ئىگە بولۇشقا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتلەر ئۇممەتكە بۇ سانائەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا دالالىتى ئىلتىزام قىلىدۇ. چۈنكى بۇ سانائەتنى قۇرماسلىق ئۇممەتكە چوڭ زەرەر دۇر. ئۇممەتتىن زەرەرنى كەتكۈزۈش بولسا ۋاجىپدۇر، بۇ زەرەرنى كەتكۈزۈش ھەربى سانائەت ۋە ھەربىي سانائەتكە تەئەللۇق بولغان زاۋۇتلارنى قۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

ئۇممەت پەرزەنتلىرى لازىم بولغان قوراللارنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن بۇ زاۋۇتلارنى قۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئۇممەت پەرزەنتلىرى بۇ زاۋۇتلارنى قۇرمىسا، دۆلەت بۇ زاۋۇتلارنى كىرەكلىك بولغان قورال - ئەسلەھەلەرنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن لازىم بولغان مىقداردا قۇرۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ زاۋۇتلارنى قۇرۇش بەيتۇلمالدا مال مەۋجۇت بولسۇن ياكى بولمىسۇن لازىم بولغان ھەقلەردىندۇر. ئەگەر بەيتۇلمالدا مال بولسا، بۇ زاۋۇتلارنى قۇرۇشقا بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىدۇ، بەيتۇلمالدا مال بولمىسا، بۇ زاۋۇتلارنى قۇرۇشقا مەبلەغ سەرپلەشنىڭ ۋاجىبلىقى ئۇممەتنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. دۆلەت بۇ زاۋۇتلارغا سەرپلەش ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا سېلىقلەرنى بەلگىلەيدۇ.

3- كەمبەغەل، مىسكىن ۋە يولچى - مۇساپىرنىڭ

نەپەقەلىرى. بۇلارغا نەپىقە قىلىش بەيتۇلمالدا مال بولسۇن ياكى بولمىسۇن لازىم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بەيتۇلمالدا مال بولسا، بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىدۇ، ۋە مال بولمىسا، بۇلارغا سەرپ قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى مۇسۇلمانلار ئۈستىگە چۈشىدۇ. چۈنكى كەمبەغەل، مىسكىن ۋە يولىچى-مۇساپىرلارغا نەپىقە قىلىش زاكات-سەدىقات ۋە باشقا بايلار ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «خوشنىسى ئاچلىقىنى بىلىپ، توق ھالەتتە كېچىنى ئۆتكۈزگەن كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرمىگەن بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەيتۇلمالدا كەمبەغەل، مىسكىن ۋە يولىچى-مۇساپىرلارغا نەپىقە قىلىش ئۈچۈن مال بولمىسا، ئۇلارغا نەپىقە قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، كەمبەغەللەرگە سەرپ قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردىكى سېلىقلارنى دۆلەت بەلگىلەيدۇ.

4- ئەسكەرلەر، خىزمەتچىلەر، قازى، مۇئەللىم ۋە بۇلاردىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى بېجىرىشتە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايلىق - مائاش نەپىقەلىرى. چۈنكى بۇلار بۇ خىزمەتلەرنى بېجىرىش باراۋىرىدە بەيتۇلمالدىن ھەق تۆلەشكە لايىق بولىدۇ. بۇلارغا بەيتۇلمالدىن مال سەرپ قىلىش بەيتۇلمالدا مال بارمۇ ياكى يوقمۇ لازىم بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بەيتۇلمالدا مال بولسا، بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىدۇ ۋە بولمىسا، ئۇلارغا سەرپلەشنىڭ ۋاجىپلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ئۆتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ھاكىمىيەتنى ئۈممەتنىڭ ھەققى قىلغاندۇر. ئاللاھ تەئالا ئۈممەتكە خەلىپىلىكنى قۇرۇشنى ۋاجىپ قىلدى. ئۈممەت خەلىپىگە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتى بىلەن ئەمەل قىلىش



شەرتى بىلەن بەيئەت قىلىدۇ ۋە خەلىپە ئۈممەتنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتى بىلەن باشقۇرىدۇ. ئۈممەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھاكىم، قازى، ئەسكەرلەر، مۇئەللىم، خىزمەتچىلەر ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت دۆلەت جىھازىنى تۈزۈش بىلەن بولىدۇ ۋە دۆلەت جىھازىنى تۈزۈش ئۇلارنىڭ ئايلىق -مائاشىغا باغلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا دۆلەت جىھازلىرىنى تۈزۈشنى ۋاجىپ قىلغان ئىكەن، مۇسۇلمانلارغا ئىلتىزامى دالالەت ئارقىلىق دۆلەت جىھازىدىكى كىشىلەرنىڭ ئايلىق - مائاشلىرىنى بېرىشنىمۇ ۋاجىپ قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرى ۋالىلار، ئامىللار، قازىلار، كاتىپلارنى تۈزۈپ، ئۇلارغا ھەق ئاجراتتى. شۇنىڭدەك، ئۇ كىشىدىن كېيىنكى خەلىپىلەرمۇ ۋالى، ئامىل، قازى، كاتىپ ۋە ئەسكەرلەرنى تەشكىل قىلىپ، بەيتۇلمالدىن ھەق ئاجراتقان. شۇ سەۋەپتىن ئەگەر بەيتۇلمالدا مال بولسا، بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىدۇ، بولمىسا دۆلەت مۇسۇلمانلارغا مۇھتاج بولغان مىقداردا سېلىق سالىدۇ.

5- ئۈممەتكە قولايلىقلار يارىتىش ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتتە بولۇشى زۆرۈر، دەپ ئېتىبار قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ يوقلىقى سەۋەبىدىن ئۈممەتكە زەرەر يېتىدىغان ئۇمۇمى يوللار، مەدرىسە، مەكتەپ، شىپاخانا، مەسجىدلەر ۋە سۇلارنى كۆپەيتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پاراۋانلىقلارغا سەرپ قىلىنىدىغان نەپىقىلەر. شۇ ئىشلارغا سەرپ قىلىش بەيتۇلمالدا مال بولسىمۇ، بولمىسىمۇ لازىم ھېسابلىنىدۇ، دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. ئەگەر بەيتۇلمالدا مال بولسا، بۇ قولايلىقلار (پاراۋانلىقلار) نى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بەيتۇلمالدىن سەرپ-قىلىنىدۇ. مال بولمىسا بۇ پاراۋانلىقلارغا سەرپ-خىراجەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ئۈممەتنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى بۇ پاراۋانلىقلارغا چىقىم قىلىش مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپدۇر. بۇ پاراۋانلىقلارنى بېجىرمەسلىك ئۈممەتكە زەرەر يەتكۈزىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «زەرەر ۋە زەرەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش يوق» ۋە «كىمكى زەرەر بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زەرەر بېرىدۇ. كىمكى قارشىلىق قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ جەھىتىدىن ئۈممەتتىن ۋە دۆلەتتىن زەرەرنى كەتكۈزۈش ۋاجىپ بولىدۇ.

بەيتۇلمالدا مال بولۇپ تۇرۇپ دۆلەت بەيتۇلمالغا نەپىقە قىلىش لازىم بولغان نەپىقىلەر ئۈچۈن سېلىق سېلىشى جائىز ئەمەسدۇر. بۇنىڭ مىسالى دۆلەت مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ بەرپا قىلىدىغان، ئۇنى بەرپا قىلماستىن ئۈممەتكە ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدىغان يول بولۇپ تۇرۇپ ئىككىنچى يولنى ئېچىش، ئۇنى ئاۋات قىلىش ياكى ئاساسى بولۇپ تۇرۇپ ئىككىنچى دەرىجىدىكى مەدرىسە، ياكى شىپاخانا ياكى زۆرۈرىيىتى يولنى كەڭەيتىش ياكى نىكىل، ئىسپىرت ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن زاۋۇت قۇرۇش ياكى تىجارەت كېمىلىرى ئۈچۈن كۆلچەكلەر قۇرۇش ۋە شۇلارغا ئوخشاش بۇلارنى قۇرمىغانلىقتىن ئۈممەتكە زەرەر يەتمەيدىغان ئىشلەپ چىقارغۇچى كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئوخشاش دۆلەت بەرپا قىلىدىغان پاراۋانلىقلارغا سەرپلىنىدىغان نەپىقىلەردۇر. ئەلۋەتتە دۆلەت بۇ بارلىق ئىشلارنى بەيتۇلمالدىن بېجىرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۈممەتكە زەرەر يېتىدىغان جەھەتلەرنى نەپىقەدىن ئارتۇقچە مال بولغاندىلا بەرپا قىلىدۇ. ئەگەر بەيتۇلمالدا مال بولمىسا، بۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك پاراۋانلىقلارنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن سېلىق سېلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى بۇلارنى بەرپا



قىلمىسا ئۈممەتكە زەرەر يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇلارنى بەرپا قىلىش ئۈممەتكە ۋاجىپ ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن، ئەگەر بەيتۇلمالدا مال بولسا، زۆرۈر پاراۋانلىقلارنى بەرپا قىلىشقا سەرپ قىلىنىدۇ. مال بولمىسا، بۇ زۆرۈر پاراۋانلىقلارنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېتىدىغان مىقداردا سېلىق سالىدۇ.

6ـ ئاچارچىلىق، يەر تەۋرەش، توپان، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ئىبارەت بولغان پەۋقۇلئاددە ھالەتلەرنىڭ چىقىملىرى. بولۇشى كۈتۈلمىگەن مانا بۇنداق ئىشلارغا نەپىقە قىلىش بەيتۇلمالدا مال بولسۇن ۋە بولمىسۇن لازىم بولغان ھەقلەردىندۇر. ئەگەر بەيتۇلمالدا مال بولسا، بۇ ھالەتلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ. ئەگەردە مال بولمىسا، دەرھال كېچىكتۈرۈلمەستىن مال يىغىش مۇسۇلمانلارغا پەرز بولىدۇ. ئەگەر نەپىقىنى كېچىكتۈرۈۋېتىشتىن زەرەر يېتىشىدىن قورقۇلسا، سادىر بولغان پەۋقۇلئاددە ھالەتلەر ئۈچۈن نەپىقە قىلىشقا كۇپايە قىلىدىغان مىقداردا دۆلەت قەرز ئالىدۇ ۋە قەرزنى مۇسۇلمانلاردىن توپلىغان مالدىن تۆلەيدۇ. مۇسۇلمانلارغا مال يىغىش ۋاجىپلىقىنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خوشنىسى ئاچلىقىنى بىلىپ كېچىنى توق ھالدا ئۆتكۈزگەن كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرمەپتۇ» دېگەن ۋە «بىرەر بىر قىشلاق ئەھلى ئىچىدە بىرەر كىشى ئاچ ھالدا بولۇپ، تاڭ ئاتقۇزسا، ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ئەھدى كۆتۈرىلدى» دېگەن سۆزلىرىدۇر. بۇ ھەدىسلەر ئاچارچىلىقلارغا نىسبەتەندۇر. ئەمما يەرتەۋرەش، توپانلارغ كەلسەك، ناچارلارغا، مۇھتاجلارغا ياردەم بېرىش، مۇسۇلمانلار. دىن زەرەرنى كەتكۈزۈش ۋاجىپلىقىنىڭ دەلىللىرى،

مۇسۇلمانلارنىڭ مال سەرپلەشلىرىنىڭ ۋاجىپلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

مانا بۇلار، مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالىدا مال بولمىغان ھالەتتە ۋە بەيتۇلمالنىڭ دائىمى كىرىملىرى ۋە ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ھىمايە كىرىملىرى كۇپايە قىلمىغان ھالەتتە، دۆلەت نەپىقە قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا سېلىق سالىدىغان جەھەتلەردۇر.

سېلىقلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسى ۋە ئىككىنچى لەمچى ئېھتىياجلىرىدىن ئاشقان نەرسىلىرىدىن مەلۇم مىقداردا ئېلىنىدۇ. كىشىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاساسى ۋە ئىككىنلەمچىلەردىن ئاشۇق مال بولسا، سېلىق ئېلىنىدۇ، بولمىسا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بىھاجەتلىك ئارقىدىن قىلىنغان سەدىقەدۇر»-دەپ ئېيتقان. بىھاجەتلىك بۇ كىشى ئۆز ھاجەتلىرىنى قاندۇرۇشقا يېتەرلىك مىقداردۇر. جابىر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «نەپىقەنى ئۆزۈڭگە كېيىن نەپىقەسى ۋاجىپ بولغان كىشىلەرگە بەرگىن»، -دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەپىقەسى ۋاجىپ بولغان كىشىلەرنى كىشىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنگە قويدى. سېلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشدۇر. الله تائالا ئېيتىدۇكى:

**ويسئلونك ماذا ينفقون قل العفو**

-«ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن.

يەنى نەپىقە قىلىشتىن مەشەققەت بولمىغان، ھالىدىن ئارتۇقچە نەرسىنى. سېلىق ھاجەت-ئېھتىياجلارغا كىرگۈچى



ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجلاردىن ئاشقان بارلىق نەرسىلەردە ئېلىنىدۇ.

سېلىقلەر يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان جەھەتلەرگە لازىم بولغان نەپىقەلەر ئاجىزلىقىنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋە ھاجەتكە يارىشا مىقداردا پەرز قىلىنىدۇ. سېلىق سېلىش ئادەملەرنىڭ بايلىقلىرى ياكى بايلىق ئالدىنى ئېلىش ياكى بەيتۇلمالنىڭ كىرىملىرىنى ئاشۇرۇش رىئايە قىلىنمايدۇ، بەلكى پەقەتلا يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان جەھەتلەرگە لازىم بولغان نەپىقەلەرنى تولۇقلاشقا يېتىدىغان مىقدار رىئايە قىلىنىدۇ. مىقدار ئارتۇق ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ مىقداردىن ئارتۇق ئېلىش مۇسۇلمانلارغا بېرىش ۋاجىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن زۇلۇمدۇر. زۇلۇم بولسا قىيامەت كۈنىنىڭ زۇلمەتلىرىدىندۇر.

دۆلەتكە ۋاستىلىك سېلىقلەرنى، شۇنىڭدەك مەھكىمەلەرنىڭ رەسىم-رۇسۇم شەكىللىرىگە ياكى دۆلەتكە تەقدىم قىلىنغان تەلەپلەرگە ياكى يەرنى سېتىش ۋە ئۇنى تىزىملاش مۇئامىلىلەرگە ياكى يېپىق بىنالارغا، تارازۇلارغا ۋە بۇنىڭدىن باشقا سېلىقلەرنى سېلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭغا ئوخشاش سېلىقلەر، ئۇنىڭدىن قايتۇرۇلغان زۇلۇم ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەكسى ئەھلى دوزاختادۇر» ۋە «مەكس ئالغۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ»، دېگەن مەكسىدىندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەدىقات ماللىرى

# زاكات

بەيتۇلمال كىرىملىرى جۈملىسىدىن بولغان سەدىقىلەر زاكات دېيىلىدۇ. زاكات بەزىدە سەدىقە مەنىسىدە، سەدىقە بولسا بەزىدە زاكات مەنىسىدە كېلىدۇ. «زاكات» سۆزى لۇغەتتە «ئۆسۈش»، «تازىلاش» مەنىلىرىدەدۇر. زاكات بېرىش «سەدىقە سەۋەبىدىن مالنى كەمەيمەيدۇ»..دېگەن ھەدىسقا قارىغاندا بەرىكەتكە سەۋەب بولىدۇ، ساۋاب زاكات بىلەن ئۆسىدۇ. زاكات نەپسىنىڭ بېخىللىق، رەزىللىكتىن ئاسرايدۇ، ھەممە ئىنسانىنى گۇناھتىن پاكلايدۇ.

زاكات شەرىئەتتە ئۆسۈش ۋە پاكلاش مەنىسىدە كېلىدۇ. زاكات شەرىئەتتە: «مۇئەييەن ماللاردىن ئاجرىتىلىشى ۋاجىپ بولغان ھەق»..دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ ئىبادەتلەردىن بىرى ناماز، روزا، ھەججگە ئوخشاش ئىسلام رۆكنلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. زاكات پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا ۋاجىپ بولۇپ، باشقىلاردىن ئېلىنمايدۇ. ئۇ كىتاب ۋە سۈننەت ئاساسىدا ۋاجىپ بولغاندۇر. قۇرئاندا: واتوا الزكاة - «زاكات بېرىڭلار»، دېيىلگەن. نەبى ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «الله ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىدىغان ۋە كەمبەغەللىرىگە قايتۇرۇلىدىغان زاكاتنى ئۇلارغا پەرز قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرگىن»..دېدى. زاكات بەرمەيدىغانلارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن جازا بېرىلىشى خەۋىرى كەلگەن، نەبى ئەلەيھىسسالام ئالتۇن ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈمۈش ئىگىسى بولغان كىشى ئۇنىڭ زاكاتىنى بەرمەيدىغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ تاش جەھەننەم ئوتىدا قىزىتىلىدۇ ۋە ئۇ بىلەن ئۇنىڭ (زاكات بەرمىگەن كىشىنىڭ) يېنى، پېشانىسى ۋە ئارقىلىرى كۆيدۈرۈلىدۇ. تاش ھەر قېتىم سوۋۇسا جەھەننەمدە قىزىتىلىدۇ. مىقدارى ئەللىك مىڭ يىل بولغان كۈندە بۇ جازا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ كىشى جەننەتكە ياكى دوزاخقا بولغان يولىنى كۆرگىنىچە داۋام قىلىدۇ»، -دېدى. «ئى رەسۇلۇللاھ، تۆگىچۇ؟»، -دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: تۆگە ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايدىغان بولسا ۋە سېغىلىدىغان كۈندە ئۇنى سېغىش تۆگىنىڭ ھەققىدىندۇر، قىيامەت كۈنى بولغان ۋاقىتتا تۆگىلەر كەڭ ۋە تۈپتۈز بىر يەرگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ھەممىسى، كىچىككىنە بالىلارغا قەدەر، ئۇنى (زاكات بەرمىگەن كىشىنى) ئاياقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ئېغىزلىرى بىلەن چىشلەيدۇ. مۇددىتى ئەللىك مىڭ يىل بولغان كۈندە ئاۋۋالقى پادا بېسىپ ئۆتسە، كېيىن كېيىنكىسى بېسىپ كېلىۋېرىدۇ. تاكى بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، كىشى جەننەت ياكى دوزاخقا بولغان يولىنى كۆرگىنىچە داۋام قىلىدۇ»، -دېدى. «ئى رەسۇلۇللاھ، مال ۋە قويلارغىچۇ؟» ماللارنىڭ ۋە قويلارنىڭ ئىگىسى ھەققىنى ئادا قىلمىغان بولسا، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ (كالىلىرىنى، قويلىرىنى) بىرسىمۇ قالماي كەڭ ۋە تۈپتۈز يەرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرسىنىڭمۇ مۈڭگۈزى سىنغان، مۈڭگۈزى ئەگرى، مۈڭگۈزى يوق بۇققا بولمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى (زاكات بەرمىگەن كىشىنى تۇۋاقلىرى بىلەن ئېزىدۇ، مۈڭگۈزى بىلەن ئۈسىۈيدۇ، مۇددىتى ئەللىك مىڭ يىل



بولغان كۈندە بىر پادا ئارقىدىن ئىككىنچى پادا كېلىۋېرىدۇ. بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، جەننەتكە ياكى دوزاخقا يۈزلىنىدىغان يولىنى كۆرگىنىچە داۋام قىلىدۇ»، -دېدى. بىرلا تىرمىزىدىن تاشقىرى بەش راۋى بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

زاكات قەرزلىرىدىن تاشقىرى نىسابىغا يەتكەن مال-مۈلكى بولغان ۋە مۈلۈككە ئىگە بولغىنىغا بىر يىل مۇددەت ئۆتكەن ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز ئەيندۇر. قاچانكى، مۇسۇلماننىڭ مۈلكىدىن زاكات ۋاجىپ بولسا، ئۇنىڭ زىممىسىدىن ھېچقاچان ساقىت بولمايدۇ. زاكاتنى يىغىشتا ئۇممەتتىن يىغىدىغان باشقا سېلىقلارغا ئوخشاش پۇقرانىڭ مەنپەئەتىگە بىنائەن ۋە دۆلەت ئېھتىياجلىرىغا مۇۋاپىق دېگەن ئېتىبار رىئايە قىلىنمايدۇ. ئۇ ھاجەت بولسىمۇ ھاجەت بولمىسىمۇ مالى نىسابىغا يەتكەنلەر بەيتۇلمالغا تۆلىشى لازىم بولغان مال ۋە سەككىز تائىپىنىڭ ھەققىدۇر. زاكات بەيتۇلمالنىڭ ھەققى ھەم ۋە ئورنى ھەم ئەمەس، بەلكى ئۇ قۇرئاندىكى سەدىقە ئايىتى بىلەن بەلگىلەنگەن سەككىز تائىپىگە مۇناسىپدۇر. بەيتۇلمال خەلىفىنىڭ رەئيى ۋە ئىجتىھادىغا قاراپ، قۇرئان ئايىتىدە بەلگىلەنگەن مەزكۇر سەككىز تائىپە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ساقلىنىدىغان جاي خالاس.

ھەربىر ئەر، ئايال، كىچىك بالا ۋە مەجنۇندىنمۇ، ئەگەر ماللىرى نىسابىغا يەتكەن بولسا، زاكات ئېلىنىۋېرىدۇ. بۇ زاكاتنىڭ مۇتلەق ۋاجىپلىقى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمى رەۋىشتە كەلگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ئەمىر ئىبن شۇئەيب ئاتىلىرىدىن، ئاتىسى بولسا چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خۇتبىدا ئېيتتىكى، «ئاگاھ بولۇڭ، قايسى بىر كىشى مالى بولغان

يېتىمغا ۋەلى (قارىمىقىغا ئالغۇچى) بولسا، ئۇنىڭ مېلىنى تىجارەت بىلەن كۆپەيتسۇن، تاشلاپ قويمىسۇن. ئۇ ھالدا مالنى سەدىقىگە قويىدۇ» . ئەنەستىن مەرپۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «يېتىمنىڭ مېلىدىن تىجارەت قىلىڭلار زاكات ئۇنى يەپ قويمىسۇن. قاسىم ئىبن مۇھەممەدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىز يېتىم بولغان ھالىمىزدا، ماللىرىمىزدىن تىجارەت قىلىپ، ئۇنىڭ زاكاتىنى بېرەتتى» . ئەنەس ئىبن مالىك : «ئەقلى زەئىپنىڭ مېلىدىن زاكات بار دەپ كۆز قارايتتى. زۇھرىمۇ شۇنداق كۆز قارايتتى. ئىبن شىھاب مەجنۇننىڭ مېلى ھەققىدە سورالدى: «ئۇنىڭدا زاكات بارمۇ؟» ئۇ: «ھە» ، -دېدى.

زاكات تۆۋەندىكى ماللاردىن ۋاجىپ بولىدۇ:

1. تۆگە، كالا ۋە قويلاردىن.
2. زىرائەت ھەمدە مېۋىلەردىن.
3. پۇللاردىن.
4. تىجارەت ماللىرىدىن.

بۇلارغا ئىگە بولغان مۇسۇلماننىڭ قەرزىدىن تاشقىرى مېلى نىسابىغا يەتكەندىن كېيىن بىر يىل ۋاقىت ئۆتسە زاكات ۋاجىپ بولىدۇ. زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكاتى بولسا ھوسۇل يىغقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋاجىپتۇر.



# ھايۋان زاكىتى

## تۆگە

تۆگە نىسابىنىڭ ئاۋۋالى نەبى ئەلەيھىسسالامدىن ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رىۋايەت قىلغان ھەدىسقا قارىغاندا بەشدانىدۇر. نەبى ئەلەيھىسسالام «بەش زەۋۇدىن كەم بولغان تۆگىدە زاكات يوقتۇر» ، -دېگەن. زەۋۇد ئۈچتىن توققۇزغىچە بولغان تۆگە. كىشى بەشتىن كەم تۆگىگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭغا زاكات يوق. يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا ئوتلاقتا ئوتلايدىغان بەش تۆگىنىڭ ئىگىسىگە بىر قوي بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. تۆگىنىڭ نىسابى ۋە ئۇنىڭدىن تۆلىنىدىغان زاكات :

1. بەش تۆگىگە بىر قوي.
2. ئون تۆگىگە ئىككى قوي.
3. ئون بەش تۆگىگە ئۈچ قوي.
4. يىگىرمە تۆگىگە تۆت قوي.

سانلارنىڭ ئارىسىدىكى زىيادىلارغا زاكات يوق. ئەگەر تۆگە يىگىرمىدىن ئارتۇق بولسا، ئۇنىڭ سانى يىگىرمە بەشكىچە زاكات يىگىرمە تۆگىگە تۆلىنىۋېرىدۇ. سانى يىگىرمە بەشكە يەتكەن تۆگىلەردىن قوي ساقىت بولۇپ، زاكات ئۆز جىنسىدىن (يەنى تۆگە بېرىلىدۇ) . سەئىدى ئىبن لەيسىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا: «بۇ سەدىقە كىتابى يەنى، خەتتە يېزىلىشىچە، يىگىرمە تۆت ۋە ئۇنىڭدىن كەم بولغان تۆگىگە قوي بېرىلىدۇ. ھەر بەش تۆگىگە - بىر قوي» . بۇ ئۆمەر ئىبن خەتتاپنىڭ نۇسخىسى. نايىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماڭا شۇ سۆزلەرنى ئېيتقان»، - دېدى. ئەنەس ئىبنى مالىك ئېيتىدۇكى: «مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ سەدىقە ھەققىدىكى خېتىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدا شۇنداق يېزىلغان: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. بۇ سەدىقە خېتى. يىگىرمە تۆت تۆگىنىڭ ھەر بەشىسىدىن بىر قوي ۋاجىپ. ئەگەر تۆگە يىگىرمە بەشكە يەتسە، ئۇنىڭدىن ۋاجىپ بولىدىغان زاكات شۇنداق:

1. يىگىرمە بەش تۆگىدىن بىر چىش تۆگە - «بىنتۇلمەخاز» - بىر ياشقا تولۇپ، ئىككىنچى ياشقا ئۆتكەن چىشى تۆگە. (مەخاز - ھامىلىدارلىق ۋاقتى كىرگەن دېگەنلىكتۇر). ئەگەر تۆگە ئىچىدە (بىنتۇل مەخاز) بولمىسا، ئۇنىڭدىن ئەركەك تۆگە - ئىبنۇل لەبۇن - ئىككى ياشقا تولۇپ، ئۈچۈنچى ياشقا ئۆتكەن تۆگە ئېلىنىشى لازىم.

2. ئوتتۇز ئالتە تۆگىدىن چىشى «بىنتۇلەبۇن» ئېلىنىدۇ. بىنتۇلەبۇن - ئىككىگە تولۇپ، ئۈچ ياشقا ئۆتكەن تۆگە دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئانىسى تۇغۇش ۋاقتى يېقىنلىشىپ، سۈت بېرىشكە ئاز پۇرسەت قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىدۇ.

3. قىرىق ئالتە تۆگىدىن بىر چىشى تۆگە «ھىققە» يەنى تەرۇقەتۇل پەھلى بېرىلىدۇ. تەرۇقەتۇل پەھلى - ئۈچ ياشقا تولۇپ، تۆرتىنچى ياشقا ئۆتكەن، ئەركەكلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا لايىقەتلىك تۆگە.

4. ئاتمىش بىر تۆگىدىن «جەزەئە» بېرىلىدۇ. جەزەئە - تۆت ياشقا يەتكەن تۆگە، ئالدىنقى چىشلىرى چۈشكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىدۇ.

5. يەتمىش ئالتە تۆگىدىن ئىككى «بىنتالەبۇن» بېرىلىدۇ.

6. توقسان بىر تۆگىدىن ئىككى «ھىققە»، يەنى تەرۇقەتۇل



پەھلى بېرىلىدۇ.

سانلارنىڭ ئارىسىدىكى زىيادىلارغا زاكات يوق. ئەگەر تۆگە توقسان بىردىن زىيادە بولسا، بىريۈز يىگىرمە بىرگە يەتكىچە ئىككى نەپەر تەرۇقەتۇل پەھلى بېرىلىۋېرىدۇ. تۆگىلەرنىڭ سانى بىر يۈز يىگىرمە بىرگە يەتسە، ھېساپ ئۆزگىرىدۇ. تۆگىلەر قايتا سانىلىپ، ھەر قىرىققا «بىنتۇلەبۇن»، ھەر ئەللىككە «ھىققە» ھېساپلىنىدۇ.

نىساپلار ۋە ئۇنىڭدىن ۋاجىپ بولغان زاكات تۆۋەندىكىلەر:

1. 121 تۆگىگە 3 «بىنتەلەبۇن».
2. 130 تۆگىگە 1 «ھىققە» ۋە 2 «لەبۇن».
3. 140 تۆگىگە 2 «ھىققە» ۋە 1 «بىنتۇلەبۇن».
4. 150 تۆگىگە 3 «ھىققە».
5. 160 تۆگىگە 4 «بىنتەلەبۇن».
6. 170 تۆگىگە 1 «ھىققە» ۋە 3 «بىنتەلەبۇن».
7. 180 تۆگىگە 2 «ھىققە ھەمدە 2 «بىنتەلەبۇن».
8. 190 3 «ھىققە» بىلەن 1 «بىنتەلەبۇن».
9. 200 تۆگىگە 4 «ھىققە» ياكى 5 «بىنتەلەبۇن».

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەلىلى ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردە بار. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەھرەينگە ئەۋەتكەن ۋاقتىلىرىدا ئۇلارغا مانا بۇ مەكتۇپنى يازدى: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. بۇ (زاكات) اللە رەسۇلىغا بۇيرىغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان سەدىقات پەرزىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى بىرىدىن سەدىقەنى شەرئى ھۆكۈم بىلەن ئۆز كۆرۈنۈشىدە سورالسا، ئۇنى بەرسۇن.

ئۇنىڭدىن ئارتۇق سورالسا، بەرمىسۇن. يىگىرمە تۆتدە ۋە ئۇنىڭدىن كەمراق تۆگىنىڭ ھەر بەشىگە بىر قوي، يىگىرمە بەش - ئوتتۇز بەشكىچە بىردانە بىر ياشلىق چىشى تۆگە، ئوتتۇز ئالتە - قىرىق بەشكىچە بىردانە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە، قىرىق ئالتە - ئاتمىشقىچە بىردانە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە، ئاتمىش - يەتمىش بەشكىچە تۆگىسى بار ئادەم بىردانە تۆت ياشلىق تۆگە، يەتمىش ئالتە - توقسانغىچە تۆگىدىن ئىككى دانە ئىككى ياشلىق تۆگە، ئەگەر توقسان بىر - بىر يۈز يىگىرمىگىچە بولسا، ئىككى ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە بېرىلىدۇ. بىر يۈز يىگىرمىدىن كۆپ بولسا، ھەر قىرىق تۆگىدىن بىردانە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە، ھەر ئەللىككە بىردانە ئۈچ ياشلىق تۆگە بېرىشى لازىم. كىمنىڭ تۆتتىن باشقا تۆگىسى بولمىسا، سەدىقە ۋاجىپ ئەمەس. خالىسا - بېرىدۇ، خالىمىسا - يوق. كىمنىڭ تۆگىسى بەش دانىغا يەتسە، بىر قوي بېرىدۇ».

زاكاتقا بېرىلگەن تۆگىدە ۋاجىپ بولغان ياشقا يەتمىسە، يېشى كىچىكراقى بولسا، ياش تۆگىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئىككى قوي ياكى يىگىرمە دەرھەم بېرىشى ۋاجىپ. ئەگەر زاكاتقا بېرىلگەن تۆگىنىڭ يېشىدىن ئارتۇق ياش ئېلىنسا، تۆگە ئىگىسىگە ئىككى قوي ياكى يىگىرمە دەرھەم بېرىلىدۇ. (يىگىرمە دەرھەم 5.59 كۈمۈشكە تەڭ كېلىدۇ. مەسىلەن: تۆگە قىرىق ئالتە بولسا، ئۈچ ياشلىق تۆگە ۋاجىپدۇر. ئەگەر ئۈچ ياشلىق تۆگە ئىگىسىدە تۆگە تېپىلمىسا ئۇنىڭدا ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە بولسا ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئىككى قوي ياكى يىگىرمە دەرھەم بېرىشى ۋاجىپ. ئېيتايلى ئۇنىڭدا ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە بولمىسىچۇ؟ تۆت ياشلىق تۆگە بولسا، تۆگە ئىگىسىگە ئىككى قوي



ياكى يىگىرمە دەرھەم بېرىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستا قارىغاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللە رەسۇلى ئەلەيھىسسالامغا بۇيرىغان سەدىقە پەرزىنى (ئەنەسكە) يېزىپ ئەۋەتتى: «كىمنىڭ زاكاتى جەزەئەگە تۆت ياشلىق تۆگە سەدىقىسىغا يېتىپ بارغان بولسا، ئۇنىڭدا تۆت ياشلىق تۆگە بولماي، ئۈچ ياشلىق تۆگە بولسا، ئۇنىڭدىن ئۈچ ياشلىق تۆگە قوبۇل قىلىنىدۇ. تۆگە ئىگىسىدىن ئەگەر ئاسان بولسا ياكى يىگىرمە دەرھەم ئۈچ ياشلىق تۆگىگە قوشۇمچە ئېلىنىدۇ. بىر كىشىنىڭ زاكاتى ئۈچ ياشلىق تۆگە سەدىقىسىگە يېتىپ بارغان بولسا، ئۇنىڭدا ئۈچ ياشلىق تۆگە بولماي، تۆت ياشلىق تۆگە بولسا، ئۇنىڭدىن تۆت ياشلىق تۆگە قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە بۇ كىشىگە سەدىقە يىغقۇچى يىگىرمە دەرھەم ياكى ئىككى قوي بېرىدۇ».

تۆگىدىن زاكاتنى ئۇنىڭ جىنسىدىن ھەمدە سۈپىتىگە قاراپ: خۇرەسانى تۆگىلەردىن - خۇراسانى ئەرەبىي تەگەلەردىن - ئەرەبىي، قىممەتتىدىن - قىممەتلىك، سېمىزدىن سېمىز، ئورۇقىدىن ئورۇقى ئېلىنىدۇ، قېرى، كۆزى قارىغۇ، كېسەللەر ئېلىنمايدۇ. نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۈچ ئىشنى قىلغان كىشى، يەنى، اللەنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلغان، نەپسى رازى بولۇپ، ھەر يىلى مالىنىڭ زاكاتىنى بەرگەن ۋە قېرىسىنى، كېسەللىنى ئالاھىدە ئاجرىتىپ، بەلگىلىك بولۇپ تۇرغان ئەرزىمەسنى، سىل كېسەلى بارنى بەرمىگەن كىشى - ئىمان تەمىنى تېتىغان كىشىدۇر. لېكىن، سىلەر ماللىرىڭلارنىڭ ئوتتۇرچىسىدىن بېرىڭلار، اللە سىلەردىن ئۇنىڭ ياخشىسىدىن سورىمىغان ۋە سىلەرنى مالنىڭ ئەسكىسىگە ھەم بۇيرىمىغان».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كالا

كالىدىن زاكات بېرىش سۈننەت ۋە ساھابىلارنىڭ ئىجماسى بىلەن ۋاجىپ. دەلىلى: ئەبۇ زەر نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس. نەبى ئەلەيھىسسالام «تۆگە، كالا ۋە قوي ئىگىسى ئۇنىڭ زاكاتىنى ئادا قىلمايدىغان بولسا، قىيامەت كۈنى كەلگەندە كالىسى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ سېمىز ھالدا كېلىپ، ئۇنى تۇۋاقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، مۈڭگۈزى بىلەن ئۈسسۈيدۇ»، -دېدى. مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى ساھابىلار ئىجمائىدىن دەلىل: ئۇلار كالىدىن زاكات ۋاجىپلىقىنى ئىتتىپاق قىلغاندۇر.

زاكات بېلىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئوتلايدىغان كالىدىن ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ كالىدىن نەسلى ئېلىش ۋە ئۇستۇرۇش ئۈچۈن بېقىلىدۇ. ئەمما ئىشلىگۈچى كالىدا زاكات يوق. ئېلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئىشلىگۈچى كالىدا زاكات يوق»، -دەپ رىۋايەت قىلغان. ئەمرى ئىبىن دىناردىن: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «يەر ھەيدىگۈچى ئۇيدا زاكات يوق»، -دېگەنلىكى ماڭا يېتىپ كەلگەن»، -دەپ رىۋايەت قىلىندۇ. جابىر ئىبىن ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلىدۇ: «نەبى ئەلەيھىسسالام يەر ھەيدىگۈچىگە سەدىقە يوق»، -دېدى. يەر ھەيدىگۈچى، يەنى يەر ھەيدىگۈچى كالا دېمەكتۇر.

زاكات ۋاجىپ بولىدىغان كالا نىسابىنىڭ ئاۋۋالى 30 دانىدۇر. نىساپلار ۋە ئۇنىڭدىن بېرىلىشى ۋاجىپ بولغان مىقدار تۆۋەندىكىچەدۇر:

1. 30 دانە كالىغا، تەبىئ ياكى تەبىئە بېرىلىدۇ. تەبىئ 1 ياشقا يەتكەن ۋە 2. ياشقا ئۆتكەن مۇزاي. ئۇ ئانىسىغا ئەگىشىشكە



قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

2. 40 كالىغا 1 «مۇسىننە». مۇسىننە 2 ياشقا كىرىپ 3 ياشقا ئۆتكەن مۇزاي. بۇنىڭ دەلىلى - نەسەئى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىس نەبى ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا 30 كالىدىن 1 ياشلىق مۇزاي - تەبىئ ياكى تەبىئە. 40 كالىدىن 2 ياشلىق مۇزاي - مۇسىننە ئېلىشنى بۇيرۇدى.

3. 60 كالىدىن 2دانە 1 ياشلىق ئەركەك ياكى چىشى مۇزاي.

4. 70دانىدىن 1دانە 2ياشلىق ۋە 1 دانە 1 ياشلىق مۇزاي.

5. 80 دانىدىن 2 دانە 2 ياشلىق مۇزاي.

6. 90 دانىدىن 3 دانە 1 ياشلىق مۇزاي.

7. 100 دانىدىن 1 دانە 2 ياشلىق ۋە 2 دانە 1 ياشلىق مۇزاي.

8. 110 دانىدىن 2 دانە 2 ياشلىق ۋە 1 دانە 1 ياشلىق مۇزاي.

9. 120 دانىدىن 3 دانە 2 ياشلىق ياكى 4 دانە 1 ياشلىق مۇزاي.

يەھيا ئىبىن ھەكەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرگە قارىغاندا، سانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارتۇقلاردا زاكات يوق. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يەمەننىڭ سەدىقىسىنى ئالغىلى ئەۋەتتى ۋە ماڭا 30 كالىدىن 1 ياشلىق مۇزاي، 40 دانىدىن 2 ياشلىق مۇزاي ئېلىشىمنى بۇيرۇدى. يەمەنلىكلەر 40 بىلەن 50، 60 بىلەن 70، 80 بىلەن 90 نىڭ ئارىسىدىكى زاكاتنى ئېلىشىمنى تەكلىپ قىلدى. مەن باش تارتتىم. مەن ئۇلارغا بۇ ھەققىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن

سورايەن دەپ ئېيتتىم. كېلىپ نەبى ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەردىم. ماڭا 30 كالىدىن 1 ياشلىق مۇزاي، 40 دانىدىن 2 ياشلىق، 60 دىن 2 دانە 1 ياشلىق، 70دىن 1 دانە 1 ياشلىق، 80دىن 2 ياشلىق، 90دىن 3 دانە 1 ياشلىق، 100دىن 1 دانە 2ياشلىق ۋە 2 دانە 1ياشلىق. 110دىن 2دانە 2ياشلىق ۋە 1 دانە 1 ياشلىق، 120دىن 3 دانە 2 ياشلىق ياكى 4 دانە 1 ياشلىق مۇزاي ئېلىشىمنى ۋە بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كالىلاردىن ھېچنەرسە ئالماسلىقىمنى بۇيرۇدى» ، ـدېدى. يەھيا ئىبنى ھەكەم رىۋايەت قىلىدۇ: «رسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەۋقاستا سەدىقە يوق» ، ـدېدى. ئەۋقاس ـ ۋەقسىنىڭ جەمئىسى بولۇپ، ئۇ ئىككى نىساپ ئارىسىدىكى كالا دېمەكتۇر. قۇتاز (بۇقىلارنىڭ كىچىك ئائىلىسىگە مەنسۇپ ھايۋان) نىڭ ھۆكمى زاكاتتا كالىنىڭ ھۆكمىدۇر. قۇتاز كالا بىلەن بىرگە بولغان ۋاقتىدا ساناقتا كالا بىلەن بىرگە ھېساپ قىلىنىدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇتاز ۋە كالا ـ باراۋەر. خوراسانى تۆگە ۋە ئەرەبىي تۆگە باراۋەردۇر. قوي ۋە ئۆچكە ـ قوي نىسابىدا باراۋەردۇر» . ئىبنى شىھابدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئۆز ئامىللىرىغا يەنى سەدىقە يىققۇچىلارغا يەنى زاكاتى كالا سەدىقىسى ئېلىنىغانىدەك ئېلىنىشىنى يازدى.

## قوي

قوينىڭ زاكىتى ـ سۈننەت ۋە ساھابىلارنىڭ ئىجماسى بىلەن ۋاجىب بولغاندۇر. سۈننەتتىن دەلىل: ئەبۇ زەر نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس. نەبى ئەلەيھىسسالام



«تۆگە، كالا ۋە قوي ئىگىسى زاكىتىنى ئادا قىلمايدىغان بولسا، قىيامەت كۈنى كەلگەندە كالا ۋە قوي ئەڭ سېمىز ۋە چوڭ ھالەتتە ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈيدۇ ۋە تۇۋاقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ» ، ـدېدى. ‹مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى›.

ساھابىلارنىڭ ئىجماسىدىن دەلىل: ئۇلار قويغا زاكاتنىڭ ۋاجىبلىقىدا ئىختىلاپ قىلماستىن، ھەممىيلەن ئىجماﺋ قىلغانلىقى. يىلنىڭ كۆپراق قىسمىدا يەيلاقتا ئوتلايدىغان قويغا، نىسابىغا يەتكىنىگە كامىل بىر يىل ئۆتكەن ۋاقىتتا، زاكات ۋاجىپ بولىدۇ. نەبى ئەلەيھىسسالام: «يەيلاقتا ئوتلايدىغان قويدا زاكات بار» . «ھەر قانداق كالىغا بىر يىل توشمىغىچە ئۇنىڭدا زاكات يوق» ، ـدېدى.

قوي نىسابىنىڭ ئېزى 40تۇياق. ئەگەر 40دىن ئاز بولسا، گەرچە بىرسى كەم بولسىمۇ زاكات بېرىلمەيدۇ. قوي نىسابى ۋە ئۇنىڭدىن بېرىلىشى ۋاجىپ بولغان زاكات مىقدارى تۆۋەندىكى شەكىلدە بولىدۇ:

1. 40دىن 1 دانە.
2. 121دىن 2 دانە.
3. 201دىن 3 دانە.
4. 400دىن 4 دانە قوي ۋاجىپ بولىدۇ.

ھەممە سانىنىڭ ئارىسىدىكى ئارتۇقىسىغا زاكات يوق. قوي 4000قا يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، ھەر بىر يۈزدىن بىردانە قوي بېرىلىدۇ. يەنە باشقا 100 مۇكەممەل بولمىغىچە 400نىڭ ئارتۇقىسىغا زاكات بېرىلمەيدۇ، 400گە بېرىلىدىغان زاكات بېرىلىدۇ. ئەگەر قوي 500دىن بىرى كەم بولسىمۇ، يەنى 499 بولسىمۇ، 99نىڭ زاكىتى بېرىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى ـ

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئىبن ئابدۇراھماندىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس. «نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ سەدىقە ھەققىدىكى خېتىدە ۋە ئۆمەر ئىبن خەتتاپنىڭ خېتىدە 40دىن كەم بولغان قويغا زاكات يوق. قوي 40قا يېتىپ بېرىپ، تا 120 چە 1 قوي، 121دىن ئېشىپ 200 بولغىچە 2 قوي، 201دىن ئېشىپ 300 يەتكىچە 3 قوي. ئەگەر قوي 300دىن ئاشقان ۋاقىتدا 400دىن كەمىگە زاكات يوق. يەنى 399 قويغىمۇ 3 قوي بېرىلىدۇ. 4 قوي بېرىلمەيدۇ. كېيىن ھەر بىر 100 قويغا 1 قوي بېرىلىدۇ، قېرى ۋە ئەركەكنى سەدىقە يىغقۇچى خالىسا ئالىدۇ» ،-دېدى. ئۆمەر ئىبن خەتتاپنىڭ ئائىلىسىدىكى سەدىقات مەكتۇبىدا: «قوي 301دىن ئاشقان ۋاقىتدا 400گە يەتمىگىچە، ئۇنىڭغا زاكات يوق، 400 قويدىن 4 قوي زاكات بېرىلىدۇ» ،-دېيىلگەن.

## قوي زاكىتىدا ھېساپلىنىدىغان، ئېلىنىدىغان ۋە ئېلىنمايدىغان نەرسىلەر

مۇسۇلمان كىشىنىڭ قويلىرى كىچىك بولسىمۇ، چوڭ بولسىمۇ، ئوغلاقمۇ، قوزىچاقمۇ ـ ئارىلاش ئېلىنىدۇ. پەقەت بىر يىل ئالدىن تۇغۇلغان بولىشى شەرت قىلىنىدۇ.

قوي زاكىتىدا 6 ئايلىق بولغان قوي ھەمدە بىر ياشقا كىرمىگەن ئۆچكىنى زاكاتقا ئېلىنىدۇ. ئەركەك بىلەن چىشى ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. ئەركەكنىمۇ، چىشىنىمۇ ئېلىنىۋېرىدۇ. زاكات قوينىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن ۋە ئەڭ ناچىرىدىن ئەمەس، ئوتتۇرھالدىن ئېلىنىدۇ.

ئۆچكە بالىسى ۋە قوزىچاق زاكاتقا ئېلىنمايدۇ. ئۇلارنى



ئېلىش جائىز بولمايدۇ. بالىسى بار تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان، سۈت ئۈچۈن ياكى گۆش ئۈچۈن بېقىلىۋاتقىنى ئېلىنمايدۇ. قوينىڭ قوچقىرىنى ئىگىسى ئىختىيارى بىلەن زاكات قىلىپ بەرسە، قوبۇل قىلىنىدۇ. ۋاجىپ بولغىنىدىن كۆپراق بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەجرى (ساۋاب) ئارتۇق بولىدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى بىشرى ئىبن ئاسىم ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس، ئۆمەر ئىبن خەتتاپ ئەبۇ سۇفيان ئىبن ئابدۇللاھنى تائىپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زاكات يىغقۇچى، ئامىل قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ سەدىقە يىغقۇچى بولۇپ چىقىپ، ئۇلاردىكى ئۆچكىنىڭ بالىسىنىمۇ ھېساپقا كىرگۈزگەن. لېكىن ئۇلاردىن ئوغلاقلارنى زاكات سۈپىتىدە ئالمىغان. شۇ ۋاقىتىدا ئۇلار ئېيتتىكى، ئەگەر سىز ئۆچكىنىڭ بالىسىنىمۇ ھېساپلىسىڭىز، ئۇنى زاكاتقا ئېلىڭ. ئامىل ئۇلارغا بىرەر جاۋاپ ئېيتماي، كېلىپ ئۆمەرگە ئۇچراشتى: «بىز ئۇلاردىكى ئۆچكە بالىسىنى نىساپقا قوشۇپ ھېساپ قىلىۋاتقىنىمىزنى، بىراق زاكات ئۈچۈن ئالمايۋاتقانلىقىمىزنى زۇلۇم دەپ ئويلاۋېتىپتۇ» ، دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «پادىچى ئۆز قولىدا ئېلىپ يۈرگەن ئۆچكە بالىلىرىنىمۇ ھېساپلىغىن ۋە ئۇلارغا: مەن سىلەردىن قويلارنىڭ سويۇش ئۈچۈن سەمرىتىۋاتقىنىنى، سۈتلۈكىنى، ھامىلدارلىرىنى، باللىقىنى ۋە قوچقارىنى ئالمايمەن، دەپ ئېيتقىن ۋە بىر ياشقا توشقان ئۆچكەنى، ئالتە ئايلىق قوينى ئالغىن. مانا بۇ مالنىڭ كىچىكى (قوزا) ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدلى» ، دېدى. بۇنىڭ دەلىلى نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا: «بىزنىڭ ھەققىمىز (يەنى زاكات ئېلىش) ئالتە ئايلىق قوي ۋە بىر ياشلىق ئۆچكەدۇر» . الله تائالانىڭ:

ولا تيمموا الخبيث منه تنفقون *
—«ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى سەدىقە قىلماڭلار». (2:267)
دېگەن سۆزلىرىگە بىنائەن ۋە نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەدىقىدە زاكات يىغقۇچى خالىسىلا قېرى، بىر كۆزى قارىغۇ ۋە تىكە ئېلىنمىدۇ»، - دېگەن سۆزلىرىگە بىنائەن زاكاتقا قېرى ۋە ئەيىبى بار قوي ئېلىنمايدۇ. قويلارنىڭ ھەممىسى قېرى ياكى ئېيىپلىق بولغانلىقى ئۈچۈن زاكات يىغقۇچى بۇ تۈرلەرنى قوبۇل قىلسا جائىز بولىدۇ.

## قويلاردىكى شېرىكلەرنىڭ ھۆكمى

شېرىكلەرنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ ھەسسىلىرىگە قارىماستىن، شېرىكلىك قويدىن زاكات ئېلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، قويلار بىر كىشىنىڭ مىلىدەك ھېسابلىنىدۇ، ئايرىتىلماستىن ياكى جەملەنمەستىن ئۆز ھالىچە قالىدۇ. بۇ شېرىكچىلىكتىكى قويلاردا ھەر بىر كىشىنىڭ ھەسسىسى ئايرىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، مىسالى ئىككى كىشى بىر نىساپ مىقدارى قوينى مىراس ئېلىپ، ياكى شېرىك ھالدا سېتىۋېلىپ ياكى ھەدىيە قىلىپ، ئىككى شېرىك تەقسىملەنمەستىن ئۆز ھالىچە قالدۇرۇلۇشىغا ئوخشاش. ياكى شېرىكلەرنىڭ ھەسسىلىرى ئەمەس، بەلكى قويلىرىنىڭ سۈپىتى ئايرىلىشىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، مىسالى شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ قويلىرى ئاجرالغان بولۇپ، شېرىكلەر قوينى ئارىلاشتۇرۇپ شېرىك بولىشىدۇ. شېرىكلەر شېرىكچىلىكتە باراۋەر بولسۇن ياكى



پادىچى، يەيلاق، قوچقار، سۇدا باراۋەر بولمىسۇن، پەقەت پەرقى يوق. ئەلۋەتتە شېرىكچىلىك قويلار ياكى ئارىلاش قويلار قانچىلىك ئايرىلىشىپ كەتكەن ۋە شېرىكلەرنىڭ ھەسسىسى قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زاكات ئېلىنىۋاتقاندا بىر كىشىنىڭ قويىدەك سانىلىپ، ئاجرىتىلماستىن ياكى جەملەنمەستىن قالدۇرۇلىدۇ. قوي 40دانىغا يېتىپ بارسا، زاكات يىغقۇچى ئۇنىڭدىن بىردانە قوي ئالىدۇ. قوي 121گە يېتىپ بارسا، ئۇنىڭدىن 2 قوي، 201گە يېتىپ بارسا، 3 قوي، 400گە يېتىپ بارسا، - 4 قوي زاكات ئېلىنىدۇ. سەدىقە يىغقۇچى ئالغان زاكات قويلىرىدىكى شېرىكلەرنىڭ ھەسسىلىرىگە قاراپ، شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىملىنىدۇ. نەبى ئەلەيھىسسالام «بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن قويلارنىڭ ئىگىلىرى ئۆز-ئارا باراۋەرلىك بىلەن ئۆز ھەسسىلىرىنى قايتۇرىدۇ»، - دېگەن سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇلار بىر-بىرىگە جەبرى قىلماستىن سەدىقىنى ئۆز-ئارا تەقسىم قىلىدۇ. ئۇلاردىن ھەسسىسى كەم بولغىنى ھەسسىسى كۆپ بولغىنىدىن ئۆز نەسىۋىسىنى ئالىدۇ.

ئامىل زاكاتنى كۆپ ئېلىش ئۈچۈن قويلارنىڭ ئاجرىتىلىشى جائىز ئەمەس. مەسىلەن: ئۈچ شېرىكنىڭ 40تىن قويلىرى بار زاكات يىغقۇچى ھەر بىر شېرىكتىن بىردىن 3 قوي ئېلىش ئۈچۈن قويلارنى ئايرىشنى مەقسەت قىلسا، جائىز ئەمەس. ئۇ يۇقىرىدىكى قائىدىگە بىنائەن بىرلا قوي ئېلىشى لازىم. شۇنىڭدەك، قوي ئىگىلىرىمۇ قويلارغا زاكات بەرمەسلىك ياكى ئۇنىڭ زاكىتىنى كەمەيتىشنى خالاپ سەدىقە يىغقۇچى ھازىر بولغان ۋاقىتتا بىر توپ مالنى ئاجرىتىشى جائىز ئەمەس. مەسىلەن: ئىككى شېرىكنىڭ 201 دانە قويى بار. بۇ ھالدا 3 قوي زاكات

www.uyghurkitap.com

بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن 2 قوي بېرىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنىڭ ئالاھىدە قوشۇلغان قىلىپ كۆرسەتكىنىدەك ياكى ئىككى شېرىك 40 قويغا ئىگە بولۇپ، ئايرىلغاندىن كېيىن زاكات بەرمەسلىكى ئۈچۈن قويغا بېرىلىدىغان زاكاتنى كەمەيتىشنى خالاپ جەملەشمۇ جائىز ئەمەس. مەسىلەن: ئىككى كىشىنىڭ ئارىلاشمىغان قىرىق قويى بار، ئاملغا بىردىن قوي بېرىش ئورنىغا پادىنى ئارىلاشتۇرىدۇ.

جەملەنگەننى ئايرىش ۋە ئايرىملىرنى جەملەشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى سەئدى ئىبنى ۋەققاس رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بار. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سەدىقىدە جەملەنگەننىڭ ئارىسى ئايرىلمايدۇ ۋە ئايرىملارنىڭ ئارىسى جەملەنمەيدۇ. ئارىلاشقان قوي بۇ قويلارنىڭ ئوتلاقتا، سۇ كۆلىدە، قوچقاردا جەملەنگىنىدۇر» . يەنە بىر رىۋايەتتە «قوي باققۇچىدا» دېدى.

تۆگىدىن، كالىدىن ياكى قويدىن زاكات ۋاجىپ بولسا، مالنىڭ ئەينەن ئۆزىدىن زكات ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا قىممىتى ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ھەدىسلەر بۇلارنى بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ ياشلىرىنىمۇ بەلگىلەپ بەردى.

تۆگە، كالا، قوتاز ۋە قوينى تىجارەت ئۈچۈن ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ سەدىقىسى ھايۋان زاكاتى بولماي، تىجارەت مېلىنىڭ زاكاتىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھالدا سانى ۋە ياشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە تىجارەت ماللىرىنىڭ باھاسى - كۈمۈش دەرھەم ياكى ئالتۇن دىنار بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى 200 دەرھەم كۈمۈشكە ياكى يىگىرمە دىنار ئالتۇنغا يېتىپ بارسا، 40دىن بىرى ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ تىجارەت مېلىدىن ۋاجىپ بولغان زاكاتنىڭ مىقدارى. 200 دەرھەم كۈمۈش، 595 گىرام



كۈمۈشكە تەڭ كېلىدۇ. 20 دىنار ئالتۇن بولسا، 85 گىرام ئالتۇنغا تەڭ كېلىدۇ. 1 دەرھەم كۈمۈش 2.975 گىرام، 1 دىنار ئالتۇن بولسا، 4.25 گىرام ئالتۇنغا تەڭ.

# مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ زاكىتى

زىرائەت ۋە مېۋەلەر زاكاتى كىتاپ ۋە سۈننەت بىلەن ۋاجىپ بولغان. كىتاپتا الله تائالانىڭ:

**واتوا حقه يوم حصاده ***

-«مېۋە (نىڭ ھوسۇلى)نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار» .(6:141)

دېگەن سۆزىگە بىنائەن ۋە نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بەش ۋەسەقتىن كەم بولغان نەرسىدە سەدىقە يوق» دېگەن سۆزىگ بىنائەن ئىبنى ئۆمەر نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە نەبى ئەلەيھىسسالام «ئاسمان ۋە بۇلاقلار سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان زىرائەتلەردىن ئوندىن بىر (ئۇشرە)، سۇنى چىلەكتە توشۇش بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان زىرائەتلەردىن ئۆشرىنىڭ يېرىمى ئېلىنىدۇ» .-دەپ ئېيتقان سۆزىگە بىنائەن ۋاجىپ بولغان. بۇخارى رىۋايىتى.

## زاكات ۋاجىپ بولغان مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ تۈرلىرى

زاكات بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈمدە ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمىر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستا: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈمدە زاكاتنى ۋاجىپ قىلدى» .-دېدى. يەنە مۇسا ئىبنى تەلھە: «رەسۇلۇللاھ



ئەلەيھىسسالامدىن مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقىتىدا - بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە ئۈزۈمدىن زاكات ئېلىشنى ئۇنىڭغا بۇيرۇدى» .-دېدى. بۇ ھەدىسلەر زىرائەت ۋە مېۋە زىكاتىنى بۇ تۆت تۈردىن - بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈمدىن ئېلىنىشى، بۇنىڭدىن باشقا زىرائەت ۋە مېۋە تۈرلىرىدىن ئېلىنماسلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاۋۋالقى ئىككى ھەدىس - چەكلەشكە دالالەت قىلغۇچى «انما» لەپزى بىلەن باشلانغان. زاكات ۋاجىپلىقىنى بۇ تۆت تۈرگە چەكلەشنى ھاكىم، بەيھەقى ۋە تەبرانى ئەبۇ مۇسا ۋە مۇئازدىن قىلىنغان ھەدىسلەر تەكىتلەيدۇ. نەبى ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئادەملەرگە دىن ئىشلىرىدىن تەلىم بەرگىلى يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقىتتا: «سەدىقىنى پەقەتلا ئۇ تۆت تۈر - بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈمدىن ئالىسىلەر» .-دېدى. بەيھەقى ھەدىس ھەققىدە: «ئۇنىڭ راۋىلىرى ئىشەنچلىك، بىر-بىرىگە باغلانغان» .-دېدى. بۇ ھەدىستە زىرائەت ۋە مېۋەلەردىكى زاكاتنى پەقەت شۇ تۆت تۈردىن ئېلىش لازىملىقى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. چۈنكى «الا» (ئىللا) لەپزىدىن ئالدىن نەپى ياكى نەھى ھەرپلىرى كەلسە «الا» («ئىللا» لەپزى) ئۆزىدىن ئالدىنقى نەرسىنى ئۆزىدىن كېيىنكى نەرسىگە چەكلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى سەدىقە ئېلىشنى «الا» - (ئىللا) لەپزىدىن زىكرى قىلىنغان تۆت تۈر: بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈمگە چەكلەشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ھەدىستە كەلگەن «قۇرۇق ئۈزۈم»، «خورما»، «ئارپا»، «بۇغداي» لەپزىلىرى جامىد (تۈرلەنمەيدىغان) ئىسىملەر، بۇ ئىسىملەرنىڭ لەپزى نۇتقىمۇ، مەپھۇمەنمۇ، ئىلتىزامەنمۇ ئۆزلىرىدىن باشقىغا شامىل بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىسىملەر سۈپەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسىملىرى ۋە مەنا ئىسىملىرى ئەمەس. بەلكى بۇ ئىسىملەر نېمىگە نام قىلىپ قويۇلغان بولسا، ئاشۇنىڭغا چەكلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ لەپزىدىن غىزالىنىش، قۇرۇش ياكى جەملەش مەنالىرى ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ لەپزىلىرى بۇ مەنىلەر ۋە سۈپەتلەرگە دالالەت قىلمايدۇ. زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان تۆت تۈردە زاكاتنىڭ ۋاجىپلىقىنى چەكلىۋاتقان: «ئاسمان سۇغارغان نەرسىدە ـ ئۆشرە، چوڭ چېلەك ياكى چاق پەلەك ياردىمىدە سۇغارغان زىرائەتكە ـ يېرىم ئۆشرە»، دېيىلگەن ھەدىسلەردە كەلگەن ئومۇمى لەپزىلەرنى خاسلىغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى ئاسمان سۇغارغان بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈمد ئۆشرە (ھوسۇلىنىڭ ئوندىن بىرى)، چوڭ چېلەك ياكى چاق پەلەك بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىدە يېرىم ئۆشرە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن زاكات گۈرۈچ، قوناق، دادۇر، نوقۇت، لوۋىيا، باشقا دان ۋە پوستىلىق (ماش، لوۋىيا ۋە نوقۇتلاردىن) ئېلىنمايدۇ. ئالما، ئۆرۈك، ئانار، ئاپلىسىن، پورتىقال، شاپتۇل، بانان (ئىسسىق مەملىكەتتە ئۆسىدىغان ئۇسسۇملۇك ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى) ۋە باشقا ھۆل مېۋىلەردىنمۇ ئېلىنمايدۇ. بۇ دان ۋە ھۆل مېۋىلەرنى بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈم لەپزى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بۇلاردىن زاكات ئېلىشقا قارىتىلغان سەھىھ ھەدىس ۋە ئايەت ئىجمۇ يوق. زاكات ھەدىسلىرىگە قىياس كىرمەيدۇ. چۈنكى زاكات ئىبادەتلەردىندۇر. ئىبادەتلەرگە قىياس كىرمەيدۇ. شۇنىڭدەك، كۆكتاتلار، تەرخەمەك، كاۋا، پەتىنگەن، سەۋزەگە ئوخشىغان سەيلەردىنمۇ زاكات ئېلىنمايدۇ. ئېلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سەي



كۆكتاتلاردىن سەدىقە يوق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ «يەر ئۈستىدە ئۆسىدىغان سەي كۆكتاتلاردا سەدىقە يوق» ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. تىرمىزى مۇئاز ئىبنى جەبەلدىن، مۇئاز نەبى ئەلەيھىسسالامدىن سەي كۆكتات ھەققىدە سوراپ خەت يازغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە يوق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

## زىرائەت ۋە مېۋىلەر نىسابى

زاكات ۋاجىپ بولغان زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ ئەڭ ئېزى بەش ۋەسەقدۇر. بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈم بەش ۋەسەققە يېتىپ بارمىسا، ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رىۋايەت قىلغان ھەدىسقا قارىغاندا ئۇنىڭدىن زاكات يوق. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «بەش ۋەسەقتىن كەم بولغان نەرسىدە زاكات يوق» ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھماندىن: بەش ۋەسەققە يەتمىگىچە ھېچنەرسە ئېلىنماسلىقى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇپلىرىدا يېزىلغان دەپ رىۋايەت قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سەدىقە بەش ۋەسەقتىنلا ۋاجىپ بولىدۇ» ـ دېگەنلىكىنى جابىر رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەدىسلەرنى تمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بىر ۋەسەق ئاتمىش سائدۇر. نەبى ئەلەيھىسسالام «ۋەسەق ـ ئاتمىش» دېگەنلىكىنى ئەبۇ سەئىدى ۋە جابىر رىۋايەت قىلدى. سا، تۆت مۇددۇر. مۇد بولسا، بۇغداي بىر رەتلىگە قونۇنچە بىر رەتلىنىڭ ئۈچەن

بىرىگە تەڭ. سائ ـ 176.2 كىلوگىرام، ۋەسەق ـ 130.56 كىلوگىرام بوغدايغا تەڭ. شۇنىڭغا قارىغاندا، بەش ۋەسەقنىڭ ئېغىرلىقى بۇغدايدىن زاكات نىسابى 652 كىلوگىرام بولىدۇ. بۇ ۋەزنى ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈم ۋەزنىدىن پەرق قىلىپ، نىساپ ـ كەيل (ئۆلچەم بىرلىكى) بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنغان. نىساپ، زاكاتنىڭ ۋاجىپلىقى كەيلگە تەئەللۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزنى بىلەن ئەمەس كەيل بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنغان. ھەدىسلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

دان ۋە مېۋە بەش ۋەسەققە يەتسە، دانلار ئورۇلۇپ يىغىشتۇرۇلۇپ، يەنچىپ ۋە تازىلانغاندىن كېيىن، مېۋە ھۆل خورما ـ قۇرۇق خورمىغا، ئۈزۈم ـ قۇرۇق ئۈزۈمگە ئايلانغاندىن كېيىن زاكات ئېلىنىدۇ. دان ۋە مېۋىلەردە يىل ئايلىنىشى شەرت بولمايدۇ، بەلكى، اللە تائالانىڭ:

**واتوا حقه يوم حصاده ***

-«مېۋە (نىڭ ھوسۇلى)نى يىغقان كۈندە (يەنى ۋاقتىدا)، ئۆشرىسىنى بېرىڭلار» .(6:141)

دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىق يىغىشتۇرۇش، تازىلاش ۋە قۇرۇتۇش شەرت بولىدۇ. خورما ۋە ئۈزۈم قۇرۇپ، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈمگە ئايلانغاندىن كېيىن دان يىغىلىپ يەنچىلىپ تازىلانغاندىن كېيىن زاكاتنى ئېلىشقا سۈننەت دالالەت قىلىدۇ.

## مېۋىنى تەخمىنەن ئۆلچەش

دۆلەت خورما ۋە ئۈزۈملەر پىشىشقا كۆزى يەتسە، مېۋىلەر ھوسۇلىنى تەخمىنەن ئۆلچەپ بېرىشى ئۈچۈن ئېنىقلىغۇچى



ئەۋەتىشى لازىم بولىدۇ. ئۇتاپ ئىبنى ئۇسەيد: «نەبى ئەلەيھىسسالامدىن ئۈزۈملەرنى ۋە مېۋىلەرنى تەخمىنەن ئۆلچەپ بېرىدىغان كىشىلەرنى ئادەملەرگە ئەۋەتەتتى» ، -دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇت، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. ئۇتاپدىن رىۋايەت قىلىنغان لەپزىدا: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خورما ئۆلچىگەندەك ئۈزۈمنىمۇ ئۆلچەشكە، قۇرۇق خورمىنىڭ زاكىتىنى قۇرۇق خورما ھالىدا ئالغىنىدەك، ئۈزۈمنىڭ زاكىتىنى قۇرۇق ھالدا ئېلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدى» . ۋادىيۇل قۇرادىكى بىر ئايالنىڭ بېغىنى (مېۋىلىرىنى تەخمىنەن ئۆلچەپ بەرگەن ئىدى، -دېدى. ئەھمەد ئۈز مەسنىدى (ھەدىسلەر توپلىمىدا) بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. نەبى ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە خەلىپىلەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغاندۇر.

تەخمىنلىگۈچى تەخمىنلەشتە مېۋە ئىگىلىرىگە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بار مېۋىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ياكى تۆتتىن بىرىنى تەخمىنلەشتىن شۇ مېۋىدىن يەيدىغان مېھمانلىرى، خوشنىلىرى، ئەھلىلىرى، دوستلىرى، باغنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇچىلار، تىلەمچىلەر ھەمدە ئۇنىڭغا چۈشىدىغان قۇشلارنىڭ يېيىشىنى ھېسابقا ئېلىپ، نىساپتىن بۇ ھەقلەرنى ئاجرىتىپ تاشلىشى لازىم. سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەخمىنەن ئۆلچىگىنىڭىزدە ھېسابىنى چىقىرىڭلار ۋە ئۈچدەن بىرىنى قويۇڭلار. ئەگەر ئۈچدەن بىرىنى قويمىسىڭلار تۆتدەن بىرىنى قويۇڭلار» ، -دېگەن ئىدى. دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى ۋە نەسەئى بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. مەكھۇلدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەخمىنەن ئۆلچىگۈچىلەرنى ئەۋەتكەندە ئادەملەرگە يەڭگىللەشتۈرۈڭلار، مالدا (مېۋىلەردە) مېۋىسى تىرىۋېلىنغان دەرەخ پىشماي تۇرۇپ تۆكۈلۈپ كەتكەنلىرى ۋە يۇلىچىلار يەپ كەتكەنلىرى بولىدۇ»، ـ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇغداي ۋە ئارپا تەخمىنەن بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنى تەخمىنەن بىلىش ئۈزۈم ۋە خورمىدىكى ھالەتكە ئوخشاش ئەمەس. خورما ۋە ئۈزۈم مېۋىسى ھۆل ھالدا قۇرۇماستىن يېيىلىدۇ. خورما ۋە مېۋىدىن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىمالال يېيىشى، سېتىشى، ھەدىيە قىلىشى مۇمكىن ۋە بۇ ھەقتە كەڭرىچىلىك ئىمكان يارىتىش ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇلار زاكاتنى شۇ تەخمىنەن بويىچە قاراپ ئادا قىلىدۇ. خورما ۋە ئۈزۈمنىڭ ھەممە تۈرىنى ـ ياخشىسىنىمۇ ناچارلىرىنىمۇ، بەزىسىنى بەزىسىگە قوشۇپ بىرلىدۇ. بۇغداي ئارپىغا قوشۇلمىغىنىدەك خورما قۇرۇق ئۈزۈمگە قوشۇلمايدۇ.

مېۋە تەخمىنەن بولغاندىن كېيىن ۋە قۇرۇشتىن ئالدىن ئاپەت كەلسە، ئىگىسىنىڭ ئەيىبىسىز تالاپەت يەتسە ياكى قۇرۇشتىن ئالدىن ياكى كېيىن ئوغرىلانسا مېۋىسىنىڭ ئىگىسى تۆلىمەيدۇ. لېكىن قالغىنى نىسابقا كەلسىلا شۇنىڭغا زاكات بېرىشى لازىم بولىدۇ.

## زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن ئېلىنىدىغان زاكات مىقدارى

بۇغداي، ئارپا، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈم بەش ۋەسەققە يەتسە، ئەگەر مەشەققەتسىز سۇغۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئوندىن بىرى ۋاجىپ بولىدۇ. مەشەققەتسىز سۇغۇرۇشنىڭ مەنىسى ـ



ئېرىققا، ئۆستەڭگە ۋە سۈيى سىزىپ چىقىپ تۇرىدىغان يەرگە يېقىن تىكىلگەن دەرەخكە ئوخشاش ئىنساننىڭ ئەمگىكىسىز سۇغۇرۇلغان يەرلەر. ئەمگەك بىلەن سۇغۇرۇلغان (تۆگىلەر ياردىمىدە ۋە چېلەك بىلەن سۇغۇرۇلغان) مېۋىلەردىن ئۆشرىنىڭ يېرىمى ـ 20دىن بىرى زاكات قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاسمان سۇغارغان نەرسىدىن ئۆشرە، چېلەك ۋە تۆگە بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان يەردىن ئۆشرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ»، ـ دەپ رىۋايەت قىلدى. بەشەر ئىبنى سەئىيدى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زاكاتنى ئاسمان سۇلىرى ۋە بۇلاق بىلەن سۇغارغان يەردىن ۋە خاس ئاسمان سۈيىگە قاراشلىق سۇغۇرۇلىدىغان يەردىن ـ ئۆشرە، چاق پەلەك سۇغۇرىدىغان يەردىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى پەرز قىلدى»، ـ دەپ رىۋايەت قىلدى. ھەكەم ئىبنى ئۇۋەيىنە: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلگە، ئۇ يەمەندە ئىدى، ئاسمان سۈيى بىلەن ياكى يەر يۈزىدىكى سۇ بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىدە ئۆشرىنىڭ يېرىمى بولىدۇ، دەپ يازدى»، ـ دېدى. بۇ سۇغۇرۇشتا يەرنىڭ ئەكسەر قىسمى ئېتىبارغا ئېلىنغان. ئەگەر يىلنىڭ كۆپراق قىسمىدا ئەمگەك سەرپ قىلماي مەشەققەتسىز سۇغۇرۇلسا، بۇ زىرائەتتىن ئۆشرە بېرىلىدۇ. ئەگەر يىلنىڭ ئەكسەر قىسمىدا ئەمگەك بىلەن سۇغۇرۇلسا، ئۆشرىنىڭ يېرىمى (20دىن بىرى) بېرىلىدۇ. يىلنىڭ يېرىمىدا ئەمگەك بىلەن، يېرىمىدا بولسا، ئەمگەكسىز سۇغۇرۇلسا، ئۆشرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى بېرىلىدۇ.

## زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن سەدىقە ئېلىش

زىرائەت ۋە مېۋە زاكىتىدىكى ئەسلى ۋاجىپ ـ زىرائەت ۋە مېۋىنىڭ ئەينەن ئۆزىدىن ئېلىنىشى، ياخشىسى ۋە ناچىرىدىن

ئەمەس، ئۇنىڭ ئوتتۇرچىسىدىن ئېلىنىشىدۇر. زىرائەت ۋە مېۋىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ناچىرىنى زاكاتقا مۆلچەرلىشى جائىز ئەمەس. اللە تائالا شۇنداق دەيدۇ:

**ولاتيمموا الخبيث منه تنفقون ***

ـ«ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار». (2:267)

نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلاردىكى ماللارنىڭ سۈپەتلىكلىرىدىن ئالماڭلار»، ـ دېگەن سۆزلىرىگە بىنائەن زاكات ئالغۇچى سەدىقىغا مېۋە ۋە زىرائەتنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېلىشتىن ئۆزىنى ساقلىشى لازىم، نەبى ئەلەيھىسسالام سەدىقىدە سۈپەتسىز خورما ئېلىشتىن قايتۇرغان.

بىرىنچىسى: پۇستىسى ئىتىگە يېپىشقان خورما.

ئىككىنچىسى: قۇرۇغاندا سۈپەتسىز ھالدىكى خورما.

دان ۋە مېۋە ئورنىغا ئۇلارنىڭ قىممىتىدىكى پۇل ياكى باشقا نەرسە ئېلىنىشى جائىز. بۇنىڭ دەلىلى: ئەمرى ئىبنى دىنار تاۋۇستىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس: «نەبى ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ئۇ بۇغداي ۋە ئارپا سەدىقىسى ئورنىغا كىيىم ئالاتتى». كىمكى، خورمىدىن بىر تۈرى تەمرى (قۇرۇغان خورما) گە ئايلانمىغىنىدەك ئۈزۈمنىڭمۇ بىر تۈرى ـ قۇرۇق ئۈزۈمگە ئايلانمايدۇ. ئۇلاردىن قىممىتى ئېلىنىدۇ. خورما ۋە ئۈزۈم ئورنىغا ماتا ئالغانلىقىنى مۇئازدىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ مۇئازنىڭ: «ماڭا كىيىم كەلتۈرۈڭلار، سەدىقىنىڭ ئورنىغا ئالىمەن، بۇ سىلەرگە يېنىكلىراق، مەدىنىدىكى مۇھاجىرلارغا پايدىلىقراق»، ـ دېگەن سۆزلىرىدە ئىپادىلەندى. سۈننەتتە رەسۇل ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلاردىن: «ھەق ـ مالدا ۋاجىپ بولىدۇ،



كېيىن ئۇنى بېرىش، بەرگۈچىگە ئەسلىدىن قارىغاندا ئاسانراق بولىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئايلىنىدۇ»، ـ دېگەن ھەدىس تېپىلدى. نەبى ئەلەيھىسسالام جىزيە ھەققىدە يەمەندە تۇرغان مۇئازغا يوللىغان مەكتۇپلىرى بۇ ھەدىسلەر تۈركۈمىدىندۇر. ئۇنىڭدا شۇنداق دېيىلگەن: «ھەر بىر بالاغەتكە يەتكەن كىشىگە بىر دىنار ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا كىيىم ئېلىنىدۇ». نەبى ئەلەيھىسسالام ئالتۇننىڭ ئورنىغا ماتا ئالغاندۇر. نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجران ئەھلىگە «ئۇلارغا ھەر يىلى ئىككى مىڭ كىيىملىك ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا قىرىق دەرھەم ۋاجىپ بولىدۇ»، ـ دەپ يازغان مەكتۇپلىرى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىزيەدە كۈمۈش ۋە ئالتۇندىن بەدەل ئالاتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كۈمۈش ۋە ئالتۇن ئورنىغا جىزيەدە يىڭنە، ئارقان ۋە چىپتە يىغنىسىنى ئالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتۇن ۋە كۈمۈش زاكىتى

ئالتۇن ۋە كۈمۈش زاكىتى مەيلى پۇل بولسۇن، مەيلى پۇلدىن باشقا نەرسە بولسۇن، سۈننەت ۋە ساھابىلارنىڭ ئىجماسى بىلەن ۋاجىپتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە «رەسۇل ئەلەيھىسسالام «ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان بولسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا ئۇنىڭغا ئوتتىن بولغان تاش. ئاستىغا سېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنى جەھەننەم ئوتىدا قىزىتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن زاكات بەرمىگەن كىشىنىڭ يانلىرى، پېشانىسى ۋە ئارقىلىرى كۆيدۈرۈلىدۇ، ھەر قېتىم سوغۇپ قالسا، ئۇنى قايتىدىن قىزىتىلىدۇ. ئۇنىڭ مىقدارى ئەللىك مىڭ يىل بولغان كۈندە بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغىچە جازالىنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن جەننەتكە ياكى دوزاخقا بولغان ئۆز يولىنى كۆرىدۇ»، -دېدى. بۇ ھەدىسنى تىرمىزىدىن باشقىرى بەش راۋى رىۋايەت قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «اللە كىشىگە مال بەرگەن بولسا، كىشى ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، توپلىغان بايلىقى قىيامەت كۈنى ھەر ئىككىلى كۆزىنىڭ تۆپىسىدە ئىككى چېكىتى بار زەھەرلىك ئىلان شەكلىگە كىرىۋېلىپ، ئىگىسىنىڭ تۆپىسىگە يۆگىشىۋېلىپ چاقىدۇ، كېيىن: «مەن سېنىڭ مال-دۇنيالىرىڭمەن، مەن خەزىنەڭمەن»، -دەيدۇ»، -دېدى. كېيىن مانا بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

**ولايحسبن الذين يبخلون بما اتاهم الله من فضله هو خيرا لهم بل هو شر لهم سيطوقون ما بخلوا به يوم القيامة***



-«اللە ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (پۇل-مالغا) قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن يامانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ» (3:180).

بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇتتىن باشقىرى بەش راۋى رىۋايەت قىلغان.

ئىجمادىن دەلىل: - ساھابىلارنىڭ ئىختىلاپسىز ئالتۇن ۋە كۈمۈشتە زاكاتنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئىجما قىلغانلىقىدۇر.

## كۈمۈش نىسابىنىڭ مىقدارى

زاكات ۋاجىپ بولىدىغان كۈمۈش مىقدارىنىڭ ئەڭ ئازى بەش ئۇقىيەدۇر. نەبى ئەلەيھىسسالام «بەش ئۇقىيەدىن كەم بولغان مالدىن سەدىقە يوق»، -دېدى. مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى. ساناق جەھەتتىن مىقدارى 200 دىرھەم. چۈنكى ھەر بىر ئۇقىيە 40 دىرھەم. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ: «ھەر بىر 200 دىرھەمدە 5 دەرھەم زاكات بار»، -دېدى. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمانىل ئەنسارى شۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇپلىرىدا ۋە ئۆمەرنىڭ مەكتۇپلىرىدا: «كۈمۈش 200 دىرھەمگە يەتمىسە، ئۇنىڭدىن زاكات ئېلىنمايدۇ» -دېگەن سۆزى بار ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا كۈمۈش 200 دىرھەمدىن بىر دەرھەم كەمىيىسە زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ 5 ئۇقىيەدىن كەم بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام 5 ئۇقىيەدىن كەم بولغان مالدىن زاكاتنى ۋاجىپ قىلمىدى.

نىساپ بەلگىلىنىدىغان دىرھەملەر بۇ شەرئىي دىرھەملەردۇر.

شەرئى دىرھەملەرنىڭ ئونى ئالتۇن ئۆلچىمى (1 مىسقال ـ 4.68 گىرام) بىلەن 7 مىسقالغا تەڭ كېلىدۇ. دەرھەمنىڭ ھەر بىرى بىر مىسقالنىڭ ئوندىن يەتتە قىسمىدۇر. بۇ شەرئى دەرھەم ۋەزنى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زاكات، جىزيە، دىيەت (خۇن پۇلى) ۋە ئوغۇرلۇقتىكى قول كېسىش نىسابى بەلگىلىنىدۇ.

دەرھەمنىڭ گىرامى بىلەن بولغان ۋەزنى ـ 2.975 گىرامدۇ. كۆمۈشتىن زاكات نىسابىنىڭ ۋەزنى ـ 595 گىرام بولىدۇ (200 دەرھەم ـ 595 گىرامغا تەڭ بولىدۇ). ياسالغان پۇل ھالىدىكى كۆمۈش باشقا كۆمۈش قۇيمىسىغا ياكى كۆمۈش مەدەنگە قوشۇلىدۇ. ئەگەر كۆمۈش مىس بىلە، قوغۇشۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا مېتاللار بىلەن ئارىلاشقان بولسا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ساپ كۆمۈش، نىسابىغا يەتسە، زاكات ۋاجىپ بولىدۇ. زاكاتنى پەقەت كۆمۈش مىقدارىدىن چىقىرىلىدۇ.

## كۆمۈش نىسابىدا ۋاجىپ بولغان زاكات مىقدارى

كۆمۈش زاكات نىسابىغا يەتسە، بىر يىل ئايلانسا، ئۇنىڭدا ئوندىن بىرنىڭ تۆتتىن بىرى ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى 200 دەرھەم نىسابىدا 5 دەرھەم ۋاجىپ، بۇ سۈننەت بىلەن ئىسپاتلانغان. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: نەبى ئەلەيھىسسالام «رىققەدە رۇبئۇل ئۇشرە (ئۇشرىنىڭ تۆتتىن بىرى) زاكات بېرىلىدۇ»، ـ دېدى. رىققە ـ پۇل قىلىنىدىغان كۆمۈشتۇر. بۇخارى نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر قىرىق دەرھەم كۆمۈشتىن بىر دەرھەم سەدىقە بېرىڭلار، 190 دىرھەمگە زاكات بېرىلمەيدۇ» (يەنى 200 دەرھەم



ھەر بىر قىرىق دىرھەمدىن). مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمانىل ئەنسارى: «سەدىقە ھەققىدىكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇپلىرىدا: «كۆمۈش 200 دىرھەمگە يەتكەندىلا ئۇنىڭدىن زاكات ئېلىنىدۇ»، ـ دېگەن سۆزلىرى بار»، ـ دەيدۇ. زاكات نىسابىدا ۋاجىپ بولغان بەش دەرھەم ـ 14.875 گىرامغا تەڭ، چۈنكى دەرھەمنىڭ ۋەزنى ـ 2.975 گىرامدۇر.

## ئالتۇن نىسابى ۋە ئالتۇن ۋاجىپ بولغان زاكات

زاكات ۋاجىپ بولىدىغان ئالتۇن مىقدارىنىڭ ئەڭ كېمى ـ 20 دىنار. ئەگەر 20 دىناردىن بىر قىرات (0.295 گىرام) كەمىيىسمۇ زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ «20 دىناردىن يېرىم دىنار ۋە 40 دىناردىن 1 دىنار زاكات ۋاجىپ»، ـ دەپ رىۋايەت قىلدى. ئەمىر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى چولڭ دادىسىدىن، چولڭ دادىسى پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «نەبى ئەلەيھىسسالام «20 مىسقال ئالتۇندىن كەم بولسا زاكات يوق»، ـ دېدى. ئىبنى ماجە ئۆمەر ۋە ئائىشىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «نەبى ئەلەيھىسسالام 20 دىنار ۋە 20 دىناردىن ئارتۇق ئالتۇندىن يېرىم دىنار، 40 دىناردىن 1 دىنار زاكات ئالاتتى». ئالتۇننىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە، سىبقىنى سىندۇرۇلغىنىغا، پۇل قىلىنغىنىنى ـ مىتال قوشماستىن ۋە مەدەنگە قوشىلىدۇ ۋە ھەممىسىنى بىرلا ھېساپ قىلىنىدۇ. ئەلي ۋە ئائىشىدىن رىۋايەت قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەرگە قارىغاندا، ئالتۇن نىسابىدا ۋاجىپ بولىدىغان زاكات رۇبئۇل ئۇشرە (ئوندىن بىرنىڭ تۆتتىن بىرى)، يەنى 20 دىنار نىساپتىن ـ يېرىم دىنار، 40 دىناردىن بىر دىنار ۋاجىپ بولىدۇ. ئالتۇن ۋە كۆمۈش

www.uyghurkitap.com

نىسابىدىن ئارتۇق نىسابلىنىپ ئارتۇقى كۆپ بولسىمۇ، ئاز بولسىمۇ، ئاشۇ ئارتۇقىدىنمۇ قىرىقتەن-بىرى ئېلىنىدۇ.

بۇ هايۋانلار نىسابىنىڭ هۆكمىدىن باشقىچە. چۈنكى هايۋانلاردا هەر بىر ساناق ئارىسى ئەپۇ قىلىنغان (يەنى ئىككى نىساب ئارىسىدىكى زىيادىسىغا زاكات يوق). ئەمما كۈمۈش ۋە ئالتۇن نىسابىنىڭ زىيادىسىغا زاكات بار. ئۇنىڭدا بىر خىل نىساب ساقلىنىدۇ. نىسابنىڭ ئارتۇقىسى ـ نىساب هۆكمىنى ئالىدۇ ۋە زىيادىنىڭ زاكىتى بېرىلىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن رۇبئۇل ئۇشرە ئېلىنىدۇ.

ئالتۇن نىسابى بولغان 20 دىنارنىڭ ۋەزنى 85 گىرامدۇر. ئالتۇن نىسابىدا ۋاجىپ بولغان يېرىم دىنارنىڭ ۋەزنى ـ 125. 2 گىرام ئالتۇندۇر. چۈنكى بىر دىنار ئالتۇننىڭ ۋەزنى ـ 25. 4 گىرام ئالتۇندۇر.

ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىسابىغا تولۇق بىر يىل ئۆتكەن ۋە يىلنىڭ ئاۋۋالى بىلەن ئاخىرىدا كامىل نىساپ بولسىلا، زاكات ۋاجىپ بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامدىن: «مالغا بىر يىل ئۆتمىگىچە، زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ» ، -دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن» ، -دەيدۇ. ئەگەر شەخس يىلنىڭ ئاۋۋالىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىسابىدىن كەمراقىغا ئىگە بولسا، كېيىن يىل ئاخىرلىشىشىدىن ئالدىن نىسابىنى تولۇقلايدىغان مال تاپسا، ئۇنىڭ يىلى ـ نىساب تولۇق بولغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ. بىر يىل ئۆتسىلا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەگەر ئالتۇن، كۈمۈش نىسابى يىل ئاۋۋالىدىن تولۇق بولسا، ئۇ ئارقىلىق يىل مابەينىدە پايدا هاسىل بولسا، بۇ پايدا ئەسلىگە قوشۇلغان تىجارەتتىن بولسا، پايدا ئەسلىنىڭ يىلى



بىلەن ئېتىبار قىلىنىدۇ. يەنى چىقىرىپ ئېلىنغان پايدىنىمۇ زاكات نىسابىغا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭغا هەم بىر يىل ئۆتكەن دەپ هېساپلىنىدۇ. چۈنكى پايدا مالنىڭ ئۆسۈشى ۋە جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا تابىدۇر. ئەگەر پايدا نىساب جىنسىدىن بولسىمۇ، مىراس ياكى هەدىيە بىلەن بولغىنىدەك ئۆسۈش بولىدىن بولمىسا، بۇ پايدا كامىل يىل ئۆتۈشى لازىم. ئەسلىگە قوشۇلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ هۆكمىنى ئالمايدۇ. شۇنىڭدەك، پايدا ۋە مال جىنسىدىن بولمىسا پايدا قىلىنغان نەرسە هايۋان بولسا، ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە قوشۇلمايدۇ. زاكات ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن پايدا نىسابىغا يەتكەن بولسا، كامىل يىل ئۆتۈشى لازىم. خورما نىسابىنى قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ئۆگە نىسابىنى كالا بىلەن تولدۇرمىغىنىدەك. چۈنكى هەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام «بەش ئۇقىيەدىن كەم بولغان نەرسىدە زاكات يوق» ، -دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى تۈرلۈك هەر خىل جىنسى قىلدى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئايرىپ تاشلاش بۇئاملىسىنىڭ تاپاۋۇت بولىشىغا رۇخسەت بەردى.

## قەغەز پۇلدىكى زاكات

پۇل ـ دۆلەت چىقىرىدىغان ۋە ئۆزى ئۈچۈن مۇناسىۋەتكە كىرگۈزىدىغان مالىيە قەغەزلەردىندۇر. دۆلەت ئۇنىڭ بىلەن سېتىپ ئېلىنىدىغان نەرسىلەر ۋە خىزمەتلەرنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. قەغەز پۇللارنىڭ زاكاتى [illegible]ۇن ۋە كۈمۈشنىڭ زاكىتىغا ئوخشاشتۇر. قەغەز پۇللارنى هەقىقەتكە قاراپ زاكات هۆكۈملىرى يۈرگۈزۈلىدۇ. ئۇ ئۈچ تۈردۇر:

1. بەدەل قەغەز پۇللار. بۇ مەدەنى پۇل نىزامىدا يۈرىدىغان دۆلەت چىقارغان قەغەز پۇللاردۇر. بۇ پۇللار ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە نىسبەتەن چەكلەنگەن مىقداردا يۈرگۈزۈلىدۇ. ئايلىنىشتا ئالتۇن ۋەكۈمۈشكە نائىب (ئورۇن باسار) بولىدۇ ۋە تەلەپ ۋاقتىدا بۇ پۇللار سەرپ قىلىنىدۇ. بۇنداق قەغەز پۇللار ئالتۇن ۋە كۈمۈش دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن. ئۇنىڭ زاكاتى ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ زاكىتىغا ئوخشاش. ئەگەر ئالتۇنغا نائىب بولسا، قەغەز پۇلنىڭ ئالتۇنغا نىسبەتەن قىممىتى 20 دىنار (85 گىرام) گە يەتسە، ۋە بىر يىل ئايلانسا، زاكات يەنى رۇبئۇل ئۇشرە ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر كۈمۈشكە نائىب بولسا، ئۇنىڭ مىقدارى 200 دەرھەم - 595 گىرام - كۈمۈش مىقدارىغا يەتسە، يىل توشسا، زاكات يەنى رۇبئۇل ئۇشرە ۋاجىب بولىدۇ. بەدەل قەغەز پۇلدىن زاكات ۋاجىبلىقىنىڭ دەلىلى، ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە زاكات ۋاجىبلىقىغا دالالەت قىلغۇچى يۇقىرىدا كەلگەن ھەدىسلەردۇر. چۈنكى بۇ پۇللار ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ۋەكىل ياكى نائىبدۇر. ۋەكىل ۋە نائىب - ئەسلىنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ.

2. ئىشەنچىلىك قەغەز پۇللار. بۇ پۇللار دۆلەت ياكى دۆلەت ئۇنىڭغا چىقىرىش ھەققىنى بەرگەن بانكىلار بىرى چىقارغان قەغەز پۇللاردۇر. ئىشەنچىلىك قەغەز پۇلنىڭ كۆرسىتىلگەن قىممىتىدىن تۆۋەن مۇئەييەن نىسبەتتە كۈمۈش ياكى ئالتۇندىن دائىم قاپلىما ئالتۇنى بولىدۇ. بۇ قاپلىما - دۆلەت ياكى بۇ پۇللارغا جاۋابكار بانكا ھۇزۇرىدا ساقلىنىدۇ. ئىشەنچىلىك قەغەز پۇل چىقارغۇچى (دۆلەت، بانكا) تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا، قاپلانغان ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن بولغان قىممەتنى ئالغۇچىغا



قايتۇرۇشى ئۇنىڭ زىممىسىدەدۇر. ئۇنىڭ قاپلىمىسى كامىل بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قىممىتىگە مۇئەييەن نىسبەت بىلەن بولىدۇ، بەزىدە تۆتتەن ئۈچ قىسىم، ئۈچتەن ئىككى قىسىم ياكى يېرىمى ياكى باشقا ھەممە مۇئەييەن پىرسەنت بىلەن بولىدۇ.

بۇ ئىشەنچىلىك قەغەز پۇللاردىن قاپلانغان قىسمى بەدەل قەغەزلەر، ئالتۇن، كۈمۈش دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەر قانداق ۋاقىتتا، ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ زاكىتى ئالتۇن ۋە كۈمۈش زاكىتىغا ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر ئىشەنچىلىك قەغەز ئالتۇن بىلەن قاپلانغان بولسا، ئۇنىڭ قاپلىمىسى ئىسمى قىممىتىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلسە ۋە 40 دىنارغا يەتسە، بىر يىل ئۆتسە ئۇنىڭدىن زاكات ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنىڭ زاكىتى ئۆز جىنسىدىن بىر دىنارلىق قىسمى تۆلىنىدۇ. ئەگەر 40 دىنارغا يەتمىسە، نىسابدىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا زاكات بېرىلمەيدۇ.

مەسىلەن، ئەگەر بۇ پۇللار كۈمۈش بىلەن قاپلانغان بولسا ۋە قاپلىمىسى ئىسمى قىممىتىنىڭ يېرىمى بولسا، بۇنىڭدا ئەگەر 400 دىرھەمگە يېتىپ، بىر يىل ئايلانسا، زاكات بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. زاكات ئۆز جىنسىدىن 10 دىرھەمگە تەڭ قىسمى بولىدۇ. ئەگەر 400 دىرھەمگە يەتمىسە زاكات بېرىلمەيدۇ.

ئىشەنچىلىك قەغەزدە زاكات ۋاجىبلىقىنىڭ دەلىلى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتە زاكاتنىڭ ۋاجىبلىقىغا دالالەت قىلغۇچى ھەدىسلەردۇر. چۈنكى ئىشەنچىلىك قەغەزلەر ئىسمى قىممىتىدە قاپلانغان مىداردا كۈمۈش ئالتۇنغا ۋەكىلدۇر. زاكات ئۇنىڭدا ۋاجىبدۇر. ۋەكىل ۋە نائىب - ئەسلىنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ.

3. مەجبۇرى قەغەز پۇللار دۆلەت پەرمانى بىلەن

www.uyghurkitap.com

چىقىرىلىدۇ ۋە دۆلەت ئايلاندۇرۇشتا تاشلايدۇ. ئۇنى نەرسىلەرگە باھا قىلىپ، خىزمەت ۋە مەنپەئەتلەرگە ھەق قىلىدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن قايلانمىغا ئېھتىياتى ئالتۇن، كۈمۈش ياكى قاپلانغان قەغەز پۇل بىلەن كاپالەتلەنمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرى قەغەز پۇللارنىڭ قانۇنى قىممىتىدىن باشقا قىممىتى يوق.

بۇ مەجبۇرى قەغەز پۇللارنى پۇل، نەرسىلەرگە باھا ۋە مەنپەئەتلەر، خىزمەتلەرگە ھەق قىلىشقا كېلىشىپ ئېلىنغان، ئۇنىڭ ياردىمىدە باشقا ماللارنى ۋە نەق نەرسىلەرنى سېتىپ ئېلىنغاندەك، بۇنىڭ بىلەن ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى سېتىۋېلىش مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا مەجبۇرى قەغەز پۇللاردىمۇ ئالتۇن ۋە كۈمۈش مەيدانغا چىققان - پۇللۇق ۋە باھالىق سۈپىتى مەيدانغا چىقىدۇ. «كۈمۈشتە رۇبئۇل ئۇشرە»، «بەش ئۇقىيەدىن ئازدا سەدىقە يوق»، «كۈمۈش زاكىتىنى كەلتۈرۈڭلار»، «كۈمۈش 200 دىرھەمگە بارمىغىچە، كۈمۈشتىن زاكات ئېلىنمايدۇ، قاچان 200 دىرھەمگە يەتسە، 5 دەرھەم زاكات ئېلىنىدۇ»، «سىزنىڭ 20 دىنارىڭىز بولۇپ، بىر يىل تولسا، شۇندىلا يېرىم دىنار زاكات بېرىسىز»، دەپ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتە زاكاتنىڭ ۋاجىبلىقىغا ئىشارەت قىلغۇچى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى پۇلغا ۋە باھاغا دالالەت قىلغان. چۈنكى ھەدىستە كەلگەن «رىققە»، «ۋەرىق» ۋە «ئۇقىيە» لەپزىلىرى ئەرەبلەر لۇغىتىدە ياسىلىپ پۇل قىلىنغان دىرھەملەرگە نىسبەتەن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك، «دىنار» لەپزى ھەم ياسالغان، پۇل قىلىنغان - ئالتۇنغا، يەنى، پۇل ۋە باھا بولغان ئالتۇنغا ئېيتىلىدۇ. ھەدىستە «ئالتۇن» ۋە «كۈمۈش» لەپزىلىرى ئىشلىتىلمەستىن دىنار سۆزلىرى بىلەن



ئىپادىلىنىشى ئۇلاردىكى مەقسەت، پۇل ۋە باھا ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. پۇل ۋە باھاغا زاكات، دىيەت، كاپپارەت، ئوغۇرلۇقتا قول كېسىش ۋە باشقا ھۆكۈملەر باغلانغاندۇر.

مەجبۇرى قەغەزلەردە پۇل ۋە باھا مەيدانغا چىقسا، ئۇلار - ئالتۇن، كۈمۈش، پۇلدا زاكات ۋاجىپلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ زاكات ۋاجىپ بولىدۇ. زاكات ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، كىشىدە مەجبۇرى قەغەزلەر قىممىتى ئالتۇن نىسابى بولغان - 20 دىنار (85 گىرام) ئالتۇننىڭ قىممىتىگە تەڭ كەلسە، ياكى كىشىدىكى مەبلەغ 200 دەرھەم (595 گىرام) كۈمۈشكە تەڭ كەلسە ۋە بىر يىل ئايلانسا، ئۇ قىرىقتىن بىرىنى زاكات قىلىپ بېرىشى ۋاجىپ.

زاكات ئالتۇندىن - ئالتۇن، نائىب پۇللار ۋە ئىشەنچلىك قەغەز پۇللار بىلەن بېرىلىدۇ. كۈمۈشتىن - كۈمۈش، نائىب ۋە ئىشەنچلىك قەغەز پۇللار بىلەن زاكات بېرىش جائىز. شۇنىڭدەك، ئالتۇندىن كۈمۈش، مەجبۇرى قەغەز پۇللار، كۈمۈشتىن ئالتۇن ۋە مۇجبۇرى قەغەز پۇللار بىلەن زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى - پۇل ۋە باھالاردۇر. ئۇنىڭ بەزىسى - بەزىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن مەقسەت ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۈچۈن بەزىسىنىڭ ئورنىغا بەزىسىدىن زاكات بېرىش جائىز. زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكاتى بابىدا زاكات ۋاجىب بولغان مال ئورنىغا قىممىتىنى ئېلىش دەلىلىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستا: «ئايالى ئۇنىڭغا مېنىڭ 20 مىسقالغا تەڭ كېلىدىغان شىپىقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجانىم بار، دېگەندە ئۇنىڭدىن بەش دەرھەم زاكات

بېرىلىڭ. -دېدى.



# تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى

پايدا ئېلىش مەقسىتىدە پۇلدىن باشقا سېتىپ ئېلىش ۋە سېتىش بىلەن تىجارەت قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تىجارەت ماللىرى دېيىلىدۇ. ئۇلارغا ئوزۇق-تەمىنات، كىيىم-كېچەك، ئۆي جاھازلىرى، سانائەت ماللىرى، ھايۋان، ماتالار، يەر ۋە بىنالار، شۇنىڭدەك، سېتىپ ئېلىنىدىغان ۋە سېتىلىدىغان باشقا نەرسىلەر كىرىدۇ.

تىجارەت قىلىنىدىغان ماللاردىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن زاكات ۋاجىپ بولدى. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ (اللەقا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن): «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىدىن ئۆلۈشتە سەدىقە بېرىشنى بىزگە بۇيرۇق قىلاتتى»، -دېدىن. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ زەر نەبى ئەلەيھىسسالامدىن: «بەززىدە سەدىقە باردۇر»، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. «بەزز»نىڭ مەنىسى - تىجارەت قىلىنىدىغان ماتا ۋە كىيىملەر. ئەبۇ ئەمرى ئىبنى ھەمماس ئاتىسىدىن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى، ھەمماس، مېلىڭنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلغىن»، -دېدى. مەن مۇنداق دېدىم: «مەندە مال يوق، قەتلا، تىرە ۋە ئوقدان بار»، «ئۇنىڭ قىممىتىنى چىقىرىپ، كېيىن زاكىتىنى ئادا قىلغىن»، -دېدى، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇلقارى: «مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ ئامانىدا بەيتۇلمالدا ئامىل ئىدىم. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ

www.uyghurkitap.com

بەيتۇلمالدىن ھەدىيە تارقىتىلىدىغان ۋاقىتتا سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى يىغاتتى، كېيىن ئۇنىڭ شۇ يەردىكى ۋە باشقا بارلىق ھەممە ماللىرىنى ھېساپ قىلىپ ۋە ھەممىسىنىڭ ئۈستىدىن – باشقا جايدىكى ۋە شۇ يەردىكى ماللىرىدىن زاكات ئالاتتى» ، - دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى ئۆمەر «تىجارەت ئىرادە قىلىنىدىغان نېپىس-يۇپقا كىيىم ۋە ماتالاردا سەدىقە بار» ، - دېدى. تىجارەت زاكات ۋاجىپلىقىنى ئۆمەر، ئۇنىڭ ئوغلى، ئىبنى ئابباس، يەتتە پۇقەھا، ھەسەن، جابىر، تاۋۇس، نەخەئى، سەۋرىي، ئەۋزارى، شارىئىي، ئەھمەد، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئەسھابۇر رەئيى، ئەبۇ ھەنىفە ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

تىجارەت مېلىنىڭ قىممىتى ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىسابى قىممىتىگە يەتكەن ۋە 1 يىل ئايلانغان ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «1 يىل ئايلانغان مالغىلا زاكات بېرىلىدۇ» ، - دېگەن سۆزىگە بىنائەن، تىجارەت مېلىدىن زاكات ۋاجىپ بولىدۇ.

تىجارەتچى نىساپتىن ئازراق مال بىلەن تىجارىتىنى باشلىسا، يىل ئاخىرىدا مال نىساپقا يەتسە، نىساپقا 1 يىل ئۆتمىگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىپ ئەمەس. بۇ نىساپقا 1 يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ.

نىساپدىن ئارتۇق 1000 دىنار مال بىلەن تىجارەت باشلىغان تىجارەتچى يىلنىڭ ئاخىرىدا تىجارىتى ئاخىرلىشىپ، پايدىسى 3000 دىنارغا يەتسە، ئاۋۋال 1000 دىنارنىڭ ئەمەس، 3000 دىنارنىڭ زاكىتىنى بېرىدۇ. چۈنكى 3000 دىنار 1000 دىنارغا تەۋە بولغان. ئۈچمىڭ دىنار قاچان ھاسىل بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەسلىنىڭ ئايلىنىشىغا يىل ئۆتكەنلىكتىن، زاكات



بېرىلىدۇ. بۇ ئۆچكە ۋە قوي باللىرىنىڭ ئۆچكە ۋە قوي بىلەن بىرگە ھېساپلانغانلىقىدەكدۇر. مال پايدىسىنىڭ ئايلىنىش يىلىمۇ، ئەسلى مالنىڭ ئايلىنىش يىلى بىلەن ھېساپلىنىدۇ. يىل يېقىنلاشقاندا تىجارەتچى تىجارەت مېلىنىڭ قىممىتىنى چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا تىجارەت مېلىدىن زاكات تۆگە، مال ۋە قويلارغىمۇ، ياكى كىيىم-كېچەك سانائەت مەھسۇلاتلىرى، يەر ۋە بىناغا ئوخشاش مۈلۈككىمۇ، پەرقى يوق. تىجارەت مېلىنىڭ ھەممىسىنىڭ قىممىتىنى ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن بىرگە باھالايدۇ. ئەگەر تىجارەت مېلىنىڭ قىممىتى ئالتۇن ياكى كۈمۈش نىسابىنىڭ قىممىتىگە يەتسە، ئۇنىڭدىن مۇئامىلەدىكى پۇل بىلەن رۇبئۇل ئۇشرە بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا يەڭگىل بولسا، تىجارەت مېلىنىڭ زاكىتىنى تىجارەت مېلىدىن بېرىشىمۇ جائىز. مەسىلەن، بىر كىشى قوي، كالا ياكى كىيىم بىلەن تىجارەت قىلسا، ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولغان زاكاتنىڭ قىممىتى قوي، كالا ياكى كىيىم قىممىتى بىلەن باراۋەر كەلسە، ئۇ پۇل بېرىشى ياكى قوي، كالا ياكى كىيىم بەرسىمۇ بولىدۇ. قايسى بىرىنى خالىسا شۇنى بېرىدۇ.

تۆگە، كالا ۋە قويغا ئوخشاش ئەينەن ئۆزىدىن ۋاجىپ بولىدىغان تىجارەت ماللىرىدۇر، ھايۋان زاكىتى ئەمەس، تىجارەت مېلىنىڭ زاكىتى بېرىلىدۇ. چۈنكى چارۋا ئىگىسىنىڭ نىيىتى تىجارەتتۇر. بۇلارنى كۆپەيتىش ئەمەس.

## قەرزنىڭ زاكىتى

كىشىدە نىساپقا يەتكەن ۋە 1 يىل ئايلانغان مال بولسا،

ئۇنىڭ گەردىنىدە نىساپنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قەرز بولسا ياكى قەرزنى تۆلىگەندىن كېيىن قالغان مېلى نىساپقا يەتمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىر كىشى مىڭ دىنارغا ئىگە، لېكىن ئۇنىڭ گەردىنىدە 1000 دىنار قەرز بار ياكى 40 دىنار ئالتۇنغا ئىگە، لېكىن ئۇنىڭ گەردىنىدە 30 دىنار قەرز بار، بۇ ئىككى ھالەتتە ئۇ نىساپقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن زاكات بەرمەيدۇ. ناپىئ، ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «كىشىنىڭ مىڭ دىرھەمى بولسا، ئۇنىڭ گەردىنىدە 1000 دەرھەم قەرز بولسا، ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ»، -دېدى.

ئەمما قەرزدىن ئېشىپ قالغان مال نىساپقا يەتسە، يېزىد ئىبنى سائىب ئوسمان ئىبنى ئەپپاننىڭ: «بۇ سىلەرنىڭ زاكات ئېيىڭلار. كىمنىڭ قەرزى بولسا، ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى ئادا قىلسۇن» (يەنى: قەرزىنى تۆلىسۇن) يەنە بىر رىۋايەتتە «كىمدە قەرز بولسا، تۆلىسۇن. كېيىن قالغان مېلىنىڭ زاكىتىنى بەرسۇن»، -دېگەنلىكىنى ئىشىتكەن ئىدىم دەيدۇ. بۇ گەپ ساھابىلار ھۇزۇرىدا بولغان ئىدى. ئۇلار بۇنى ئىنكار قىلمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىجمائىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئەگەر شەخسنىڭ قەرزىگە بەرگەن پۇلى پەيسەلگە سالمايدىغان باي كىشىنىڭ گەردىنىدە بولسا، خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، قەرزگە يىل توشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «سەدىقە پەرز بولغان ۋاقىتتا بەرگەن قەرزىڭنى ھەمدە ئۆزۈڭدىكى ھەممە نەرسىلەرنى جەملەپ، ھېساپلاپ، كېيىن ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرگىن»، -دېدى. ئوسمان ئىبنى ئەپپان:



«ئەگەر خالىساڭ ئىگىسىدىن تەلەپ قىلىپ ئالىدىغان، ئۇيالغىنىڭدىن ياكى چىرايلىق مۇئامىلە قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن سورىماي تۇرغان باي كىشىدىكى قەرزىڭگە زاكات ۋاجىبدۇر»، -دېدى. ئىبنى ئۆمەر: «سەن ئېلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان بەرگەن قەرزىڭگە 1 يىل توشسا، ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىشىڭ لازىم»، -دېدى.

ئەمما قەرزدارى قىينالغان كىشى ياكى پەيسەلگە سالغۇچى باي بولسا، قەرز قايتۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن زاكىتىنى بېرىش ۋاجىپ. ئالالسا، ئاۋۋالقى (زاكىتى تۆلەنمىگەن) يىللار ئۈچۈنمۇ زاكات بېرىدۇ. ئىگىسىنىڭ قەرزنى ئۇندۇرۇشى ياكى ئۇندۇرەلمەسلىكى گۇمان بولغان قەرز ھەققىدە ئەلىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «ئەگەر، قەرزنى ئۇندۇرسە، ئاشۇ ۋاقىتتا ئۆتكەن يىللار ئۈچۈنمۇ زاكات بەرسۇن»، -دېدى. ئىبنى ئابباس قەرز ھەققىدە رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلمىغان ۋاقتىڭدا، قەرزىڭ قولۇڭغا تەگمىگىچە زاكات بەرمەيسەن. ئۇنى ئالغان ۋاقتىڭدىلا زاكىتىنى ئادا قىلغىن».

www.uyghurkitap.com

## زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى زاكىتى

ئايال بېلىكىنى، بوينىنى، قولاقلىرىنى، جىسمىنى زىننەتلەش ئۈچۈن تاقايدىغان قىممەت باھالىق تاشلار، مىتاللار، جەۋاھىراتلاردىن ئىساپقا يەتكەن ياكى قىممەت باھالىق تاشلار، مەيلى ئاز، ياكى كۆپ بولسۇن، پەرقى يوق، تاقايدىغان نەرسىلەرگە زاكات بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئاياللار بۇ تاشلارنى خەزىنە(يەنى ھاجىتىدىن تاشقىرى بولغان تاقىماي تاشلاپ قويۇش) ياكى تىجارەت ئۈچۈن ئالماي، زىننەتلىنىش، ئىستىمال ئۈچۈن ئالغان دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. ئەگەر زىبۇ-زىننەتلەرنى خەزىنە (تاقىماي قويۇپ قويۇش) ياكى تىجارەت ئۈچۈن ئېلىنغان بولسا، ئۇنىڭدىن زاكات بېرىلىدۇ. لەيس ئىبنى سەئدى - ئەبۇ زۇبەيرىدىن، ئەبۇ زۇبەيرى جابىردىن، ئۇ كىشى نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: نەبى ئەلەيھىسسالام «زىبۇ-زىننەتلەردە زاكات يوق» ،-دېدى. ئەمرى ئىبنى دىنار ئېيتىدۇكى: جابىر، ئىبنى ئابدۇللاھدىن سورىدى: «زىبۇ-زىننەتلەردە زاكات بارمۇ؟» «يوق!» ئەگەر 10مىڭغا يەتسىمۇ» «ئۇنىڭدىن كۆپراق بولسىمۇ!» ،- دېدى. ناپىئ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبنى ئۆمەر قىزىدىن بىرىنى 10 مىڭنى ئېلىپ تورمۇشقا چىقاردى. ئۇ 10 مىڭدىن 4 مىڭغا زىبۇ-زىننەت ئېلىپ سوغات قىلدى. ئۇلار زىبۇ-زىننەتلىرىدىن زاكات بەرمەيتتى» . ئەبۇ مۇلەيكىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئائىشە ئىنىسىنىڭ قىزلىرىنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن زىننەتلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەيتتى» . «زىبۇ



زىننەتتە زاكات ۋاجىپ بولىدۇ» ،-دېگەن كىشىلەر بىر نەچچە ھەدىسلەرنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە زاكاتنى ۋاجىپ قىلغۇچى ھەدىسلەردە كەلگەن «رىققە»، «ئۇقىيە»، «ۋەرىق» ۋە «دىنار»لەپزىلىرى زىبۇ-زىننەت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەزكۇر لەپزىلەر ئەرەپ لۇغىتىدە ئادەملەر ئارىسىدا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ يۈرگۈچى، سوقۇلغان دىنار ۋە دىرھەملەرگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. بۇ دەرھەم ۋە دىنارلار نەرسىلەرنىڭ باھاسى، خىزمەت، مەنپەئەت، زىبۇ-زىننەتلەر ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ باھاسى بولغان پۇللاردۇر. ئەگەر ھەدىسلەرنىڭ لەپزىلىرى پالانچىغا يەتسە، ئۇنىڭدا پالانچى زاكات بار دېگەن سۆز بىلەن بەلگىلىنەتتى. زىبۇ-زىننەتلەر كۈمۈش لەپزىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولاتتى. لېكىن ھەدىسلار، «رىقە»، «ۋەرىق»، «ئۇقىيە» ۋە «دىنار» لەپزىلىرىنى ئىشلەتكەن. لەپزىلەرنىڭ ھەممىسى ياسالغان پۇل ھالىتىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. زىبۇ-زىننەتلەر بولسا بۇ لەپزىلەردىن ئەمەس. بۇ ھەدىسلەر ئۇمۇمىي ھەدىسنى خاسلىغۇچىدۇر. ئۇمۇمىي ھەدىس بولسا مانا بۇ: «ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايدىغان بولسا، قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭغا ئۇتتىن بولغان كۆپىچەك سېلىنىدۇ» .

ئەمما ئەمرى ئىبنى شۇئەيب رىۋايەت قىلغان ھەدىسلارغا قارىساق: «بىر ئايال قىزىنى يېتىلەپ، نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. قىزىنىڭ قولىدا ئالتۇندىن قۇيۇلغان 2 دانە زىننەت بۇيۇمى بار ئىدى. نەبى ئەلەيھىسسالام دېدى: «بۇنىڭ زاكىتىنى بەردىڭىزمۇ؟» ، ئايال «ياق» ،-دېدى. نەبى

ئەلەيھىسسالام «اللە بۇ ئىككى زىننەت بۇيۇمى ئورنىغا دوزاختىكى ئوتتىن بولغان ئىككى بىلەزۈك تاقاپ قويۇشى سىزنى خوشال قىلامدۇ؟» ، -دېدى. بۇ ھەدىس ھەققىدە ئەبۇ ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: «ئادەملەر بۇ ھەدىس ھەققىدە گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ پەقەتلا بىر يول ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى بىلمىمىز» . ئەگەر بۇ رىۋايەت راست بولغان بولسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ساقلىنىپ قالغان بولاتتى. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۆلىمالار - سەئىدىن ئىبنى مۇسەييەپ، شۆئبىي، ھەسەن ۋە قەتادە بۇ ھەدىسنى: «زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتى - ئارىيەتكە (پايدىلىنىشقا) بېرىشتۇر» ، -دەپ تەپسىر قىلىدى. ئېھتىمال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «زاكات» ، دېگەندە ئەنە شۇ «ئارىيەتنى» كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر زىننەت بۇيۇملىرىدا زاكات پەرز بولغان بولسىدى، كىتاپ ۋە سۈننەتلەردە ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئېنىق باشقا سەدىقىلەرگە ئوخشاش بولغان بولاتتى.

تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بابدا سەھىھ بولغان نەرسە يوق» . يەنى زىننەت بۇيۇملىرى ھەققىدە سەھىھ بولغان ھەدىس يوق.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتقان رىۋايەتكە كەلسەك، «ئەگەر، زاكىتىنى بەرسەڭ، زىننەت بويۇملىرىنى تاقىشىڭدا زەرەر يوق» . ياكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كاتتا كۈمۈش ئۈزۈك تاقىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتدا: «ئۇ سېنى دوزاخقا كىرگۈزۈشكە كۇپايە قىلىدۇ» ، -دېگەن نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى يۇقىرىدىكى ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ ھەدىسىدەك چۈشۈنىلىدۇ. خۇسۇسەن، ئائىشە



رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بۇ پىكىرگە زىت كېلىدىغان رىۋايەت بار. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جىيەنى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد: «ئائىشە ئۇنىڭ ئايالىنى ياكى ئىنىسىنىڭ قىزىنى زىننەت بۇيۇملىرىدىن زاكات بېرىشكە بۇيرىمىدى. ئائىشە ئىنىسىنىڭ قىزىنى ئالتۇن كۈمۈش بىلەن زىننەتلەپ، ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن ئىدى» ، -دەپ رىۋايەت كېلىدۇ. كۈمۈش ئۈزۈك ھەققىدىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى يەھيا ئىبنى ئەييۇب يولىدىن رىۋايەت قىلىنغان ۋە بۇ ھەدىس زەئىپتۇر. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈكنىڭ ۋەزنى زاكات ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن 1 يىل ئايلانغان كۈمۈش نىسابىنىڭ ۋەزنىگە تەڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھەدىسنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تەكىتلەيدۇ. ئەمما ئۆمەر سەلەمەدىن رىۋايەت قىلغان ئەۋزاھ (كۈمۈشتىن بولغان زىننەت بۇيۇملىرى) ھەدىسى، ئەتتابنىڭ يولىدىن رىۋايەت قىلىنغان. ئ كىشى نامەلۇمدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى قىزلىرىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى بەرگەنلىك ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ سەنەدىدە، يۇقىرى سۆزلىنىپ ئۆتۈلگەن، ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ سەنەدى سۆزلەنگەن، سۆز بار.

ئىبنى ئۆمەر، جابىر، ئەنەس، ئائىشە، ئەسما، قاسىم شۆئبىي، قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى ئېلى، مالىك، شافىئىي ئەھمەد، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئىسھاق ۋە ئەبۇ سەۋر - «زىننەت بۇيۇملىرىدا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ» ، -دېگەن. بۇلار - ئايالل زىننەت بۇيۇملىرى ھەققىدىكى سۆزلەردۇر.

ئەگەر، ئەر كىشى زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىستىمال ئۈچۈ ئالسا، بۇ ئۇنىڭغا ھارام ۋە زاكات بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىستېمال قىلماي، ئاياللارغا، قىزلارغا ۋە باشقىلارغا ئارىيەت
ئېلىپ بېرىش ياكى بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا
زاكات بەرمەيدۇ، چۈنكى زىننەت بۇيۇمى مۇباھ ئىستېمال ئۈچۈن
ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر تىجارەت ئۈچۈن ئالغان
بولسا، زاكات بېرىش ۋاجىپتۇر.



## زاكاتنى خەلىفىگە بېرىش

زاكات ئېمىدىن بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى خەلىفىگە ياكى خەلىفە بەلگىلىگەن ۋالىغا ياكى خەلىفە بەلگىلىگەن زاكات يىغقۇچىغا بېرىلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

خذ من اموالهم صدقة تطهرهم وتزكيهم بها وصل عليهم ان صلاتك سكن لهم *

—«(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ». (9:103)

اللە بۇ ئايەتتە رەسۇلىنى مال ئىگىلىرىدىن سەدىقە ئېلىشنى بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ ئۈزۈم ۋە خورمىنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈچىلەرنى بەلگىلىگىنىدەك، مال ئىگىلىرىدىن سەدىقە ئېلىش ئۈچۈن سەدىقىگە ۋالى، ھاكىم ۋە سەدىقە يىغقۇچىلارنى بەلگىلەيتتى. ئادەملەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانىدا زاكاتنى رەسۇلۇللاھقا ۋە ئۇلار بەلگىلىگەن ۋالى، ھاكىم ۋە سەدىقە يىغقۇچىلارغا بېرەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ھالەت مانا شۇنداق داۋام قىلدى. ئىبنى سىرىندىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سەدىقە نەبى ئەلەيھىسسالامغا ياكى ئۇ كىشى بۇيرىغان كىشىلەرگە، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇ كىشى بىلەن ئۆمەر ياكى ئۇ كىشى بۇيرۇغان كىشىلەرگە، ئوسمانغا ياكى ئۇ كىشى بۇيرىغان

كىشىلەرگە بېرىلەتتى. ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇلار ئىختىلاپ قىلدى: ئۇلاردىن بەزىسى خەلىفە بۇيرىغان كىشىلەرگەن بەرەتتى. بەزىلىرى ئۆزلىرى تەقسىم قىلاتتى»، ئىبنى ئۆمەر زاكاتنى ۋە ئۇنىڭ بۇيرىغان كىشىلەرگە بەرگۈچىلەر جۈملىسىدىن ئىدى.

زاكاتنى خەلىفىگە ياكى خەلىفە بەلگىلىگەن ئەمىرلار، ئەمىلار، هاكىملار ۋە زاكات يىغقۇچىلارغا بېرىلىدۇ، گەرچە ئۇلار زۇلۇم قىلغۇچى بولسىمۇ. ياكى ئىمان تەدبىق قىلسىمۇ، ئىسلام ھۆكمىنى تەدبىق قىلسىلا، زاكات شۇلارغا بېرىلىدۇ. سۇلەيھى ئىبنى ئەبۇ سالىھ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەئدى ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىدى ئىل خۇدرى ۋە ئىبنى ئۆمەردىن سورىدۇم: «بۇ خەلىفە سىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. مەن زاكىتىمنى ئۇنىڭغا بېرىۋېرەمەنمۇ؟» ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «زاكاتنى ئۇنىڭغا بەر»، دېدى». ئىبنى ئۆمەر: «زاكاتنى الله سىلەر ۋالى قىلغان كىشىلەرگە بېرىڭلار. كىشى ياخشىلىق قىلسا ئۆزىگە پايدا، گۇناھ قىلسا ئۆزىگە زىيان بولىدۇ»، - دېدى.

شەخسنىڭ ئۆزى پۇلدىن بولغان زاكاتنى تارقىتىشى ۋە زاكاتنى ئۆز ئورنىغا قويۇشنىڭ جائىزلىقىغا ساھابىلاردىن ۋە تابىئىنلاردىن رىۋايەتلەر كەلگەن. كەيسان ئۆمەرگە 200 دەرھەم سەدىقىنى ئېلىپ كېلىپ: ئى، ئەمىرۇل مۆئمىنىن، بۇ مالنىڭ زاكىتى، - دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: ئۇنى ئۆزەڭ ئېلىپ بېرىپ، تەقسىملە، - دېدى . بۇ سۆزلەر كەيساندىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدەك، ئىبنى ئابباستىن شۇنداق رىۋايەت بار: «زاكاتنى ئۆز ئورنىغان قويۇپ، زاكاتتىن ئۆز قارمىقىڭدىكى بىرەر كىشىگە



بىرەر نەرسە بەرمىگەن بولساڭ - زەرىرى يوق»، - دېدى. ئىبراھىم ۋە ھەسەن: «زاكاتنى ئۆز ئورنىغا بەرگىن ۋە ئۇنى مەخپىي قىلغىن»، - دېدى. پۇللاردىن زاكات بېرىشتە شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ھايۋانلار، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى خەلىفىگە ياكى خەلىفە بەلگىلىگەن كىشىلەرگە بېرىش لازىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالى ۋە خەلىفە بەلگىلىگەن زاكات بېرىشتىن بويۇن تارتقان ۋاقىتتا، زاكات بەرمەيدىغانلارغا قارشى جەڭ قىلدى ۋە: «الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر الله‌نىڭ رەسۇلىغا بېرىپ كەلگەن ئوغلاقچىنى ماڭا بەرمىسە، مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن»، - دېدى.

زاكات بېرىۋاتقان ۋاقىتتا زاكات بەرگۈچىگە : «ئى الله، بۇنى پايدىلىق غەنىمەت قىلغىن، زەرەر قىلمىغىن»، - دېيىش ۋە زاكاتنى ئادا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۈچۈن الله‌قا ھەمدە ئېيتىش مۇستەھەب بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «زاكات بەرگەن ۋاقىتىڭلاردا: «ئى، الله، ئۇنى غەنىمەت قىلغىن، زەرەر قىلمىغىن»، - دېيىشنى ئۇنۇتماڭلار»، - دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

زاكات ئالغۇچى ئىگىسىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلىپ: «الله بەرگەن نەرسىڭىزدىن سىزگە ئەجرى بەرسۇن ۋە سىز ئىنپاق قىلغان نەرسىدە سىزگە بەرىكەت قىلسۇن ھەم ئۇنى سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزنى پاكلىغۇچى قىلسۇن»، - دېيىشى مۇستەھەب بولىدۇ. ئەگەر زاكاتنى خەلىفىگە ياكى خەلىفە بەلگىلىگەن كىشىگە بېرىلسە، خەلىفە ياكى بەلگىلىگەن كىشى زاكات بەرگۈچىگە دۇئا قىلىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ:

خذ من اموالهم صدقة تطهرهم وتزكهم بها وصل عليهم ان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

صلاتك سكن لهم *

–«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، شۈبھىسىزكى سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ». (9:103)

دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋپادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاتام شەجەرەتۇر رىزۋان ئەھلىدىن ئىدى، نەبى ئەلەيھىسسالامغا سەدىقىنى ئېلىپ كەلگەندە نەبى ئەلەيھىسسالام «ئى، اللە، ئەبۇ ئەۋپىنىڭ ئائىلىسىگە رەھىم قىلغىن»، -دېدى. بىر قەۋم نەبى ئەلەيھىسسالامغا سەدىقىلىرىنى ئېلىپ كەلگەندە، نەبى ئەلەيھىسسالام «ئى، اللە، پۇلانى ئائىلىگە رەھىم قىلغىن»، -دېدى. بۇ ھەدىس مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى.

## زاكات بەرمەيدىغان كىشىنىڭ ھۆكمى

مۇسلىم كىشى زاكات ۋاجىپ بولغان ماللىرىدىن نىساب مىقدارىغا ئىگە بولسا، ماللاردا ۋاجىپ بولغان زاكاتنى ئادا قىلىش ئۇنىڭغا پەرز بولىدۇ. ئەگەر بويۇن تارتسا، قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە سەدىقە ماللىرى ماۋزۇسىدا كەلگەن ھەدىسلەردە ئېيتىلغاندەك، قاتتىق جازاغا يولۇقىدۇ.

زاكات ئادا قىلىشتىن بويۇن تولغايدىغان كىشىنىڭ ھالەت ۋاقتىغا قارىلىدۇ: ئەگەر، زاكات ۋاجىبلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئادا قىلىشتىن بويۇن تولغىغان بولسا، بۇنداق كىشى ئادەتتە جاھىل بولىدۇ، ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىپلىقىنى بىلدۈرۈلىدۇ، ئۆزۈرلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «كاپىر»



دېيىلمەيدۇ ۋە تەئزىرمۇ بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر زاكات ۋاجىپلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئادا قىلىشتىن بويۇن تولغاۋاتقان بولسا، ئۇ مۇرتەد (يەنى دىنىدىن چىققان) بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇرتەد مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ. 3 كۈن دىنغا قايتىشنى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر قايتسا، ئۇنىڭدىن زاكات ئېلىنىدۇ ۋە ئۇ ئۆز ھالىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر قايتمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى زكاتنىڭ ۋاجىپلىقى، شەرىئەتتە مەلۇم ۋە مەشھۇردۇر. زاكاتنىڭ ۋاجىپلىقىنىڭ دەلىللىرى – كىتاپ، سۈننەت ۋە ئىجمادا ئۇچۇق-ئايدىڭ ئەكسى ئەتكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەرسىگە بۇ نەرسە مەخپى ئەمەس.

ئەگەر كىشى زاكاتنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئادا قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭدىن كۈچ بىلەن ئېلىنىدۇ. ئەگەر، جامائەت دۆلەتكە زاكات بېرىشنى تەرك قىلسا ۋە ئۇلار دۆلەتكە زاكات بېرىش ۋاجىپلىقىدىن، دۆلەتكە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتسا، بىر ئورۇنغا يۇشۇرۇنۇپ ياتقان بولسا، ئەبۇ بەكرى رىزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ساھابىلار زاكىتىنى مەنئى قىلغۇچىلارغا قارشى جەڭ قىلغانلىقىدەك دۆلەت باغىيلارغا (دۆلەتكە قارشى چىققۇچىلار)غا قارشى جەڭ قىلىدۇ.

# زاكاتنى سەرپ قىلىش ئورۇنلىرى

زاكاتنىڭ سەرپلىنىش ئورۇنلىرىنى اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆز سۆزىدە بەلگىلەپ بەردى:

**انما الصدقات للفقراء والمساكين والعاملين عليها والمؤلفة قلوبهم وفي الرقاب والغارمين وفي سبيل الله وابن السبيل ***

—«زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، اللەنىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەرگە بېرىلىدۇ». (60:9)

بۇ ئايەتتە كەرىمدە زاكاتنىڭ سەرپ قىلىنىش ئورۇنلىرىنى 8 سىنىپقا ئاجراتقان ۋە زاكاتنى ئۇلارغا خاسلىغان. بۇ سىنىپلاردىن باشقىسىغا بېرىلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئايەت «انما» بىلەن باشلانغان «انما» چەكلەشنى چۈشەندۈرىدۇ. انما دىن كېيىن لامۇل مۇلۇك (يەنى مۇلكىيەتنى ئالاقىلىتىدىغان لام ھەرپى) كەلگەن. بۇلار سەدىقە ھەققىنى ۋە ئۇنىڭ مۇلكىيىتىنى بۇ سەككىز سىنىپقا چەكلەشكە دالالەت قىلىدۇ. بۇ سەككىز سىنىپى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ پېقىرلار. ئۇلار ئاساسى ھاجەتلىرى ـ يېيىش، ئىچىش، كىيىنىش ۋە تۇرار جايلىرى ئۈچۈن كۈپايە قىلىدىغان ماللىرى بولمىغان كىشىلەر. ئاساسى ھاجىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەبلەغدىن كەم مالغا ئىگە بولغان كىشىنى پېقىر، دېيىلىدۇ. ئۇ سەدىقىدىن ئالسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھاجىتىنى



ۋە پېقىرلىقىنى كۆتۈرىدىغان ھەدكىچە زاكاتتىن بېرىلىشى جائىز.

اللە زاكات ئېلىشنى بايلارغا ھارام قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبن ئەمرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سەدىقە بايغا ۋە كەسىپ قىلىدىغان قۇدرەت ۋە قۇۋۋەت ئىگىسىگە ھالال بولمايدۇ» ، ـ دېدى. ئەگەر كەسىپ قىلالايدىغان كىشى ئىش تاپالمىسا، پېقىر دېيىلىدۇ. باي ـ باشقىدىن بىھاجەت بولغان ۋە ھاجەتلىرىنى تولۇقلىيالايدىغان مالدىن ئارتۇق مەبلەغكە ئىگە بولغان كىشى. باي كىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ھەدىسلەر كەلگەن. ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سورىمايدىغان ۋە سوراشتىن بىھاجەت بولغان كىشى بايدۇر» . ئەگەر سورىسا، قىيامەت كۈنى كەلگەندە ئۇنىڭ يۈزى تاتىلانغان بولىدۇ» ، ـ دېدى. شۇ ۋاقىتتا: «ئى، رەسۇلۇللاھ، ئۇنى نېمە نەرسە بىھاجەت قىلىدۇ» ، ـ دېيىلدى. «50 دەرھەم ياكى ئالتۇندىن 50 دىرھەمگە تەڭ كېلىدىغان» ، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى بەش راۋى رىۋايەت قىلغان. كىمكى 50 دىرھەم، يەنى 75 .148 گىرام كۈمۈشكە ياكى ئۆز ۋۇقلىنىش، كىيىنىش، تۇرار جايلىرى، ئەھلىلىرى، باللىرى، خادىمىنىڭ نەپىقىسىدىن ئارتۇق 50 دەرھەم كۈمۈش باراۋىرىدە ئالتۇنغا ئىگە بولسا ـ باي دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ئېلىش جائىز بولمايدۇ.

2ـ مىسكىنلەر. ھېچنەرسە تاپالمىغان كىشىلەر. يوقسۇللۇق ئۇلارنى مىسكىن قىلغان، ئەمما ئۇلار ئادەملەردىن تىلىمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئادەملەردىن سورايدىغان ۋە ئۇلارغا بىر ياكى ئىككى لوقما، بىر ياكى 2 دانە خورما بېرىلسە، قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتىدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس. ئۆزىنى بىھاجەت قىلىدىغان بايلىقنى تاپالمايدىغان، سەدىقە قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنى سەزدۈرمەيدىغان ۋە ئادەملەردىن سوراپ يۈرمەيدىغان كىشى مىسكىندۇر»، -دېدى. بۇ ھەدىس [مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى] اللە تائالانىڭ سۆزىگە بىنائەن «مىسكىن» - پېقىردىنمۇ مۇھتاجراق، اومسكينا ذامتربة (16؛ 90) - يەنى يالىڭاچ ۋە ئاچ بولغانلىقى ئۈچۈن توپىغا مىلانغۇچى كىشى. مىسكىنگە سەدىقە - ھالال. ئۇ سەدىقىدىن ئېلىشقا بولىدۇ. ئاساسى ھاجەتلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۇپايە قىلىدىغان ۋە ئۇنى مىسكىنلىكتىن يۈكسەلدۈرىدىغان ھەدكىچە سەدىقىدىن بېرىلىشى جائىز.

3- ئەلئامىلىن، (زاكات خادىملىرى). سەدىقە ۋاجىپ بولغان كىشىلەردىن سەدىقىلەرنى يىغىش ياكى ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە تارقىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن سەدىقە خادىملىرى. ئەگەر باي بولسىمۇ سەدىقىلەرنى يىغىش ياكى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى بېجىرگەنلىكىنىڭ باراۋىرىگە سەدىقاتلاردىن ئۇلارغا بېرىلىدۇ. ئەتا ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سەدىقە باي ئۈچۈن ھالال بولمايدۇ». لېكىن 5 كىشىگە: سەدىقە يىغقۇچىغا، ئۆز مېلى بىلەن سەدىقىنى سېتىۋالغۇچىغا، سەدىقە قىلىنىدىغان قوشنىسى بولۇپ، سەدىقىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان كىشىگە، مۇجاھىدقا ۋە قەرزدارغا سەدىقە - ھالال بولىدۇ»، -دېدى. بۇسرى ئىبنى سەئىدىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىبنى سەئىدىل مالىكى: «ئۆمەر مېنى سەدىقىگە ئامىل قىلدى. سەدىقىدىن بوشىغان ۋە سەدىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋاقتىمدا، مېنىڭ پۇل ئېلىشىمغا بۇيرۇدى. مەن اللە



ئۈچۈن قىلدىم»، -دېدىم. ئۆمەر: «بېرىلگەن نەرسىنى ئال»، -دېدى. - مەن ھەم رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرلىرىدە ئامىل بولدۇم رەسۇلۇللاھ مېنى ئامىل يەنى زاكات يىغقۇچى قىلدى. مەن سېنىڭ سۆزۈڭگە ئوخشاش سۆزنى قىلدىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ماڭا، سەن سورىمىغان نەرسە ساڭا بېرىلسە - ئال، ئىستىمال قىل ۋە سەدىقە قىل»، -دېدى». مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى.

4- دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەر.

ئۇلار تېخى ئىمانى مۇستەھكەم بولمىغان شىجائەتلىك ۋە تەسىر كۆرسەتكۈچى كىشىلەر، سەيدلىرى (رەئىسلەر) ۋە قوماندانلاردىن ئىبارەت سىنىپ. خەلىفە ياكى ۋالىلار ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى مايىل قىلىش، ئىمانلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىشى ياكى جامائەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن ئۇلارغا زاكات بېرىشنى توغرا دەيدۇ. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفيان، ئۇيەينە ئىبنى ھىسن، ئەقرەئ ئىبنى ھابىس، ئابباس ئىبنى مەرداس ۋە شۇلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە زاكات بەرگەن. ئەمىر ئىبنى تەغلىبدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مال ياكى ئەسىرلەر كەلتۈرۈلسە، ئۇنى بىر نەچچە كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرەتتى. بەزىلىرىگە بېرىپ، بەزىلىرىگە بەرمەيتتى. كېيىن قالدۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ مالامەت قىلغانلىقىنى ئىشىتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام اللەقا ھەمدە ۋە سانالار ئېيتىپ، كېيىن دېدى: «اللە بىلەن قەسەمكى، مەن بىر كىشىگە بېرىمەن بىر كىشىنى قالدۇرىمەن. قالدۇرغان

كىشىم، مەن بەرگەن كىشىدىن ياخشىراقتۇر. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدا ئىتتىت بولۇش ۋە دۈشمەندىن قورقانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ قەۋملەرگە مال بېرىمەن ۋە مەن اللە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە بىھاجەتلىكنى ۋە ياخشىلىقنى قويغان قەۋملەرنى شۇ خىسلەتلەرگە تاپشۇرۇپ قويىمەن».

قەلبلىرىنى مايىل قىلىنىدىغان كىشىلەرگە مۇسۇلمان بولسىلا زاكات بېرىلىدۇ. ئەگەر كاپىر بولسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەمەنگە ئەۋەتكەن ۋاقتىدا مۇئازغا: «اللە بايلاردىن ئېلىنىدىغان ۋە كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغان ماللاردىن زاكاتنى ئۇلارغا پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن»، -دېگەن سۆزلىرىگە قارىغاندا كاپىرغا سەدىقاتتىن بېرىلمەيدۇ.

بۇ سىنىپقا نېمە ئۈچۈن بېرىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى مەۋجۇت بولغاندىلا زاكاتتىن ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ. ئىسلام ئەزىز بولۇپ تارقالغاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما زاكاتتىن ئۇلارغا بېرىشتىن باش تارتقىنىدەك، بىرەر ئىشتىسنا بولمىسا، ئۇلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ.

5-قۇللار. مۇكاتەبكە (ئەگەر ئۇلارنى قۇللۇقتىن ئازات قىلىش ئۈچۈن مەلۇم پۇل مىدارىغا كېلىشىپ ئېلىنغان بولسا) زاكات بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇكاتەب بولمىسا، بەلكى قۇل بولسا، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە قۇللار يوق.

6-قەرزدارلار. ئۇلار - ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش خۇن پۇلىنى تۆلەش ياكى ئۆزلىرىنىڭ خاس مەنپەئەتىنى ئۆتەش ئۈچۈن



قەرز ئالغان قەرزدارلار.

ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ياكى تۆلەملەرنى تۆلەش ئۈچۈن قەرز ئالغان كىشىلەرگە، ئۇلار باي ياكى كەمبەغەل بولسىمۇ زاكاتتىن بېرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ زىممىلىرىدىكى قەرزلىرى قانچە بولسا شۇنچىلىك پۇل بېرىلىدۇ. ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. نەبى ئەلەيھىسسالام: «ناھايىتى كەمبەغەل كىشىگە، كۆپ قەرزدار كىشىگە ۋە ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىگە (دىيەت تۆلەش ئۈچۈن) ھالال بولىدۇ»، -دېدى. قەبىسە ئىبن مەخارىقىل ھىلالىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قەرزدار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن قەرزنى ئۈزۈش ئۈچۈن پۇل سورىغىلى كەلدىم. نەبى ئەلەيھىسسالام «بىزگە سەدىقە كەلگىچە كۈتۈپ تۇرغىن، ساڭا سەدىقىدىن بېرىلىشكە بۇيرۇيمىز»، -دېدى. كېيىن، - ئى قەبىسە، سوراش ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ئۈچۈن ھالال بولىدۇ، يەنى قەرزدار كىشى قەرزىگە يېتەرلىك پۇلنى سوراش ھالال بولىدۇ كېيىن بىر كىشىنىڭ مېلىغا ئاپەت كەلگەن بولسا، زەرۇرىي ئېھتىياجىنى تولۇقلىغىچە ياردەم سوراش ئۇنىڭغا ھالال، يە بىر كىشى يوقسۇللۇقتىن قىينالغان، ھەتتاكى، قەۋمىدىكى ئەقىللىق ئۈچ كىشى: «پۇلانچى»گە يوقسۇللۇق يەتتى دېسە سوراش ھالال بولىدۇ. مانا بۇنداق كىشىگە ھەم زەرۇرىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغىچىلىك سوراش ھالال بولىدۇ. ئى قەبىسە بۇلاردىن تاشقىرى كىشىلەرنىڭ تىلىشى - ھارام. تىلىگۈچى ھارام يېگەن بولىدۇ دېدى.

خاس مەنپەئەتلەرنى ئۆتەش ئۈچۈن قەرز ئالغان كىشىلەرگە ئەگەر ئۇلار كەمبەغەل بولسا ياكى كەمبەغەل بولمىسىمۇ قەرزلىرىنى ئادا قىلالمايدىغان دەرىجىدە بولسا، قەرزلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارغا زاكاتتىن بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇلار قەرزلىرىنى تۆلەشكە قادىر بولىدىغان باي بولسا، زاكات ئۇلارغا ھالال ئەمەس. ئۇلارغا زاكاتتىن بېرىلمەيدۇ.

7ـ ئاللاھ يولىدا. يەنى جىھاد ۋە جىھادقا لازىم بولغان ئارمىيە (ھەربىيلەر) تەييارلاش، كارخانىلارنى قۇرۇش ۋە قورال سازلىق. قۇرئاندا «فى سبيل الله» كەلگەن ئورۇندا جىھادنىلا بىلدۈرىدۇ. جىھاد ۋە جىھادقا لازىم بولغان نەرسىلەرگە زاكاتتىن ئاجرىتىلىدۇ. بۇ مىقدار بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ. زاكاتقا ھەقلىق بولغانلارنىڭ مەنپەئەتىدىن كېلىپ چىقىپ، خەلىپىنىڭ رەئيىگە قاراپ، جىھادقا زاكاتنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى بېرىلىشى جائىز بولىدۇ. ئەبۇ سەئىدىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سەدىقە بايغا ھالال بولمايدۇ، پەقەت، ئەگەر ئۇ ئاللاھ يولىدا بولسا ـ (يەنە بىر رىۋايەتتە) ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدقا ھالال بولىدۇ»، ـ دېدى.

8ـ مۇساپىر، ئۇ ـ شەھىرىگىچە يېتىۋېلىشقا مال تاپالمايۋاتقان، سەپىرى داۋامىدا يولدا قېپقالغان كىشى. شەھىرىگە يېتىۋېلىشى ئۈچۈن يول ھەققىگە يېتەرلىك مىقداردا زاكات بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەدىقە باي ئۈچۈن ھالال بولمايدۇ، پەقەت ئاللاھ يولىدىكى ياكى مۇساپىر كىشىگە ھالال بولىدۇ»، ـ دېگەن سۆزلىرىگە بىنائەن ئۆز شەھىرىدە باي بولسىمۇ مۇساپىرغا زاكات بېرىلىدۇ.

ئايەتتە زىكرى قىلىنغان سەككىز سىنىپتىن باشقىغا زاكات بېرىلىشى جائىز ئەمەس. زاكات ـ مەسجىد، شىپاخانىلار



قۇرۇش، خەيرىيەت جەمئىيىتى ياكى ئۇممەت ۋە دۆلەت مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بېرىلمەيدۇ. چۈنكى زاكات ـ باشقىغا شېرىك بولمايدىغان مەزكۇر سەككىز سىنىپقا خاس مۈلۈكتۇر، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە توغرا يولدا يۈرگەن خەلىپىلەر شۇنداق قىلغان.

زاكاتتا بۇ سىنىپلار مەنپەئەتىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان پىك ۋە سالاھىيەت خەلىپىگە ئائىت بولىدۇ. پەقەت خەلىپە زاكات بېرىشتە بۇ سىنىپلارنىڭ بەزىسىنى چەكلىشى جائىز بولغىنىدەك پەقەت ئۇنىڭ رەئيىگە قاراپ، زاكاتنى سەككىز سىنىپقا تارقىتىشمۇ جائىز بولىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتتە بۇ سىنىپلار بولمىسا، ھاجەت تۇغۇلغاندا سەرپ ئورۇنلىرىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن بەيتۇلمالدا سەدىقاتلار دىۋانىدا ساقلىنىدۇ. سەدىقە ھەققىدە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىبنى ئابباس: «بۇ سەككىز سىنىپتىن قايسى بىرىگە سەرپ قىلساڭمۇ بولىۋېرىدۇ»، ـ دېدى. ئەتا ھەسەنمۇ شۇ سۆزنى قىلغان. مالىك: «سەدىقات تەقسىملەشتە بىز ئىختىلاپ قىلمىغانمىز. بۇ ۋالىينىڭ ئىجتىھادىغا بىنائەن بولىدۇ. سىنىپلاردا قايسى بىرىدە ھاجەت ياكى ئەدەت بولسا، ئۇ رەئيى قىلغان مىقداردا ئاشۇ سىنىپنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

پۇللار

# ئىسلامدا پۇللار

لۇغەتتە «نەقد» دەپ، دىرھەملەرنى تازىلاشتا دىرھەملەردىن ساختىسىنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئېيتىلىدۇ. يەنە دىرھەملەرنى ئېلىش ۋە بېرىش مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جابىردىن تۆگە سېتىۋالغان. جابىرنىڭ بۇ ھەقتە: «نەقەدەنى سەمەنەھۇ» («رەسۇلۇللاھ تۆگىنىڭ نەقپۇلىنى بەردى»)،-دېگەن ھەدىسى يۇقىرىدىكى سۆزگە دالالەت قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، نەقد دەپ، پۇلنىڭ ئۆزىمۇ ئاتىلىدۇ. «نۇقۇد» ئادەملەر ماتا ئۈچۈن باھا ياكى كۆرسىتىلگەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق ئۈستىدە كېلىشىۋالغان نەرسىدۇر. نۇقۇد مىتال ھالىدا بولامدۇ ياكى بولمامدۇ پەرقى يوق، مەتالارنى ياكى ئەمگەك ۋە خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆلچىلىنىدۇ، باھالىنىدۇ.

تېخى پۇل مەۋجۇت بولمىغان ۋاقىتلاردا ئادەملەر ماتا بىلەن جىسمانى ئەمگىكى ئارقىلىق ئېلىم سېتىم قىلىشقان. لېكىن جىسمانى ئەمگەكنىڭ ماتالارغا ئالمىشىشى تىجارەت ماللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇچاغدا جامائەتلەر ئۆز قىممىتىگە ئىگە بولغان، ماتا ۋە ئەمگەك ئۆلچىنىدىغان ۋە باھالىنىدىغان، ئايلىنىشى ئاسان بولغان پۇللارنى ئىختىرا قىلدى. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ قەدىمقى زامانلاردىن بېرى، ئادەملەردە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ قىممىتى ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن پۇل

ياساتتى. ئۇلاردىن دەرھەم ۋە دىنارلارنى ياسىدى. ئالتۇن زامان ئۆتۈشى بىلەن قەدرىنى يوقاتماسلىقى بىلەن ئايرىم تۇرىدۇ. چۈنكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش باشقا نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە مەدەندۇر.

رۇمانى دۆلەت ۋە ئۇنىڭغا تابى شەھەرلەر ئالتۇننى ئۆز پۇلى ئۈچۈن ئاساس قىلىنۋالغان ۋە ئۇنىڭدىن ھىرەقلى دىنار ياساپ، مۇئەييەن شەكىل ۋە ۋەزنى بەرگەن. شۇنىڭدەك، پارس دۆلىتى ۋە ئۇنىڭغا تابى شەھەرلىرىمۇ كۈمۈشنى ئۆز پۇلى ئۈچۈن ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭدىن دىرھەملەر قۇيغان ۋە ئۇنىڭغا مۇئەييەن شەكىل ۋە ۋەزنى بەرگەن. رۇم دىنارلىرى ھەرخىل بولماستىن بىر خىل ۋەزن ۋە شەكىلگە ئىگە ئىدى. ئەمما، پارس دىرھەملىرى تۈرلۈك ھەر خىل شەكىل ۋە ۋەزنلەردە بولغان، ئەرەبلەرخۇسۇسەن قوشنا شەھەر ۋە مەملىكەتلەر بىلەن تىجارەت قىلىپ،

**لايلاف قريش * ايلافهم رحلة الشتاء والصيف ***

—«قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەردە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن». (106:1_2)

شامدىن رۇم ئالتۇن دىنارلىرىنى، ئىراقدىن كىسرانىڭ كۈمۈش دىرھەملىرىنى، بەزى ۋاقىتلاردا يەمەندىن ھۇمەيرىيە دىرھەملىرىنى ئېلىپ كېلىشەتتى. ھىجازغا ھىرەقلىنىڭ ئالتۇن دىنارلىرى ۋە ساسانى كۈمۈش دىرھەملىرى كېلەتتى. لېكىن ئۇلار بۇ دەرھەم ۋە دىنارلار بىلەن سانالغان ھالدا سودا-مۇئامىلە قىلىشمايتتى، بەلكى، بۇ دىنار ۋە دىرھەملەرنى سوقۇلمىغان ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىبارەت ساپ ماددا ئېتىبارى بىلەن تارازىدا تارتقان ھالدا مۇئامىلە قىلىشاتتى. دىرھەملەر تۈرلۈك، ھەر



خىل، گەرچە ئاشۇ ۋاقىتتا ۋەزنى ئۆزگەرمىسىمۇ، ئۆلچەممۇ تۈرلۈك بولغانلىقى ۋە دىنارلار كۆپ ئايلىنىشتىن قىستىلىپ، كەمىيىپ كېتىشىنى ھېساپقا ئېلىپ، دىنار ۋە دىرھەملەر ياسالغان پۇل ئىكەنلىكىگە ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ئۇلار ئالدامچىلىق بولماسلىقى ئۈچۈن ۋەزنىگە ئېتىبار بېرەتتى، ئۆزلىرىنىڭ خاس ئۆلچەملىرى بار ئىدى. ئۇ: رەتل، ئۇۋقىيە، نەپىي، نەۋات، مىسقال، دانىق، قىيرات، ۋە ھەببە، ئۆرپىدە ۋەزنى ئاساسى - مىسقالنىڭ ئېغىرلىقى بىر ھەببە كەم 22 قىيرات، 10 دەرھەمنىڭ ۋەزنى 7 مىسقال ئىدى.

ئىسلام كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەر بۇ دىنار ۋە دىرھەملەرنى ئۆلچەدىغان ۋەزنلەرنىڭ ئېغىرلىق بىرلىكى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىگە ئوخشاش، دىنار ۋە دىرھەملەرنى پۇل بىرلىكى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىبنى ئۆمەردىن تاۋۇس رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام - مەككە ئەھلىنىڭ ۋەزنى، مىكيال مەدىنە ئەھلىنىڭ مىكيالىدۇر»، -دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سۆلىيە ئىبنى سەئىردىن بىلازىرى رىۋايەت قىلىدۇ. ھىرەقلە - دىنارلىرى ۋە پارس دىرھەملىرى جاھىلىيەتتە مەككە ئەھلىگە كېلەتتى. ئۇلار دىنار ۋە دىرھەملەرنى ساپ ئالتۇن ئېتىبارى بىلەن ئېلىم-سېتىم قىلاتتى. ئۇلاردىكى مىسقال ۋەزنى ئازلا كەم 22 قىيرات ئىدى. 10 دەرھەمنىڭ ۋەزنى - 7 مىسقال، رەتل - 12 ئۇۋقىيە، بىر ئۇۋقىيە - 40 دىرھەم، دەپ ئېتىبار قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى بۇنى تەستىقلىدى.

مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ھاياتلىقىدا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئاۋۋالىدا ھىرەقلە دىنارلىرىنى ۋە كىسرانىڭ دىرھەملىرىنى ئۆزىنىڭ سۈرىتى، ياسىلىشى ۋە شەكلىدە ئىشلىتەتتى. ھىجرىيەنىڭ 20 يىلىغا، ئۆمەر ئىبىن خەتتاب خەلىپىلىكىنىڭ سەككىزىنچى يىلىدا دىرھەملەر ساسانىي ئۇسلۇبىدا ياسالدى ۋە بۇ دىرھەملەردىكى سۈرەت ۋە بەھلەۋى تىلىدىكى يېزىقىنى قالدۇردى. لېكىن، «بىسمىللاھ»، «بىسمىللاھى رەببىي» گە ئوخشاش كۇفىي ئەرەبىي ھەرپلەر بىلەن بەزى كەلىمىلەرنى قوشتۇردى. مۇسۇلمانلار ئابدۇلمەلىك ئىبىن مەرۋان زامانىغىچە ئەرەبىي ھەرپلەر بىلەن بەزى ئىسلامىي كەلىمىلەر يېزىلغان ساسانىي شەكىلدىكى دىرھەملەر ۋە ۋىزانتىيە شەكىلدىكى دىنارلار بىلەن ئىشلەشنى داۋام قىلدى. ھىجرەتنىڭ 75 ـ 76 يىلىدا، خەلىپە ئابدۇل مەلىك ساسانىي ئۇسلۇبىدىكى دىرھەملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كۇفىي خەت بىلەن ئىسلامىي نەس (ئايەت، ھەدىس) لەرنىڭ نەقشى چۈشۈرۈلگەن خاس ئىسلامىي كۆرۈنۈشتىكى دىرھەملەرنى ياسىدى. ھىجرىيەنىڭ 77 يىللىرىدا ئابدۇل مەلىك دىنارلارغا كۇفىي ـ ئەرەبىي خەت بىلەن ئىلامىي نەسلەرنى نەقىش قىلىپ، دىنارلارنى خاس ئىسلامىي ئۇسلۇبىدا ياسىدى ۋە دىنارلار ئۇنىڭغا قەدەر بولغان ۋىزانتىيە ئۇسلۇبىنى يوقاتتى. ئابدۇل مەلىك دەرھەم ۋە دىنارلارنى خاس ئىسلامىي ئۇسلۇبىدا ياسىغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇئەييەن ئىسلامىي ئۇسلۇبىدا ئۆزلىرىگە خاس پۇللىرى بولدى. ۋە باشقىلارنىڭ پۇللىرىدىن ۋاز كېچىلدى.

## دەرھەم ۋە دىنار ۋەزنىلىرى

دىنارنىڭ ۋەزنى جاھىلىيەتتىمۇ، ئىسلامدىمۇ بىر خىل بولۇپ، ئۆزگەرمىگەن. ۋىزانتىيە دىنارى جاھىلىيەت دەۋرىدە،



رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلەر ھۆكۈمرانلىقىدىمۇ ئىستىمالدا بولغان ئىدى. كېيىن ئابدۇل مەلىك ئىبىن مەرۋان ئىسلامىي دىنارنىمۇ شۇ ۋەزنىدە ياسىدى. ۋىزانتىيە دىنار ـ 1 مىسقال ۋەزنىدە ئىدى. مىسقال ـ سەككىز دانىققا تەڭ. مىسقالنىڭ ۋەزنى 20 قىيرات ياكى ئازلا كەم 22 قىيرات. بۇ ئىككىلى ئۆلچەممۇ بىر خىل ۋەزنگە ئىگە. چۈنكى بۇ ئىككى ئۆلچەمدىكى قىيراتلاردا پەرق بار. 1 چىسىنى: مىسقالنىڭ ئوتتۇرىچە ئىككى ئۇچىكە تەرىپى كېسىلگەن 72 ئارپا دانىسى بىلەن بەلگىلىندى، شۇنىڭدەك، ئىككىنچىسى: مىسقالنى ئوتتۇرىچە ياۋايى خەردەل ئۇرۇغىدىن (ناھايىتى كىچىككىنە قارا ئۇرۇغ بولىدىغان خەردەل ـ ياغ چىقىدىغان ئۇسۇملۇكنىڭ) 6000 ئۇرۇغىغا تەڭلەشتۇردى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دىنارنىڭ بۇ ۋەزنىنى تەستىقلىدى. زاكات، دىيەت ۋە ئوغۇرلۇقتىكى قول كېسىش ھۆكۈملىرىنى ئۇنىڭغا باغلىق قىلدى ۋە بۇ ۋەزنى شەرئى ۋەزنى بولدى. ئابدۇل مەلىك ئىبىن مەرۋانمۇ ئىسلامىي دىنارنى ياساپ ـ سوققاندا، شۇ ۋەزنگە ئاساسلىنىپ دىنارنى بىر مىسقال قىلىپ چىقاردى.

ئەمما دىرھەملەرنىڭ ۋەزنلىرى تۈرلۈك ھەرخىل بولغان. پارىسلىقنىڭ دىرھەملىرى ئۈچ خىل: چوڭىنىڭ ۋەزنى ـ 1 مىسقال، يەنى 20 قىيرات، كىچىكىنىڭ ۋەزنى ـ مىسقالنىڭ يېرىمى، يەنى، 10 قىيرات، ئوتتۇراھالنىڭ ـ 10 تاسى 6 مىسقال، يەنى، 12 قىيرات بولغان. ھەسەن ئىبىن سالىھدىن بەلازىرى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەجەملەر سوققان دىرھەملەر چوڭ كىچىكى تۈرلۈك ھەرخىل بولغان ئىدى. ئۇلار بىر مىسقال ۋەزنىدىكى

دىرھەم، يەنى 20 قىيرات ۋەزنىدە ۋە 12 قىيرات ۋەزنىدە ۋە 10 قىيرات ۋەزنىدە، بۇ - مىسقالنىڭ يېرىمىدۇ - ياسىغاندۇر» . بەلازىرى، يەنە ھەسەن ئىبنى سالىھتىن ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەجەملەرنىڭ دىرھەملىرىدىن ئونى - 10 مىسقال، 6 مىسقال ۋە 5 مىسقال ۋەزنىدە بولغان» . چوڭ دىرھەملەرنى بەغلەۋىي دەرھەم ياكى ئۇلاردا دەرھەمنىڭ ئاساسى ۋەزنى توشۇق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئەسسەۋدۇل ۋاپىيە» دەپ ئاتالغان. بۇلار ئالتۇن مىسقالنىڭ ۋەزنىدۇر، يەنى، 8 دانىق (1 دانىق -5. 2 قىيرات) . 1 مىسقالنىڭ ئالتۇندىكى ۋەزنى 20 قىيرات. دىرھەملەرنى ساسانىلار، خولەپائىر راشىدىنلار ۋە ئۇمەۋىلار دەۋرىدە شۇ ۋەزنى بىلەن ياسىغان.

مىسقالنىڭ يېرىمى بولغان كىچىككىنە دىرھەملەرنىڭ ياسالغان ئورنى تەبەرىستانغا نىسبەت بېرىلىپ، «تەبەرىي دىرھەم» - دەپ ئاتالغان. كىچىككىنە دەرھەمنىڭ ۋەزنى - 4 دانىقتا ۋە ئۇ 10 قىيرات ۋەزنىگە تەڭ. ئوتتۇرچە دىرھەملەر، ياسالغان جەۋرىقان شەھرىگە نىسبەت بېرىلىپ، «جەۋرىقانىيە دىرھەمى» .دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ۋەزنى 8 .4 دانىق، يەنى 12 قىيرات. ئىسلام كېلىپ، كۈمۈشكە زاكاتنى پەرز قىلىپ، 200 دەرھەم كۈمۈشتە 5 دىرھەمنى ۋاجىپ قىلدى. دىرھەملەردىن 10 دانىسىنى 7 مىسقال ۋەزنىدە ئېتىبارغا ئېلىندى. يەتتە مىسقالنى يەتتە ۋەزنى دېيىلىدۇ ۋە بۇ 7 مىسقال دىرھەملەرگە نىسبەتەن ئوتتۇرچە دىرھەملەردۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلار چوڭ، كىچىك، ئوتتۇرچە دىرھەملەرنى يىغىپ ئۈچ قىسىمغا تەقسىم قىلدى. نەتىجىدە 14 قىيرات ياكى 6 دانىق ئىككى تەرىپى كېسىلگەن ئوتتۇرچە ئارپا دانىسىنىڭ 50 دانىسىغا ياكى خەردەل ئۇرۇقىنىڭ



4200 دانىسىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇ زاكات ۋە دىيەت ھۆكۈملىرىدە ئېتىبارلىق شەرئى دەرھەم بولدى. بۇ ۋەزن رەسۇلۇللاھ زامانىدا ئېتىبارغا ئېلىنغان ۋە ئۆرپ بولغان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدا بۇ ۋەزنىنىڭ مىقدارى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ۋەزن - مەككە ئەھلىنىڭ ۋەزنىدۇر» . .دېگەن سۆزىگە بىنائەن دانىق ۋە قىيرات بىلەن بەلگىلىنىپ، مىقدار ۋە نىسبەتلەرنى قۇرەيش كېلىشىۋالغان ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەستىقلىغان ۋەزنلەردە بەلگىلەندى. بۇ ۋەزن شەرئى دەرھەم دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا زاكات، دىيەت ۋە باشقا شەرئى ھۆكۈملەر باغلاندى. بۇ ۋەزن پارسىلىقنىڭ دىرھەملىرىدىن ۋاز كېچىلىپ، ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان ياساپ-سوققان ئىسلامىي دەرھەمنىڭ ۋەزنىنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر. ۋەھبى ئىبنى كەيساندىن ئەلۋاقىدى رىۋايەت قىلىدۇ: «پارسى دىنار ۋە دىرھەملەرنى ئۆلچىگەن ھالدا كۆرگەن ئىدىم، ئۇلارنىڭ ۋەزنىنى - ئابدۇلمېلىك ياساپ-سوققان دىنار ۋە دىرھەملەرنىڭ ۋەزنىگە تەڭ» ، -دېيىلىدۇ. يەنە ۋاقىدى ئابدۇلمەلىك ئىبنى سائىبدىن، سائىب بولسا ئەبۇ ۋەدائە سەھمىدىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبۇ ۋەدائە سەھمى ئابدۇلمېلىك ئىبنى سائىبقا مىسقال ۋەزنىنى كۆرسىتىپ، شۇنداق دېگەن: «مەن مىسقالنى ئارتىپ كۆرۈپ، ئابدۇلمېلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ مىسقالنىڭ ۋەزنىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم» . بۇ مىسقال، جاھىلىيەتتە ئەبۇ ۋىدائە ئىبنى زەبىرە سەھمىنىڭكىدە بولغان ئىدى. بەلازىرى ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھدىن رىۋايەت قىلىپ دېدى. ئاتام ماڭا: «بىزگە، يەنى مەدىنىگە ئابدۇلمېلىكنىڭ دىرھەم-دىنارلىرى كېلەتتى. مەدىنىدە بىر نەپەر ساھابە ۋە

www.uyghurkitap.com

تاپشىلار بار ئىدى. بۇلار ئابدۇلمەلىكنىڭ دەرھەم ۋە دىنارلىرىنى ئىنكار قىلمىدى»، دەپ ئېيتىدۇ. مۇھەممەد ئىبن سەئىدى، «بىزنىڭ بىر دەرھەمنىڭ ئېغىرلىقى 14 قىيرات، مىسقالىمىز 20 قىيراتدۇر ۋە بۇ يىگىرمە بىر، يەتتەدەن ئۈچ قىيراتقا نىسبەتەن 15 قىيرات ۋەزنىدە دەيدۇ».

بۇ ئالتۇن دىنار ۋە كۈمۈش دىرھەملەرنىڭ ۋەزنلىرى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىكى ئېغىرلىق ئۆلچەملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىشىمىز لازىم.

ئارخىلوگىيە ئالىملارنىڭ كەشپىياتلىرىدىن كېيىن ۋىزانتى دىنار، كىسراۋى دەرھەم ۋە ئىسلامىي، خۇسۇسەن، ئابدۇلمەلىك ئىبن مەرۋان زامانىدىكى شەرئى دەرھەم ۋە دىنار ۋەزنىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولدى. ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە ياسالغان ئىسلامىي دىنار ۋەزنى 4.25 گىرام ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ سولىدوس ۋەزنىنىڭ ئۆزى. بۇ سولىدوس ۋىزانتىيەدە كەڭ تارقالغان ئالتۇن تەڭگە. يۇنانى دىرھەملەرمۇ شۇنداق ۋەزنىدە ياساپ - سوقۇلغان. شۇنداق قىلىپ سولىدوس جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدىمۇ مۇئامىلاتتا بولغان ۋىزانتىيە دىنارىدۇر.

دىنار - مىسقالدۇر. مىسقال - ۋەزنلەرنىڭ ئاساسىدۇر. مىسقالنى بىلىش بىلەن دىرھەم، دانىق، قىيرات ۋە ھەببەلەر ۋەزنلىرىنى مىسقالغا نىسبەتەن بىلىش ئاسان بولىدۇ.

مىسقال 4.25 ۋە بۇ 8 دانىققا تەڭ. دانىقنىڭ ۋەزنى 0.53125 گىرام بولىدۇ.

مىسقال - 20 قىيراتقا تەڭ. بىر قىيراتنىڭ ۋەزنى 0.2125 گىرام.

مىسقال 72 دانە ئارپا دېنىغا تەڭ. بىر دانە ئارپا ۋەزنى -



0.059 .0.059 گىرامنىڭ ئېغىرلىقى - خەردەل ئۇرۇغىنىڭ 83.3 دانىسىغا تەڭ.

دەرھەم - مىسقالنىڭ ئوندەن يەتتىسىگە تەڭ.

ھەربىر 10 دەرھەم 7 مىسقال بولىدۇ. گىرام بىلەن ئۆلچىگەندە دەرھەمنىڭ ۋەزنى 2.975 گىرام، 10 دەرھەم 29.75 گىرامغا تەڭ بولىدۇ. 7 مىسقال - 29.75 گىرامغا تەڭ بولىدۇ.

دەرھەم - 6 دانىققا تەڭ. 1 دانىق كۈمۈشنىڭ ۋەزنى 0.495 گىرام بولىدۇ.

بىر ئۇۋقىيە - 40 دىرھەمگە تەڭ، بىر ئۇۋقىيەنىڭ ۋەزنى - 119 گىرام بولىدۇ.

بۇ جاھىلىيەت زامانىدا ئىشلىتىلىدىغان پۇل ۋە ئۇنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمىدۇر. ئىسلام مەككە ئەھلى ۋەزنىگە ئىقرار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پۇللار شۇ ھالىچە ئىشلىتىلگەن. تىجارەت ئۈچۈن ۋاسىتە، ماتا ۋە ئەمگەكنى باھالايدىغان ئۆلچەم قىلىپ ئېلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلام ئىجارە، تىجارەت ھۆكۈملىرىنى قارار قىلغان ۋاقىتتا بۇ پۇللارنى يېگانە پۇل بىرلىكى دەپ بەلگىلىمىدى، بەلكى، بىر-بىرىگە ماس كېلىدىغان ھەر قانداق نەرسە بىلەن ئەمگەك، مەنپەئەت ۋە ماتانى ئالماشتۇرۇشنى، ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە تاشلاپ قويدى. ئىسلام ئىنسانغا قىلىچنى خورما بىلەن، قوينى بۇغداي بىلەن، كىيىمنى دىنار بىلەن، گۆشنى دەرھەم بىلەن سېتىۋېلىشنى ۋە قۇرۇق ئۈزۈمدىن بىر ساغا بىركۈن ئىشلەشنى، بەش دىنارغا چاۋەن ياساشنى بەلگىلىگەن يەرنى ھەيدەش باراۋىرىگە - بەلگىلەنگەن

ئۈينى بىنا قىلىشنى مۇباھ قىلدى. ئىسلام بەشەرىيەتكە ئۆزىگە خالىغان نەرسە بىلەن، مەيلى ماتا بولسۇن، مەيلى ئەمگەك ياكى پۇللار بىلەن بولسۇن، بىر-بىرىگە ماس نەرسىلەر بىلەن ئالمىشىشنى ئىنسانلارغا ھاۋالە قىلدى.

ئىسلام بەشەرىيەتكە ئۆزى خالىغان نەرسە بىلەن ئالماشتۇرۇشنى ئەركىن قويۇش بىلەن بىرگە، بۇنىڭ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان پۇللارنى بەلگىلەپ، ئۇنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قىلدى. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ماتا ۋە خىزمەتلەر ئۆلچىنىدىغان پۇل ئۆلچىمى قىلدى. بۇ پۇلنىڭ ۋەزنىنى مەككە ئەھلىنىڭ پۇل ۋەزنى بىلەن مۇئەييەن پۇل ۋەزنىدە بەلگىلىدى.

ئىسلام ئۇلارنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش دېگەن ئېتىبار بىلەن ئۇلارنى نەرسىلەر ئۈچۈن باھا ياكى ئەمگەك ئۈچۈن ھەق ۋە پۇل دېگەن ئېتىبار بىلەن ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى باغلىدى. بۇ ھۆكۈملەردىن:

1. ئۇلارنى يىغىپ خەزىنە قىلىشنى ھارام قىلدى.

**والذين يكنزون الذهب والفضة ولا ينفقونها في سبيل الله فبشرهم بعذاب اليم** *

—«ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنىڭ اللەنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاپ بىلەن بشارەت بەرگىن» (9:43) .

ئىسلام ئۇلارنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش دېگەن ئېتىبار بىلەن ئۇلارنى پۇل، سودا ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سودا-سېتىقلار ۋە ئەمەللەر كامىل بولىدىغان ۋاستە دېگەن ئېتىبار بىلەن خەزىنە قىلىشنى ھارام قىلدى.

2. ئالتۇن-كۈمۈشكە ئۆزگەرمەس، سابىت، مۇئەييەن ھۆكۈملەرنى باغلىدى.



A)- ئۇلارنى پۇللار ۋە سېتىلىدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن باھا ۋە ئەمگەك ئۈچۈن ھەق دېگەن ئېتىبار بىلەن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتە زاكاتنى پەرز قىلدى، ئۇلار ئۈچۈن ئالتۇن دىنارلىرىدىن، كۈمۈش دىرھەملىرىدىن مۇئەييەن نساپنى بەلگىلىدى. ھەربىر 20 دىناردا يېرىم دىنار، 200 دىرھەمدە ـ 5 دەرھەم ۋاجىپ قىلدى.

B)- دىيەتنى (قەس قىلماستىن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئۆلگەن كىشىنىڭ ئۇرۇقلىرىغا (ۋەلىلىرىگە) تۆلەيدىغان تۆلەم) پەرز قىلغان ۋاقىتتا ئىسلام دىيەتتە ئالتۇن ۋە كۈمۈش بېرىلىدىغان قىلدى ۋە دىيەت ئۈچۈن ئالتۇندىن مۇئەييەن مىقدار ـ 1000 دىنار ۋە كۈمۈشتىن مۇئەييەن مىقدار 12000 دىرھەمنى بەلگىلىدى. ئىبن ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بەنۇ ئەدى قەبىلىسىدىن بىر كىشى ئۆلتۈرۈلدى. نەبى ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دىيىتىنى 12000 دەرھەم قىلىپ بەلگىلىدى». «ئەبۇ بەكرى ئىبن مۇھەممەد ئىبن ئەمىر ھەزمە ئاتىسىدىن، ئاتىسى بولسا چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ. «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەمەن ئەھلىگە مەكتۇپ يازدى. مەكتۇپلىرىدا شۇنداق سۆز بار ئىدى: «مۇئمىن نەپسىدە 100 تۆگە دىيەت باردۇر، ئالتۇن ئىگىلىرىگە مىڭ دىنار». بۇ ھەدىسنى نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

C)- ئوغۇرلۇق قىلغاندا قول كېسىشنى ۋاجىپ قىلغان ۋاقىتتا، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدىغان مىقدار: ـ ئالتۇندىن دىنارنىڭ تۆتتەن بىرى ۋە كۈمۈشتىن ئۈچ دەرھەم بەلگىلەندى. بۇ ئۇنى ئوغۇرلىنىدىغان نەرسىسى ئۈچۈن ئۆلچەم قىلىندى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ. نەبى ئەلەيھىسسالام «ئوغرىنىڭ قولىنى بىر دىنارنىڭ تۆتتەن بىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇقىدا كېسىلىدۇ»، دېدى. بۇ ھەدىسنى

www.uyghurkitap.com

بەش راۋى رىۋايەت قىلغان. ئىبن ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قىممىتى ئۈچ دەرھەم بولغان قالقان ئوغۇرلىغان ئوغرىنىڭ قولىنى كەستى».

3. ئىسلام پۇلغا ئائىت ئېلىم - بېرىم ئۈچۈن ھۆكۈملەرنى قارار قىلىپ، ئېلىم-بېرىم ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈش قىممىتىنى ئاساس قىلدى. ئېلىم - بېرىم - پۇلنى-پۇلغا ئالماشتۇرۇش ۋە پۇلنى پۇلغا سېتىشتۇر. ئېلىم - بېرىم ئالتۇننى-ئالتۇنغا ۋە كۈمۈشنى-كۈمۈشكە سېتىشتا ئوخشاش ئۆز جىنسىدىن بولامدۇ ياكى كۈمۈشنى ئالتۇنغا ۋە ئالتۇننى - كۈمۈشكە سېتىشتا ئوخشاش جىنسىدىن بولامدۇ بولىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ كۈمۈشنى - كۈمۈشكە ۋە ئالتۇننى-ئالتۇنغا تەڭمۇ - تەڭ سېتىشقا بۇيرىدى ۋە بىزنى كۈمۈشنى - ئالتۇنغا ۋە ئالتۇننى - كۈمۈشكە قانداق خالىساق، شۇنداق سېتىپ ئېلىشقا بۇيرىدى». بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىسلام بۇ شەرئى ھۆكۈملەرنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە بۇ ئىككىسىنىڭ ئايلىنىشى ئۈچۈن پۇل ۋە سېتىلىدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن باھا دېگەن ئېتىبار بىلەن باغلىشى بۇ رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى، سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ باھاسى، ئەمگەك ھەققى ئۆلچىنىدىغان پۇلنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولىشىدۇر.

بۇ نەرسىلەر ئىسلامدىكى پۇل - ئالتۇن ۋە كۈمۈش، دېگەن ئېتىبار قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى پۇللارغا باغلانغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى، ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى. ماتا ۋە ئەمگەك ئۈچۈن باھا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قۇيۇپ ياسالغان بولسۇن



مەيلى ياسالمىغان بولسۇن، مەيلى مەدەن ھالدا بولسۇن، پەرقى يوق، مۇئامىلە ئۈچۈن پۇل دېگەن ئېتىبار بىلەن ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە باغلانغاندۇر.

لېكىن بۇ مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلامىي دۆلەت ئۇلاردىن باشقا پۇلنى ئېلىشى ياكى ئۇلاردىن باشقا نەرسىنى ئېلىم - بېرىم مۇئامىلىسى قىلىپ ئېلىشى جائىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرەمدۇ؟

ئالتۇن كۈمۈشتىن باشقىسىمۇ جائىز. بۇنىڭدا ئىختىلاپ يوق. چۈنكى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن بولغان پۇللار بىلەن ھاسىل بولغىنىدەك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ماتالارنى بەزىسىنى - بەزىسى بىلەن ئالماشتۇرۇشاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى مەنئى قىلماستىن ۋە ئىنكار قىلماستىن رازى بولاتتى. بۇنداق مۇئامىلىنى رۇخسەت قىلدى. ئۇبادە ئىبن سامىت نەبى ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلدى. نەبى ئەلەيھىسسالام: «ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا، تۇزنى تۇزغا ۋە بۇغداينى بۇغدايغا نەق ۋە تەڭمۇ-تەڭ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل قولدىن - قولغا ئېلىش بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ماللار تۈرلۈك ھەر خىل بولسا، نەق بولغان ۋاقىتتا قانداق خالىساڭلار سېتىۋېرىڭلار، ئەگەر قولدىن-قولغا بولسا».، -دېدى ۋە بىزنى بۇغداينى ئارپىغا ۋە ئارپىنى بۇغدايغا نەق ھالدا قانداق خالىساق، شۇنداق سېتىۋېرىشىمىزنى بۇيرىدى».

ئەمما مۇسۇلمانلار ۋە خەلىپىلىك دۆلىتى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا پۇلنى دۆلەت پۇلى قىلىپ ئېلىشى جائىزلىقى ياكى جائىز ئەمەسلىكىنىڭ ماۋزۇسىغا كەلسەك، بۇنى ھۆكۈمگە

يېتىپ بېرىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانىدا مەۋجۇد بولغان پۇل ۋاقىسىنى ئىدىراك قىلىش، ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەئەللۇق بولغان شەرئى ھۆكۈملەرگە مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرلىرىدە سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ باھاسى ۋە ئەمگەك ھەققىنى ئۆلچەيدىغان قىممەت (پۇل) پەقەت ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولغان. ئۇ ۋاقىتتا ئالتۇن كۈمۈشتىن باشقا پۇل بولمىغان، قەغەز ۋە تېرە، مىس ۋە جېس تەڭگىلەر بولمىغان. سېتىش ۋە سېتىپ ئېلىشتا ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە، گەرچە سوقۇپ ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلارنى مەدەن دېگەن ئېتىبار بىلەن ئۇنىڭ سانىغا ئەمەس، بەلكى ۋەزنىگە قارىلاتتى. كىشى ماتانى بىر دىرھەمگە ساتسا، ۋەزنىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ئۈچۈن دىرھەمنى تارتاتتى. بىر كىشىدە 20 دىنار بولۇپ، ئۇنىڭغا يىل ئايلانغان بولسا، ئۇنى تارتاتتى ۋە ئۇنىڭدىن بىر قىيرات كەمەيگەنلىكىنى سەزسە، زاكات نىسابىدىن كەمەيگىنى ئۈچۈن زاكات بەرمەيتتى. بىر كىشىدە 200 دەرھەم بولسا، ئۇنى تارتاتتى ۋە كۈمۈش نىسابىنىڭ ۋەزنىدىن بىر قىيرات كەمەيگەنلىكىنى سەزسە، نىساپدىن ئازايغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن زاكات بەرمەيتتى.

ئالتۇن ۋە كۈمۈش سوقۇپ ياسالغان بولسۇن ياكى ياسالمىغان بولسۇن قەتئىينەزەر، ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى پۇل ۋە باھا دەپ ئېتىبار قىلىنغان، ئۇنى ماتا، ئەمگەك ۋە خىزمەتلەرنى ئۆلچەيدىغان پۇل دەپ ھېساپلاشقا كېلىشىۋېلىنغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ كېلىشىۋېلىشقا ۋە پۇل دەپ ئېتىبار قىلىشنى تەستىق قىلدى. ئالتۇن ۋە كۈمۈش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىدىن كېيىن خۇلەفائۇر راشىدىنلار، ئۇمەۋىيلار ۋە



ئابباسىيلار زامانلىرىدا ئىستىمالدىكى پۇل بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار ئاشۇ مۇددەت مابەينىدە ئۇلاردىن باشقا پۇلنى بىلمىگەن. رەسۇلۇللاھ ئالتۇن ۋە كۈمۈش، پۇل ۋە باھا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن باشقا پۇلنى ئېلىشقا بۇيرىمىدى.

ئەمما، ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەئەللۇق بولغان شەرئى ھۆكۈملەرگە مۇراجىئەت قىلىشتىن بىلىنىدۇكى، خەزىنە قىلىشنى ھارام قىلىش، باشقا ماللار ئەمەس، پەقەت ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەئەللۇقتۇر. ئالتۇن كۈمۈشتىن باشقا ماللاردا ئىھتىكار، نەرسىنىڭ قىممەت بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ، خەزىنە قىلىش ئەمەس. يىمەكلىكلەر – تەمىنات مەھسۇلاتلىرى ئۇزاق تۇرمايدۇ. ھايۋان ۋە قۇشلاردىمۇ خەزىنىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇلار دائىما ئۆسۈپ تۇرىدۇ. خەزىنە پەقەت پۇللاردا سادىر بولغانلىقى مۇسۇلمانلاردا ئۇلاردىن باشقا پۇل مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خەزىنە ھاراملىقىنىڭ ھۆكمى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەئەللۇقبولۇپ كەلدى.

گەرچە، الله، دىيەت ۋە زاكات ھۆكۈملىرىگە ئوخشاش ئۆزگەرمەيدىغان، سابىت، مۇئەييەن ھۆكۈملەرنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە باغلىغان بولسىمۇ، ئاشۇ شەرئى ھۆكۈملەردە ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن چېكرالانمىغان، بەلكى، دىيەت ۋەزاكاتنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا ماللارغا باغلىغان. دىيەتنى تۆگىگە، كالىغا، قويغا ۋە كىيىمگە باغلىدى. زاكاتنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتە ۋاجىب قىلغاندەك، مال، قوي، زىرائەت، مېۋە، تىجارەت مېلى ۋە تۆگىدە ۋاجىب قىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەئەللۇق بولغان بۇ ھۆكۈملەر پەقەت ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن چەكلەنمىگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىن باشقا ماللارغىمۇ باغلانغان. بۇ ھۆكۈملەر ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا پۇل مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن باشقا پۇلغا بۇ ھۆكۈملەر سۆزلىنىپ ئۆتۈلمىدى. ئەمما ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەئەللۇق بولغان رىبا ۋە پۇل ئالماشتۇرۇش ھۆكۈملىرىگە كەلسەك، ئەلۋەتتە رىبا پەقەت ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەئەللۇق بولماي، ھەدىسلەر بەلگىلەپ بەرگەن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا رىباغا ئائىت ماللارغىمۇ تەئەللۇقدۇر. ئەمما پۇللارنى ئالماشتۇرۇش پەقەتلا ئىشلىتىلىۋاتقان پۇلدىلا بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇللار ۋەقەلىكىنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامى، ئۇنىڭ پايدىلىرى ۋە كەلگۈسىدە كېلىدىغان باشقا پۇلغا ئائىت نىزاملىرىنى مۇپەسسەل تەكشۈرۈپ چىقىشتىن، شۇنداق خۇلاسە چىقاردۇقكى، گەرچە ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇللىرىنىڭ كېچىككىنە بۆلەكلىرىنى سوقۇپ-ياساۋاتقان ۋاقىتدا ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن بىرگە باشقا مەدەنلەرنى ئىشلىتىش جائىز بولسىمۇ، ماتا ۋە ئەمگەكنىڭ باھاسىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئاساس بولغان ھالدا خەلىفىلىك دۆلىتىنىڭ پۇلى - ئالتۇن ۋە كۈمۈشلىكى ئۈچۈن ساقلاپ قويۇش بولىدۇ.



## پۇلغا ئائىت نىزاملار

پۇللار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ مېتال پۇل ۋە قەغەز پۇلدىن ئىبارەت. ئائىت. مېتاللىق پۇللار - ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن ۋە نىكەلگە ئوخشاش مەدەنلەردىن ئېلىنىدۇ. قەغەزگە ئائىت پۇللار بولسا، ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن بەدەل، ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قاپلانغان، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى بىلەن قاپلانغان ياكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە بەدەل بولمىغان ۋە ئۇلار بىلەن قاپلانمىغان قەغەزلەردىن ئىشلەنگەن پۇللاردۇر.

دۇنيادا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بىر ئاز بۇرۇن ھەم ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلە پۇل مۇئامىلىسى قىلىپ كېلىنىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن مۇئامىلە توختىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن بولسا، ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى قىسمەن ئىشلىتىشكە قايتىلدى ۋە يەنە بۇ مائامىلە ئازىيىشقا باشلىدى. 1971 يىلى 15 ئىيولدا ئامېرىكا پىرزىدېنتى نىكسون، دوللارنى ئالتۇن بىلەن قاپلاش ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرمەس باھا بىلەن ئالتۇنغا باغلاش توغرىسىدا «ۋەدزى ۋە بېرىتون نىزامى»نى بىكار قىلىشقا رەسمى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن ۋە كۈمۈش مۇئامىلىسى ئۇمۇمەن بىكار قىلىنىدى.

پۇل نىزامى - بۇ دۆلەتلەردىن بىرىدە پۇل ئىشلەپ چىقىرىش، ئۇلارنى ئىشلىتىش تەدبىرلىرى ئاساسلىنىدىغان تەدبىرلەر يىغىندىسىدۇر. پۇلغا ئائىت ھەر بىر نىزام دىققەت مەركىزىدە باشقا تۈردىكى پۇللار قىممىتى ئۇنىڭغا نىسبەتلىنىدىغان ئاساسىي پۇل ئالتۇن بولسا، بۇ نىزام «ئالتۇن

نىزامى» ، دەپ ئاتىلىدۇ. ياكى پۇل بىرلىكى ئالتۇن پۇل بولسا، نىزامنىڭ ئاساسى پۇل ئالتۇن بولىدۇ. پۇل نىزامى ئادەتتە ئۆز نامىنى ئاساسىي پۇلنىڭ تەبىئىتىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئاساسىي پۇل ئالتۇن بولسا، بۇ نىزام ـ «ئالتۇن نىزامى» ياكى «ئالتۇن قائىدىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئاساسىي پۇل 2 بىرلىك: ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىبارەت بولسا، بۇ نىزام «2مەدەن نىزامى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسىي پۇل بىرلىك قىممىتى ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن ئۆزگەرمەس ئالاقىدا باغلانغان بولسا، بۇ نىزامنى، مىس پۇللىرىغا ئوخشاش مېتال مەدەنلىرىدىن ئېلىنغان ياكى قەغەز پۇللارغا ئوخشاش قەغەزدىن ئېلىنغان بولسۇن پەرقى يوق، «مەجبۇرى پۇل نىزامى» دەپ ئاتىلىدۇ.



## مەدەنلەر نىزامى

مەدەن نىزامى ئاساسىي پۇل بىرلىكى ـ 2 خىل مەدەندىن تۈزۈلگەن نىزامدۇر. مەدەن نىزامىدا ئاساسىي پۇل بىرلىكى بىرلا مەدەن ياكى ئىككى مەدەندىن ھاسىل بولغان بولىدۇ.

بىرلا مەدەن نىزامى

بۇ مەدەنگە ئائىت پۇل نىزامى بىرلا ـ ئالتۇن ياكى كۈمۈش مەدەنگە تايىنىدۇ. بۇ نىزام ئۈچ شەكىلدە ئۆز ئەكسىنى تېپىشى مۇمكىن:

1ـ قىبلىپلانغان-سوقۇپ ياسالغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش نىزامى.

2ـ ئېرىتىلگەن ئالتۇن ياكى كۈمۈش نىزامى.

3ـ ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن ئالماشتۇرۇش نىزامى.

سوقۇپ، پۇلغا ئايلاندۇرۇلغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامى

بۇ نىزامدا مۇئەييەن ئۆزگەرمەس نىزام بەن سوقۇلغان كۈمۈش ياكى ئالتۇن پۇلنىكى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئالتۇن ياكى كۈمۈش پۇلنىكىنىڭ ئۆزى ئايلىنىش ۋاستىسىدۇر. بەزىدە ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ پۇلەكلىرىنىڭ يېنىدا ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان، ھەرقانداق ۋاقىتتا توسالغۇسىز ئالماشتۇرىدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ ئورنىدىكى قەغەزلەرمۇ ئايلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ يامبۇلىرى

بۇ تۈزۈمدە، دۆلەت ياكى دۆلەتنىڭ مەركىزى بانكا ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ سوقۇپ پۇلغا ئايلاندۇرۇلغان بۆلەكلىرىنى مۇئامىلىدىن ئېلىپ، ئالتۇن ياكى كۈمۈش يامبۇلىرىنى ئۆز خەزىنىسىدە ساقلايدۇ ۋە ئايلىنىشقا تاشلايدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ئورنىغا قەغەز پۇل چىقىرىدۇ. ئۇنى ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە ئايلاندۇرىدۇ.

لېكىن دۆلەتلەر يامبۇلار تۈزۈمى بىلەن ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى قەغەز پۇلغا ئەركىن ئالماشتۇرۇشنى چەكلەپ، ھەر بىر ئىنسان سېتىۋالالىشى ئۈچۈن چوڭ ھەجىمدىكى يامبۇلارنى قويىدۇ. ئېھتىيات ئۈچۈن زاپاس ساقلاپ قويۇلغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى مۇھاپىزەت قىلىش، تۆلەم مۇۋازىنىتىدە ھەر قانداق كەمچىللىكنى ئۈنىڭدىن قاپلاش، تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشكە يول قويماسلىققا ئوخشاش چارە تەدبىرلەرگە، ئۆز ئەينى ئېتىبار بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۇلنى ئىدارە قىلىشنى ھەمدە ئالتۇن ۋە كۈمۈش ھەرىكەتلىرىنى نەزەردىن قاچۇرمايدۇ.

ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن ئالماشتۇرۇش تۈزۈمى

بۇ تۈزۈمنى قوبۇل قىلغان مەملىكەت پۇل بىرلىكى ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن چېگرىلانماي، باشقا يۇرتنىڭ ئالتۇن ياكى كۈمۈش تۈزۈمىدە يۈرگۈزۈلىدىغان پۇلى بىلەن باغلانغانلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ تۈزۈم، تەۋە ئۆلكىنىڭ پۇلىنى ئالتۇن ياكى كۈمۈش قائىدىسىدە يۈرگۈزىدىغان ئەگەشتۈرگۈچى (يەنى مۇستەملىكىچى) دۆلەتنىڭ پۇلى بىلەن ئالاقىدا



كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، سۈرىيە ۋە لىۋان پۇللىرى: فىرانسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈنلىرىدە ئۇنىڭ پۇلىغا باغلىق بولغان. مىسىر ۋە ئىراقنىڭ پۇلى ئېنگلىزلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان كۈنلىرىدە ئېنگلىزلار پۇلى بىلەن باغلىق بولغان.

ئىككى مەدەن تۈزۈمى

بۇ تۈزۈمنىڭ ئاساسى پۇلى 2 تۈرلۈك: ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ تۈزۈمدا بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسى بىلەن ئۆلچەش ۋە ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى بىلىش ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىرلىكى ئارىسىدا بەزى مىقدارىدىكى ئۆزگەرمەس نىسبەتنى ئېنىقلىۋېلىش لازىم. بۇ تۈزۈمدا ئالتۇن بىرلىكلىرىنىڭ بۆلىكى كۈمۈش بۆلەكلىرى يېنىدا ئايلىنىدۇ. دۆلەتتىن بەزەن بىرى ئۇلاردا ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش باھاسى ئۆزگەرمەس بولىشى ئۈچۈن، ئالتۇن بىرلىكىنى كۈمۈش بىرلىكىگە ئالماشتۇرۇشقا قانۇنى نىسبەت بەلگىلىۋالغان.

ئالتۇن ۋە كۈمۈش تۈزۈمىنى ئېلىش ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن بولغان ئاساسى پۇل بىرلىكىنى ئۆزگەرمەس مۇئەييەن مىقدار (كەمچەك-قەلىپ) ۋە ۋەزىن بىلەن چېگرىلاپ ئېلىشىنى، ئادەملەرگە توسقۇن قويماستىن ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى سېتىۋېلىشنى، سېتىشنى، ئۇلارنى چەتتىن ئېلىپ كېلىشنى ۋە چەتكە چىقىرىشنى، ئادەملەر ئىختىيارىغا تاشلاپ قويۇشنى، تاشقى سودا ئەمەللىرىنى، ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا پۇللارنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئالماشتۇرۇش، ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ئاشۇ پۇللارغا ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ئادەملەرگە تولۇق تەمىنلەپ بېرىشنى، ئىنسانلارغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش

يامبۇلىرىنى، دۆلەت ئىچىدىكى زەربخانا (پۇل چىقىرىدىغان بۆلۈم) ئالىدىغان ئازلا قىممەت باراۋىرىگە تەڭگىلەرگە ئايلاندۇرۇشنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەڭگىلەرنى يامبۇلارغا ئايلاندۇرۇش ئىمكانىنى يارىتىپ بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ.



## قەغەزگە ئائىت نىزام

قەغەز نىزامى ـ قەغەز پۇللىرىنىڭ ئايلىنىشى ئۈچۈن ۋاستە قىلىنىۋېلىنىدىغان نىزامدۇر. قەغەز پۇللار، ئەگەر ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە ئورۇن باسار بولسا، ياكى ئالتۇن كۈمۈش بىلەن قاپلانغان ھۆججەتلىك قەغەز بولسا، ئۇنى چىقارغان بانكا ياكى دۆلەت زىممىسىدە مۇئەييەن قەرزنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ئۇنى ئالغۇچىسى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئايلانغۇچى ھۆججەتلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

قەغەز پۇللار بەزى دۆلەتتە مەۋجۇت ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە ئورۇن باسار بولىدۇ ۋە ئۇلارنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ. يەنى، بۇ ئايلانغۇچى قەغەز پۇللارنىڭ ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاپلىمىسى % 100 قەغەز پۇل قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئورۇن قەغەز پۇلنى ئالغۇچى، قاچان خالىسا، توسۇقسىز ياكى چېگراسىز، ئۇنىڭ قاپلانمىسىغا قاراپ، قەغەز پۇلنى ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇشى ھەقلىق. بۇنداق بەدەل قەغەزلەر ئۆز ۋاقتىدا مەدەنگە ئائىت نىزامدىن دەپ ھېساپلىنىدۇ. نائىب قەغەز پۇللارنىڭ ئالتۇن ياكى كۈمۈش ئورنىغا مۇئامىلىگە كىرگۈزۈلىشى ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە بەدەللىك ئېتىبارى بىلەن ئايلىنىشتا ئالتۇن ياكى كۈمۈش ئورنىنى باسىدۇ.

بۇ قەغەز پۇللار مۇئەييەن چەكلەنگەن نىسبەت بىلەن ئالتۇن ياكى كۈمۈش قىممىتىنىڭ بىر قىسمى بىلەن قاپلانغان بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش قەغەز پۇللار ھۆججەتلىك پۇللار دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن كامىل قاپلانغان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا ئىشەنچ ـ ئۇنى چىقارغان دۆلەت، مۇئەسسەسەگە ئىشەنچىدىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭ پەقەت ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قاپلانغان قىسمىلا، ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە نائىب پۇل بولىدۇ. ئالتۇن ياكى كۈمۈش مۇقابىل بولمىغان قىسمى ئايلىنىشتىكى ئۆز كۈچىنى ئۇنى چىقارغان دۆلەت، مۇئەسسەسىگە ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىدىن كېلىپ چىققان ھۆججەتلىك قەغەز پۇللار بولىدۇ.

قەغەز پۇللاردىن ئۈچۈنچى تۈرى ـ ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن مۇتلەق قاپلانمىسى بولمىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە بەدەل بولمىغان قەغەز پۇللار. بۇ پۇللارنى مەجبۇرى قەغەز پۇل دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنى ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن ئالماشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ قىممىتى قانۇن بەرگەن ئۇمۇمىي لىسەنزىيە كۈچىگە تايىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتى يوق. ئۇ ئۆز قىممىتىنى، ئايلىنىش پۇلى بولۇشىنى قانۇنى قىلغان پەرماندىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە بىكار قىلىنسا ياكى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچىسى يوقالسا، پايدىسى يوق بولۇپ قالىدۇ.



## پۇللارنى چىقىرىش

ھەربىر دۆلەت مۇئەييەن نەرسىدىن ئىبارەت بولغان ۋە باشقا نەرسىلەر ۋە ئەمگەك ئۇنىڭغا نىسبەتەن بېرىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆلچىنىدىغان ئاساس قىلغان، ئۇنى ئۆزگەرمەس چەكلەنگەن مىئيار ۋە ۋەزن بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبدا ۋە مۇئەييەن شەكىلدە ئۇنى قەلىپلايدىغان، مۇئەييەن بىرلىكنى ئېلىشقا كېلىشىۋېلىشقان. جەمئىيەتلەر قەدىمى زامانلاردىن بېرى، ئۆلچەم بىرلىكىنى ئۆز قىممىتىگە ئىگە بولغان نەرسىلەردىن ئېلىش داۋام قىلىپ كەلدى. ئادەملەر ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى ھەممە زامانلاردا ئەسلى قىممىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ماتا ۋە خىزمەتلەرنىڭ قىممىتىگە ئۆلچەم قىلدى. ئۇلار ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن چەكلەنگەن مۇئەييەن مىئيار ۋە ۋەزن بىلەن خاس ئۇسلۇبدا ۋە ئېنىق شەكىلدە پۇل بۆلىكىنى سوقۇپ ياسىدى.

ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىرلىكىنى ئۆز پۇلى ئۈچۈن ئاساس قىلىپ ئالغان دۆلەت مەدەن نىزامىدا يۈرگۈچى بولىدۇ. ئەگەر دۆلەت ئالتۇن بىرلىكىنى ئۆزىگە پۇل قىلىش ئۈچۈن ياسايدىغان پۇلىغا ئاساس قىلىۋالسا، ئالتۇن قائىدىسىدە ياكى ئالتۇن نىزامىدا يۈرگۈچى بولىدۇ. ئەگەر دۆلەت كۈمۈش بىرلىكىنى ئۆزىگە پۇل بولۇشى ئۈچۈن پۇل ياسايدىغان پۇلىغا ئاساس قىلىپ ئالسا، كۈمۈش قائىدىسىدە ياكى كۈمۈش نىزامىدا يۈرگۈچى بولىدۇ. ئەگەر دۆلەت ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى بىرگە ئۆزى ياسايدىغان پۇلىغا ئاساس قىلىۋالسا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدە ياكى 2 مەدەن نىزامىدا يۈرگۈچى بولىدۇ.

مانا ۋە ئەمگەكنى قەغەز پۇللارغا ئالماشتۇرىدىغان دۆلەت، قەغەز پۇل نىزامىدا يۈرگۈچى بولىدۇ. ئەگەر بېسىۋاتقان ۋە ئۆزى ئۈچۈن پۇل قىلىۋاتقان قەغەز - ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە بەدەل بولسا، دۆلەت بەدەل قەغەز پۇل نىزامىدا يۈرگۈچى بولىدۇ. ئەگەر دۆلەت بېسىۋاتقان ۋە ئۆزى ئۈچۈن پۇل قىلىۋاتقان قەغەز پۇل قىممىتىدىن مۇئەييەن نىساپقا تەڭ كېلىدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش قايلىمىسى بولسا، رەسمى قەغەز تۈرلىرىدىن بولغان قەغەز، قەغەز پۇل نىزامىدا بولىدۇ.

دۆلەت بېسىپ چىقىرىۋاتقان قەغىزى ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە بەدەل بولمىسا، بۇ پۇلنىڭ ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن قايلانمىسى بولمىسا، بۇنداق دۆلەتكە مەجبۇرى قەغەز پۇل نىزامىدا يۈرگۈچى دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ.

رۇممىنىيە دۆلەت بېيىر ۋە ۋەزنى چەكلەنگەن ئالتۇندىن بولغان ئۆزگەرمەس بىرلىكنى ئۆز پۇلى ئۈچۈن ئاساس قىلىپ ئالدى. بۇ بىرلىك ئاساسىدا مۇئەييەن شەكىلدە ئالتۇن پۇللارنى سوقۇپ-ياساپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن رۇممىنىيەلىكلەر ئالتۇن قائىدىسىنى ئالغان ئالتۇن نىزامىدا يۈرگەن دۆلەتلەردىن بولدى.

ساسانى دۆلىتى كۈمۈش بىرلىكىنى ئۆز پۇلى ئۈچۈن ئاساس قىلىپ، ئۇنى ئۇچلا ۋەزنە قىلدى. كۈمۈش دىرھەملىرىنى مەخسۇس نەقىش-بىزەك بىلەن ئىشلەپ، خاس كۆرۈنۈش ۋە مۇئەييەن شەكىلدە قېلىپلىدى. ئۇ قېلىپلانغان كۈمۈش پۇلىنى ئايلىنىشقا تاشلاپ، قېلىپلانغان كۈمۈش نىزامىدا يۈردى.

مۇسۇلمانلار بولسا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىرلىكىنى



ئۆزلىرىدىكى پۇل ئۈچۈن ئاساس قىلىپ ئالدى. ئۇلارنى بىرلىكتە ئىشلەتتى. لېكىن ئۇلار ۋىزانتىيە دىنارلىرى ۋە كىسراۋى دىرھەملەردىنمۇ پايدىلىناتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانلىرىدا تاكى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دەۋرلىرىگىچە ئۆزلىرىگە خاس پۇل چىقارمىغان ئىدى. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئۆز دەۋرىدە خاس ئىسلامىي بېزەكلەر بىلەن نەقىشلەپ، خاس ئۇسلۇب ۋە مۇئەييەن شەكىلدە ئىسلامىي پۇل ئىشلەپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا شەرئى دىرھەم ۋە دىنار ۋەزنى بىلەن كۈمۈش ۋە ئالتۇن بىرلىكىنى ئاساس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدە، يەنى 2 مەدەن قائىدىسىدە يۈردى. ئابباسىلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ۋە مەمىرىدىكى ئەتابىكە دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن بىرگە مىسنىڭ ئۆز قىممىتى ئازراق دېگەن ئېتىبار بىلەن، ئاز-كىچىك نەرسىلەرنى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پۇل قېلىپلىدى. مىس پۇل ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە بەدەل بولمىغان ۋە ئۆز قىممىتىگە تايانغان. ئەتابىكە دەۋرىدە ئالتۇن ۋە كۈمۈش كەمىيىپ كېتىپ، ئۇلار مىس بىلەن بارچە قىممىتى ئەرزان ماللارنى سېتىپ ئېلىشقا باشلىدى.

دۇنيا 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قېلىپلانغان نىزام ئاساسىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدە يۈرۈپ كەلدى. ھەر بىر دۆلەت، مۇستەملىكىچى چوڭ دۆلەتلەرمۇ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىگىچە ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدىن ۋاز كېچىپ، مەجبۇرى قەغەز پۇللارنى ئۆزى ئۈچۈن پۇل قىلىپ ئېلىشقا قەدەر، ئۆزگەرمەس، چەكلەنگەن ۋەزن ۋە مېيىر بىلەن ئۆزىگە خاس مۇئەييەن ئۇسلۇبىدا ۋە شەكىلدە ئالتۇن ۋە كۈمۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۇللىرىنى قېلىپلىدى.

مانا بۇلار پۇلنى چىقىرىش ۋە مۇسۇلمانلار چىقارغان پۇلنىڭ، پۇلنى چىقىرىشدىكى شەرئى ھۆكۈمنىڭ ۋاقىتسىدۇر.

شۇلارغا بىنائەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىفىلەر دەۋرىدە شۇنداق بولغىنىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ پۇللىرى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولىشى ھەمدە خەلىفىلىك دۆلىتى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدە، يەنى 2 مەدەن قائىدىسىدە يۈرىشى لازىمدۇر. خەلىفىلىك دۆلىتى ئالتۇن دىنار ۋە كۈمۈش دىرھەملىرىنى ئالى مىيئيارغا ئىگە ساپ ئالتۇن ۋە كۈمۈش ماددىسىدىن قاپلىشى، خەلىفىلىك دۆلىتىگە خاس ئىسلامىي ئۇسلۇپ ۋە مۇئەييەن شەكىلدە ئالتۇن دىنار ۋەزنىنى ـ شەرئى دىنار ۋەزن ـ يەنى، مىسقال ۋەزنى قىلىشى لازىم. بىر دىنارنى 4.25 گىرام ۋەزن بىلەن قاپلىشى لازىم. كۈمۈش دەرھەم ۋەزنى ـ 7 ۋەزنى دەپ ئاتالغان، يەنى، كۈمۈشتىن 10 دەرھەم 7 مىسقال ۋەزنىگە تەڭ بولغان ـ شەرئى دەرھەم ۋەزنىدە قىلىش ۋە دىرھەملەردىن بىر دىرھەمنى 2.975 ۋەزنى بىلەن قاپلاش لازىم.

دۆلەت ئالتۇن دىنارنى ۋە ئۇنىڭ بۆلەكلىرىنى، دىنار ۋەزنىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇشنى تۆۋەندىكى شەكىلدە قېلىپلىشى مۇمكىن.

1. دىنارنى تۆتتەن بىرى ـ رۇبئى دىنار. بۇ تۆتتەن بىرنىڭ ۋەزنى ـ 1.0625 گىرام. بىر ئوغرى 1.0625 گىرام ئالتۇن ئوغۇرلىسا، قولى كېسىلىدۇ.

2. يېرىم دىنار ـ 2.125 گىرامغا تەڭ. بۇ زاكات سىقدارىدىن بېرىدىغان ۋاجىپ مىقدار.

3. 1 دىنار ـ 1.25 گىرامغا تەڭ.



4. 5 دىنار ـ 21.25 گىرامغا تەڭ. بۇ ـ زاكات نىسابىنىڭ 4دەن بىرى.

5. 10 دىنار ـ 42.5 گىرامغا تەڭ. بۇ ـ زاكات نىسابىنىڭ يېرىمى.

6. 20 دىنار ـ 85 گىرامغا تەڭ. بۇ ـ زاكات نىسابى.

شۇنداق قىلىپ، سۇقۇپ-ياسالغان 6 خىل ۋەزىندىكى دىنار، زاكات نىسابىنىڭ ۋەزنى، ئالتۇن ۋەزنىنىڭ ئاساسى بولغان دىنار ۋەزنى، زاكات نىسابىدا بېرىلىدىغان ۋاجىپ مىقدار ۋەزنى ۋە تۆتتەن بىر دىنار ۋەزنىدە، يەنى، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدىغان مىقدار ۋەزنى بىلەن چىقىرىلغان بولىدۇ.

دۆلەت كۈمۈش دىرھەملىرىنى، ئۇنىڭ بۆلەكلىرىنى ۋە دەرھەم ۋەزنىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇش تۆۋەندىكى شەكىلد بولىشى مۇمكىن:

1. يېرىم دەرھەم 1.4875 گىرامغا تەڭ.

2. 1 دەرھەم ـ 2.975 گىرام.

3. 5 دەرھەم ـ 14.675 گىرام. كۈمۈش نىسابىد بېرىلىشى ۋاجىپ بولغان مىقدار.

4. 10 دەرھەم ـ 29.75 گىرام.

5. 20 دەرھەم ـ 59.50 گىرام.

دۆلەت ئەرزان نەرسىلەرنى سېتىپ ئېلىش ئاسان بولىش ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىبارەت بۇ بىرلىكلەر تەركىۋىگە قىممەت باھالىق بولمىغان مەدەنلەردىن مۇئەييەن پىرسەند قوشۇپ، كىچىك ـ پارچە پۇللارنى چىقىرىدۇ. دۆلەت ھەرقانداق چىگۈككە يول قويماسلىقى ئۈچۈن سۇقۇپ-ياسالغاند

بىرلىككەردىكى ماتالار پىرسەن ۋەزنىنى بايان قىلىشى لازىم.

خەلىپىلىك دۆلىتى، ئىمپېرىيىگە ئوخشاش دۆلەتلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىگە مۇۋاپىق ئالەمدىكى پۇللارغا ھۆكۈمران بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، دۇنيانى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا قايتۇرۇش غايىسىگە ئەمەل قىلىشى لازىم.

## ئالتۇن ۋە كۈمۈش مىئيارى

ئىسلامىي دۆلەت ئۆزىنىڭ تۇرلۇك دەۋرلىرىدە دىنار بىلەن دىرھەملەردىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش مىئيارىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا دائىم ھوشيار بولدى. دۆلەت قاللاپلىقنى مەنئى قىلاتتى ۋە دىنار ياكى دىرھەملەردە ئالدامچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە قەتئىي جازا-چارىسىنى قوللىناتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن دىنارلىرى ۋە كۈمۈش دىرھەملىرى باشقا ھەرقاندا مەدەن بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەستىن سالىھ بولىشى، ئۇنىڭدا ئالدامچىلىق قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا باشقا ھەر قانداق مەدەننى ئارىلاشتۇرغان كىشىگە جازا قوللىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ساختىلىق-ئالدامچىلىق ھارامدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئالدىغان كىشى بىزدىن ئەمەس»، يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىزنى ئالدىغان كىشى ـ بىزدىن ئەمەس»، -دېدى.

## ئالتۇننىڭ كۈمۈشكە نىسبىتى

خەلىپىلىك دۆلىتى ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئارىسىدىكى



ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى چەكلىمەستىن ئۆز ھالىغا قويۇشى ۋاجىپ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپىلەر زامانلىرىدا بولغاندەك، تەلەپ ۋە تەكلىپكە قاراپ ئالتۇن كۈمۈشكە ۋە كۈمۈش ئالتۇنغا بازاردا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باھا بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئارىسىدا مۇئەييەن نىسبەتنى چەكلىمىگەن ۋە ئۇلار ئارىسىدا بەلگىلەنگەن ئالماشتۇرۇش باھاسىنى بەلگىلىمىگەن. بەلكى، ئۇلار ئارىسىدا مۇئەييەن نىسبەتنى چەكلىمەي نەق ھالدا ئالتۇننى كۈمۈشكە ۋە كۈمۈشنى ئالتۇنغا سېتىشقا رۇخسەت بەرگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئالتۇننى كۈمۈشكە نەقمۇ-نەق ھالدا قانداق خالىساڭلار شۇنداق سېتىڭلار»، -دېدى. («قولما-قول»نىڭ مەنىسى نەقمۇ-نەق ھالدا ئاشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە قولدىن - قولغا ئۆتۈشى). ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن تۆگىنى بەقىئ دېگەن جايدا دىنارغا ساتىمەن ۋە دەرھەم ئالىمەن. تۆگىنى دىرھەمگە ساتسام دىنار ئالىمەن. ئۇنى - بۇنىڭ ئورنىغا ئالىمەن ۋە بۇنى ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىمەن. نەبى ئەلەيھىسسالام ئالدىغا كەلدىم، نەبى ئەلەيھىسسالام ھەپسىنىڭ ئۆيىدە ئىكەن. مەن ئى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، تۆگىنى بەقىئدا دىنارغا سېتىپ، دەرھەم ئالىمەن، دىرھەمگە سېتىپ، دىنار ئالىمەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىر نەرسە بولۇپ تۇرۇپ، ئايرىلمىساڭلار ئاشۇ كۈننىڭ باھاسى بىلەن ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى ئېلىشىڭلارنىڭ زەرەرى يوق»- دېدى».

ئالتۇننى-ئالتۇنغا ۋە كۈمۈشنى-كۈمۈشكە سېتىشتا بولسا بۇنداق بولمايدۇ. ئالتۇننى-ئالتۇنغا، كۈمۈشنى-كۈمۈشكە سېتىشتا «قولما-قول» ۋە «تەڭمۇ-تەڭ» بولۇشى ۋاجىپ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ئالتۇننى-ئالتۇنغا ۋە كۈمۈشنى-كۈمۈشكە قولما-قول ۋە تەڭمۇ-تەڭ، ئۆزىنى ئۆزىگە سېتىلىدۇ-ئارتۇق بولسا - ئۇ رىبادۇر»، -دېگەن.

ئالتۇننىڭ كۈمۈشكە نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئالتۇن ۋە كۈمۈش مەدەنلىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە ئازلىقىغا، تەلەپ ۋە تەكلىپكە باغلىق بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانلىرىدا ئالتۇننىڭ كۈمۈشكە نىسبىتى ئونغا بىر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە 12 گە 1 كېيىن 14گە 1 بولغان. 1971. يىلدا 45گە 1غىچە چۈشۈپ، شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ئايلار داۋامىدا 16گە 1گە ئۆرلىدى. ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى ئۆزگەرمەس، مۇئەييەن قىلىپ، بەلگىلەش زۆرۈر. چۈنكى بەلگىلەنگەن قانۇنى نىسبەت بىلەن ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئېنىق نەرق قويۇلغان ۋاقىتتا ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ قانۇنى قىممىتى بازاردىكى قىممەتتىن باشقىچە بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر پۇلنىڭ تاشقى بازاردىكى قىممىتى دۆلەت قانۇنى قىممىتىدىن ئارتۇق بولسىمۇ، بۇ تاپاۋۇت سەۋەبىدىن، باھاسى ئۆرلىگەن پۇل كېمىيىپ مەخپى تاشقىرىغا ئېلىپ كېتىلىدۇ.



# ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامىنىڭ پايدىلىرى

ئالتۇن ۋە كۈمۈش دۇنيادا ئايلانغۇچى پۇل بولغان ۋاقىتتا، ئالەمدە مۇتلەق پۇلغا ئائىت مۇئامىلار بولمىغان. بۇ مۇئامىلار ئالەم ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن سادىر بولدى. مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئالەمگە ھۆكۈمران بولۇشقا ئىمكان تېپىش ئۈچۈن مالىيە ۋە ئىقتىسادىي مۇستەملىكە ئۇسلۇبلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۇلنى مۇستەملىكە ۋاستىلىرىدىن بىرى قىلدى ۋە ئالتۇن، كۈمۈش قائىدىسىدىن ۋاز كېچىپ، پۇلنى باشقا نىزامغا ئايلاندۇردى. ئۇلار بۇ نىزامدا پۇل مىقدارىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تايانمايدىغان مەجبۇرى پۇللار ۋە بانكىغا ئائىت ئامانەتلەرنى قوبۇل قىلدى ھەمدە دۇنيا پۇلنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە مۇۋاپىق يۇرگۈزۈشكە باشلىدى. ئىنپلىسيە - پۇل بىقارارلىقنى ياراتتى ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلارنى مەيدانغا چىقاردى. ئۇلار مەجبۇرى پۇللارنى كۆپەيتتى. بۇ ئىشلار پۇلنىڭ چوڭ پاخاللىقنى پەيدا قىلدى ۋە پۇللارنىڭ ياراش كۈچى چۈشۈپ كەتتى. بۇلار ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدىن ۋاز كېچىشنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسى - پۇل مۇئامىلىلىرىگە، ئالەمگە يېيىلغان شىددەتلىك قەدىرسىزلىنىشكە بەرھەم بېرىشكە، دۆلەتلەرئارا تىجارەتتە تەرەققىياتنى ۋە ئالماشتۇرۇش باھالىرى ئۈچۈن مەھكەملىكىنى، ئۆزگەرمەسلىكىنى ۋە پۇل بەرقارارلىقىنى تەمىنلەشكە ئىمزەندى. بۇ ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامى بىر نەچچە

ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن:

1. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ئالەمدە ئىشلەپ چىقىرىش، كانلارنى ئىزدەش ۋە ئۇنى قېزىپ ئېلىش، ئىشلەپ چىقىرىشتەك خىزمەتلەرگە ھەممە باشقا ماتا ۋە خىزمەتلەرگە ئالماشتۇرۇشقا مۇھتاجدۇر. بۇ بولسا ئالەمدە پۇلنىڭ كۆپىيىشكە ۋە پۇلنىڭ كۆپىيىشىنى مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ تەسەررۇپىدا قىلمايدۇ. ئالەمنى قەغەز نىزامىدىكى پۇل بىلەن تەمىنلەش رەئىيىدىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر زۇلمىدىن قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى دۆلەت باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرگە تۆلەم ۋە خامچوتنى ياخشىلاش مەقسىتىدە، ئارتۇقچە پۇل بېسىپ چىقىرىش يولى ئارقىلىق، قەغەز پۇل نىزامى تەقەززاسى بىلەن ئۆزى خالىغانچە پۇل بېسىپ چىقىرىشقا قادىر بولىدۇ.

2. ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامى، قەغەز پۇللار نىزامىدا بولغاندەك تۇساتتىن پۇلنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئالەمنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇل ئۆزگەرمەسلىك ۋە بەرقارارلىق سۈپىتىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ ئاشىدۇ.

3. ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامى، دۆلەتلەر پۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش باھاسى ئىزدىن چىققاندا ھازىرقى ۋاقىتتىدىكىدەك، مەركىزى بانكىنىڭ ئارىلاشمىسىمۇ، غەيرى ئىختىيارى رەۋىشتە، دۆلەتلەر ئارا تۆلەملىرىدىكى كەمچىللىكنى توغرىلاش ئۈچۈن مۇۋازىنەتكە (يەنى بالانسىغا) ئىگە بولىدۇ. تاشقىرىغا چىققۇچى مال - ئېكسپورتقا قارىغاندا تاشقىرىدىن كەلگۈچى - ئىمپورتنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، باشقا دۆلەتلەر بۇ دۆلەت پۇللىرىنى ئىگىللىۋېلىشىنى كۆپەيتىدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشى، دۆلەت ئىچىدە باھاسىنىڭ



چۈشۈپ كېتىشىنى كۆپەيتىدۇ ۋە ئىچكىرىدە تاۋارلار نەرقىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ. ئىچكى ماتالارنى تاشقىرىدىن كەلتۈرىدىغان ماتالاردىن ئەرزانلاشتۇرىدۇ ۋە نەتىجىدە تاشقىرىدىن تاۋار كەلتۈرۈش كېمىيىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە تۆلەم مۇۋازىنىتىدە ئۆزگىرىش داۋام قىلغان ۋاقىتتا، دۆلەت ئېھتىياتتىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ يوقۇلۇشىدىن قورقۇپ قالىدۇ. تۆلەم مۇۋازىنىتى بۇزۇلغان ۋاقىتتا قەغەز نىزامىنىڭ سايىسىدا پۇل بېسىپ چىقىرىشقا توسۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قەغەز پۇل بېسىشنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بۇ پۇل پاخاللىقىنىڭ ئېشىشىغا ۋە پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامىدىكى قەغەز پۇل بەلگىلەنگەن باھا بىلەن ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ئارىلاشتۇرۇشنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداقتا دۆلەت قەغەز پۇل چىقىرىشنى كېڭەيتىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى دۆلەت پۇل بېسىپ چىقىرىشنى كۆپەيتسە، ئالتۇنغا تەلەپنىڭ ئېشىشىدىن ۋە بۇ تەلەپكە يۈزلىنىشتىن ياكى ئالتۇننى تاشقىرىغا چىقىرىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. بۇنداق ھالەتتە دۆلەت ئۆزىنىڭ ئېھتىيات مەبلىغىنى يەنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى يوقىتىپ قويىدۇ.

4. ئالتۇننى دۆلەت ھۆكۈمران بولمايدىغان پۇل بىرلىكى بولغانلىقى، دۆلەتتىكى پۇل مىقدارى ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دۆلەتتىكى ھەرقانداق پۇل مىقدارى، بازار مۇھتاج بولىدىغان پۇل ئالماشتۇرۇشقا كۇپايە قىلىشى نۇقتىئىنەزەرىدىن ئالتۇنغا زور ئىمتىياز يارىتىدۇ. چۈنكى ماتالارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بىلەن ئالمىشىش قىممىتىگە ئىگە باشقا ماتالارنى ئىشلەپ چىقىرىش ئېشىپ، باھالار چۈشىدۇ. قەغەز پۇل مىزانىدا بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۇلنىڭ كۆپىيىشى بۇنىڭغا ئېلىپ بارمايدۇ. ئەكسىچە، پۇللارنى ساقلاش ۋە جۇغلاش بۇلارنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بولسا پۇل پاخاللىقىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەغەز پۇل تۈزۈمى پۇلنىڭ قەدىرسىزلىكىنى ئاشۇرغان ۋاقىتتا ئالتۇن ۋە كۈمۈش تۈزۈمى بولسا پۇلنىڭ قەدىرسىزلىنىشىنى يوقۇتۇشقا ئىمكان بېرىدۇ.

5. ئالتۇن ۋە كۈمۈش تۈزۈمىدە، تۈرلۈك دۆلەت پۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن مۇئەييەن بىرلىك بىلەن بەلگىلەنگەن بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك دۆلەت پۇللىرى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش باھاسىنىڭ ئۆزگەرمەس بولۇشىغا سازاۋەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پۇللىرى تۈرلۈك ھەر خىل بولسىمۇ، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ھەقىقەتتە، ئالتۇن ياكى كۈمۈش قىممىتىنى ساقلايدۇ. ئالەم بۇ ۋاقىتتا ئەركىن تىجارەت قىلىشقا ئېرىشىدۇ ۋە تۈرلۈك ھەر خىل دۆلەت ئوتتۇرىسىداماللار ۋە ماتالار ئەركىن كۆچۈپ يۈرۈشى ئاسان بولىدۇ. ھېساپلاش ھەمدە نادىر پۇللار قىيىنچىلىقىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خەلقارا تىجارەتتە راۋاجلىنىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى تىجارەتچىلەر ئالماشتۇرۇش باھاسى ئۆزگەرمەس بولغانلىقى ئۈچۈن، تاشقى تىجارەتتە كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن قورقمايدۇ.

6. ئالتۇن ۋە كۈمۈش تۈزۈمى ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈش بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى بىر شەھەردىن باشقا شەھەرگە چىقىپ كېتىشى يۈز بەرمەيدۇ. دۆلەتتىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش پەقەتلا ماتا ئۈچۈن باھا ياكى خىزمەت قىلغۇچىلارغا ھەق بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئۇلارنى



مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كۆزەتكۈچىلەرگە مۇھتاج بولمايدۇ.

بۇ پايدىلارنىڭ ھەممىسى - ئالتۇن ياكى كۈمۈش بولغان بىرلا مەدەن تۈزۈمىدا، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىبارەت بولغان ئىككى مەدەن تۈزۈمىدا ئەمەلىيەتكە چىقىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە، ئىككى مەدەن تۈزۈمى، مەدەن قائىدىسىنى ھەجىمىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۇل ئۈچۈن ئومۇمى ئېھتىياج كۆپراق بولۇشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇلار دۆلەتنىڭ خەلقلىرى پۇلغا ئېھتىياجىنى ئاسانلا تولدۇرۇش قادىرلىقىنى ئاشۇرۇپ، پۇلنىڭ سېتىۋېلىش قىممەت دەرىجىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

بۇ ئىمتىيازلار ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىنىڭ پايدا ۋە ئىمتىيازلىرىدۇر. لېكىن، ئالەم شۇمۇل مونوپولىيە ۋە باجخانا توسۇقلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى سەۋەبىدىن ۋە ئىشلەپ چىقىرىشى راۋاجلانغان ۋە خەلقارا تىجارەتتە رىقابەتچى ئىش بىلەرمەنلەر مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ماھارىتى ئاشقان چوڭ دۆلەتلەر خەزىنىلىرىدە ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن كۆپ مىقداردا توپلىنىپ قالغانلىقى ۋە ئالتۇن، كۈمۈش تۈزۈمى ئورنىغا مەجبۇرى قەغەز پۇل تۈزۈمىنى ئېلىش نەتىجىسىدە بۇ تۈزۈم مۇئامىلاردىن خالى بولمايدۇ.

ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىنى تۇتقان دۆلەتلەر بۇ توسۇقلارنى ۋە بۇ مۇئامىلارنى بىسىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن - خۇسۇسەن، ئالەمدىكى چوڭ دۆلەتلەر ۋە خەلقارا تىجارەتكە تەسىرى بولغان دۆلەتلەر ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدە يۈرمىسە - ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدە يۈرىدىغان دۆلەتلەر ئۆزىدىكى مال بىلەن كۆپايە قىلىش سىياسىتىدە يۈرۈشى، چەتتىن مال كىرگۈزۈشنى كەمەيتىشى، چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ماتالارنى

ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئالماشتۇرماي، ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ماتاغا ئالماشتۇرۇشى ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىدە مەۋجۇت ماتانى ئۆزى مۇھتاج بولغان ماتاغا سېتىشى ياكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ياكى ئۆزى مۇھتاج بولغان ماتا ۋە خىزمەتلەرنى چەتتىن كىرگۈزۈش ئۈچۈن مۇھتاج بولغان پۇلغا سېتىشى لازىم بولىدۇ.

بۇنىڭغا قوشۇمچە ئىككى مەدەن: ئالتۇن ۋە كۈمۈش — قائىدىسىدە يۈرىدىغان دۆلەت ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىرلىكى ئوتتۇرىسىنى ئۆزگەرمەس ئالماشتۇرۇش باھاسىنى چەكلەشتىن ساقلىنىش، ئالماشتۇرۇش باھاسىنىڭ باھالىرىنى ئۆزگىرىشىگە تەۋە بولىدىغان ھالدا يۈرگۈزۈشى لازىم. چۈنكى ئىككى بىرلىك ئارىسىدا ئۆزگەرمەس ئالماشتۇرۇش باھاسىنى بەلگىلەش، بازاردىكى قىممىتى — قانۇنى قىممەتتىن ئاشقان پۇل بىرلىكىنى ئايلىنىشتىن يوشۇرۇنىشى ۋە ئەرزان پۇلنىڭ ئۆزى قىلىپ قىممەت پۇلنىڭ ئايلىنىشتىن سىقىپ چىقىرىشى مۇمكىن.

## ئالەمدە مەۋجۇد ئالتۇننىڭ كۆپايە قىلىشى

ئالتۇن نىزامى — قەدىرسىزلىنىشكە (پاخاللىقىقا) ئېلىپ بارىدىغان زەخىرىسىز قەغەز پۇللاردىن زور مىقدارىنى چىقىرىشتىن ھۆكۈمەتلەرنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن ئەڭ يارامالىق نىزام. ئالتۇن نىزامى — خەلقارا تىجارەتنى راۋاجلاندۇرىدىغان خەلقارا مۇئامىلە ئۈچۈن ئۆزگەرمەس بىرلىك تەقدىم قىلىدۇ.

لېكىن، ئالەمدىكى مەۋجۇت ئالتۇن ئالەمدە بولغاندەك، ئالەمنى ئالتۇن قائىدىسىدە يۈرىشكە قايتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟ تىجارەتكە دائىر ئەمەللەر ئۈچۈن لازىم بولغان پۇلنى



تەقدىم قىلىش ئۈچۈن كۆپايە قىلامدۇ؟ خەلقئىلىك دۆلىتىدە ئالتۇن ئالتۇن قائىدىسىگە قايتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىمكان بېرىدىغان ئالتۇن بارمۇ؟

بۇ سوئاللارغا «ھەئە!» دەپ جاۋاب بېرىمىز. ئالەمدىكى مەۋجۇت ئالتۇن — ئالەمنى ئالتۇن قائىدىسىدە يۈرۈشى ئۈچۈن قايتۇرۇشقا يېتەرلىك. مەۋجۇت ئالتۇندا تىجارەتكە دائىر ئەمەللەرنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىش ۋە ئالەمدىكى ئىقتىسادى ھاجەتلەرگە يېتەرلىك بولغان پۇلنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن كۆپايە قىلغۇچى مايىللىشىشچانلىق بار، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئىنسانىيەت تارىخى مابەينىدە مەدەنلەردىن بىرەرسىگە، ئالتۇنغا ئەھمىيەت بېرىلگەنچىلىك، ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. ئىنسان چىقىرىۋالغان ئالتۇننىڭ ھەممىسى مىڭ يىل ئالدىن چىقىرىپ ئېلىنغانلىقىغا قارىماستىن، بۈگۈنگىچە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. چىقىرىپ ئالىدىغان يوقۇلۇپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە ئىستېمال قىلىنغان ئەمەس. بەرى-بىر ئۇنى پۇل ۋە زىننەت بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ياكى سانائەت كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى قايتىدىن ئېرىتىش سۈرىتىدە ئايلىنىپ كەلدى.

2. ئالتۇن ئۆتمىش ئەسىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە، 19. ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، تىجارەتكە دائىر ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ۋە مالىيە ياكى ئىقتىسادىي مۇئامىلار ھاسىل قىلماستىن، ئىقتىسادى ھاجەتلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى يۇكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن 19 ئەسىر مابەينىدا ئالەم ماتا ۋە خىزمەتلەرنىڭ ئېشىشىغا قارىماستىن، تەكلىپ قىلىنغان ئالتۇن پۇل مىقدارىغا مۇھتاج بولماستىن خەلقلەردىكى ئېشىش ۋە باھالاردىكى چۈشۈشنىڭ ۋە يۇكسەك

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي راۋاجلىنىش ۋە ئۆسۈشىنىڭ شاھىدى بولدى.

3. ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە نائىپ بولمىغان قەغەز پۇللارنى كۆپ مىقداردا بېسىپ چىقىرىش ـ ئالەم بېشىدىن كېچۈرۈۋاتقان ئىقتىسادىي، مالىيە چوڭ مۇئامىلارغا، پۇل قەدىرسىزلىنىشىنى ئاشۇرغۇچىغا، قەغەز پۇلنى سېتىۋېلىش قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە ئېلىپ بارغان ۋاقىتتىمۇ، سېتىپ ئېلىنغۇچى ئالتۇن بىرلىكىنىڭ كۈچى زور بولغان ۋە ساباتنى، بەرقارارلىقنى مەۋجۇت قىلىپ، پاراۋانلىق ۋە راۋاجلىنىشقا سەۋەپ بولغان. ئادەملەرگە مۇھىم نەرسە، ھەقىقەتتە، پۇللارنىڭ كۆپلىكى ئەمەس، بەلكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش قىممىتىدۇر.

4. ئىقتىسادىي تىزىمدا باھالارنى ئېنىق بەلگىلەش ياكى مانوپولىيە قىلىشقا ئوخشاش توسۇقلار (چەكلەشلەر) بولمايدۇ. ئىقتىسادىي تىزىمدا مەۋجۇت پۇل مىقدارى مۇھىم ئەمەس. چۈنكى ئايلىنىدىغان ھەر قانداق پۇل مىقدارى بازاردا مەۋجۇت خىزمەتلەر ۋە ماتالارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن يارامىلىق بولىدۇ. مەۋجۇت خىزمەتلەر ۋە ماتالار، ئايلانغۇچى پۇل مىقدارىنىڭ ئۆزگەرمەي تۇرۇشى بىلەن ئاشقان ۋاقىتتا، بۇ پۇل بىرلىكىنى ماتا ۋە خىزمەتلەردىن كۆپراق مىقدارىنى سېتىپ ئېلىشقا قادىر قىلالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىمۇ توغرا، يەنى پۇل مىقدارى ئۆزگەرمەي تۇرۇشى بىلەن خىزمەت ۋە پۇل مىقدارى كەمەيگەن ۋاقىتتا ماتا ۋە خىزمەتلەرنى سېتىۋېلىشقا پۇلنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىدۇ. قانداق ھالەت بولسۇن، ئايلانغۇچى پۇل مىقدارى قانچىلىك بولسۇن، ئايلانغۇچى پۇللار ـ پۇلنىڭ ئايلىنىشىغا كۇپايە قىلىدۇ.

5. ئالتۇندا كۆرۈنگەن كەملىك ئالەمشۇمۇل ئىنپىلىيەسىيە



ـ قەدىرسىزلىنىش (پاخاللىشىش) نەتىجىسىدۇر. ئەگەر ئالەم ئالتۇن تىزىمىغا قايتسا، پۇل باھاسى ئەسلا ئۆزگەرمەيدۇ. ئۆتمۈشتە ئالتۇندىن ھازىرقى تىجارەتكە دائىر ئېلىم-سېتىم يولىدا پايدىلىنىلمىغىنى ئۈچۈن ئالتۇنغا بولغان شىددەتلىك قىزىقىشنى كەمەيتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىجارەتكە دائىر ئەمەلىيەت ۋە ئىقتىسادىي ھاجەتلەرگە يۈزلەندۈرىدۇ. چۈنكى ئالتۇن بىلەن تىجارەت ۋە مۇزارىبە قىلىش ئەمەلىيەتلىرى، پۇل باھاسىدا مۇستەھكەم يارامىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، توختاپ قالىدۇ. چۈنكى پۇل باھاسى ۋە پۇلنىڭ بەزىسىنى-بەزىسىگە ئالتۇن بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئالەمدىكى پۇللارنى بىرلا پۇل قىلىپ قويىدۇ. بۇ پۇل بىلەن ئېلىم-سېتىم قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقىلىشىغا ۋە ئالتۇن بىلەن تىجارەت قىلىش ـ پايدىنىڭ ئازىيىشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ سەۋەپلەرنىڭ ھەممىسى، ئالەمنىڭ ئالتۇن قائىدىسىگە قايتىش ئىمكانىيىتى بار ئىكەنلىكىنى ۋە ئالەمدە مەۋجۇت بولغان ئالتۇننىڭ پۇل ھاجەتلىرىگە كۇپايە قىلىشىنى، تىجارەتكە دائىر ئەمەلىيەتلەرنى ئورۇندىشى ۋە ئىقتىسادىي ھاجەتلەر ئۈچۈن لازىم بولغان مالنى تەمىنلەپ بېرىش ئىمكانىيىتى بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خەلىپىلىك دۆلىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسە باشقا دۆلەتلەرگىمۇ مۇناسىپ كېلىدۇ، ئاۋۋالدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن سەۋەپلەر ھەمدە خەلىپىلىك دۆلىتىگىمۇ ئالتۇن قائىدىسىگە قايتىشى ۋە ئىسلامىي ئۆلكىلەردىكى بانكىلاردا ۋە خەزىنىلەردە ساقلىنىۋاتقان مەۋجۇت ئالتۇن، خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ ئالتۇن قائىدىسىگە قايتىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشكە تولۇق

كۆپايە قىلىدۇ ۋە يەنە ئىسلامىي شەھەرلەردە مەۋجۇت بولغان كۈمۈش مىقدارى ـ خەلىفىلىك دۆلىتىنىڭ كۈمۈش ۋە ئالتۇن قائىدىسىگە قايتىشىنى يېڭگىللەشتۈرىدىغان مىقداردا مەۋجۇت. (كۈمۈش بىرلىك ـ خەلىفىلىك دۆلىتىنىڭ پۇلىدا ئالتۇن بىرلىكى بىلەن بىرگە، ئاساسى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. چۈنكى خەلىفىلىك دۆلىتى پۇل جەھەتتىن ئىككى مەدەن نىزامىدا، يەنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىدە بەرپا بولىدۇ).

ئىسلامىي ئۆلكىلەردە ئۇممەت ۋە خەلىفىلىك دۆلىتى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان خام ئەشيا ماددىلىرى يېتەرلىكدۇر. بۇ خەلىفىلىك دۆلىتى ئۆزىدە باشقىلارنىڭ تاۋارلىرىغا زۆرۈرى جەھەتتىن مۇھتاج قىلىپ قويمايدۇ (بۇ يەردە ئاساسى زۆرۈرىيەتلەر نەزەردە تۇتۇلىۋاتىدۇ). شۇنىڭ بىلەن خەلىفىلىك دۆلىتى مەھەللى ئۆز ماتاسى بىلەن كۆپايىلىنىدۇ ۋە تاشقى ماتالارنى ئېلىپ كىرگۈزۈشكە كۆپ ھاجىتىنى سەزمەيدۇ. بۇ بولسا، ئالتۇننىڭ تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشىنى كەمەيتىدۇ ۋە ئۇنى مەملىكەت ئىچىدە قېلىشىنى تەمىنلەيدۇ.

شۇنىڭدەك ئىسلامىي ئۆلكىلەر ئالەمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇھتاج بولىدىغان نېفىتقا ئوخشاش مۇھىم ماتاغا ئىگە بولغانلىقىدىن خەلىفىلىك دۆلىتى نېفىتنى ئالتۇنغا ياكى مۇھتاج بولغان ماتا ۋە خىزمەتلەرنى چەتتىن كەلتۈرۈش ئۈچۈن سېتىشقا قادىر بولىدۇ. خەلىفىلىك دۆلىتى ھەرقانداق دۆلەتكە نېفىتنىڭ پۇلىنى ئالتۇن قىلىپ بەرگەن ۋاقىتتا ساتىدۇ. بۇ ماتالارغا ئوخشاش ماتالارنى ئالتۇنغا سېتىش، ئالتۇننى مەملىكەتكە كۆپلەپ كەلتۈرىدۇ. بۇ خەلىفىلىك دۆلىتىدىكى ئېھتىياج ئالتۇننى كۆپەيتىدۇ.



مەھسۇلاتلار بىلەن باشقا دۆلەتتىن بىھاجەت بولىشى باي ئىنسانلار مۇھتاج بولغان پۇلنى بولسا ئىنسانلار ئالتۇن بىلەن تۆلەيدىغان ماتالارغا ئىگە بولىشى، ئالتۇن مەملىكەت تاشقىرىسىغا پايدىسىز چىقىپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ ۋە مەملىكەتكە ئالتۇن ئېقىپ كىرىشىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلىفىلىك دۆلىتى تەسىر كۆرسەتكۈچى بولۇشقا، دۇنياۋى پۇل بازارلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ۋە ئۆز پۇلى بىلەن ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى توسۇپ قويۇشقا قادىر بولىدۇ. خەلىفىلىك دۆلىتىنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىگە قايتىش ئىمكانى بار ئىكەنلىكى ھەمدە ئىسلامىي يۇرتلاردا مەۋجۇت ئالتۇن دۆلەتكە لازىم بولغان پۇلنى تەمىنلىشى ئۈچۈن كۆپايە قىلغاندەك، ئالتۇن ۋە كۈمۈش نىزامى ئۈچۈنمۇ يېتەرلىكلىكى تامامەن روشەن بولدى.

## ئالتۇن قائىدىسىگە قايتىش قانداق تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟

ئالتۇن قائىدىسىگە قايتىش ئۈچۈن ئالتۇن قائىدىسىدىن خالى بولۇشقا يۈزلەندۈرگەن سەۋەبلەرنى ئېلىپ تاشلاش ۋە ئالتۇن نەرقىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە ئېلىپ كەلگەن تەسىر چارىلىرىنى يوق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىچە ئەمەل قىلىنىدۇ:

1. قەغەز پۇل بېسىشنى توختىتىش.
2. ئالتۇن پۇللارنى مۇئامىلىگە قايتۇرۇش.
3. ئالتۇن ئالدىدىن باجخانا توسۇقلىرىنى، ئالتۇننى چەتتىن كەلتۈرۈشكە ۋە چەتتىن كەلتۈرۈشكە بولغان توسۇق (چەكلەش) لەرنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىش.
4. ئالتۇنغا ئىگە بولۇش، سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توختاملاردا ئالتۇن بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولغان چەكلەشلەرنى ئېلىپ تاشلاش.

5. ئالەمدىكى يېتەكچى پۇللارغا ئىگە بولۇشقا قارىتىلغان توسۇقلارنى ئېلىپ تاشلاش ۋە ئۆز پۇللىرىنى كۆتۈرۈش ۋە چۈشۈرۈشكە دۆلەتنىڭ ئارىلاشماسلادىن، ئالەمدىكى يېتەكچى پۇللارنىڭ بەزىسىنى-بەزىسىگە ۋە ئالتۇنغا نىسبەتەن ئۆزگەرمەس باھانى ئېلىشى ئۈچۈن پۇللار ئارىسىدا رىقابەتكە ئەركىنلىك بېرىش.

ئالتۇن ئۆز ھالىغا قويۇلسا، قىسقا دەۋرىدە ئالتۇن ئۈچۈن ئوچۇق بازار بولىدۇ، دېمەك، دۆلەتلەر پۇللىرىنى ھەممىسى ئالتۇنغا نىسبەتەن ئۆزگەرمەس ئالماشتۇرۇش باھاسىنى ئالىدۇ ۋە دۆلەتلەر ئارا ئالتۇن بىلەن مۇئامىلە قىلىش مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى قىممىتى بەلگىلەنگەن ماتا ئۈچۈن بولغان توختاملار قىممىتىنى تۆلەش ئالتۇن بىلەن جارى بولىدۇ.

بىرلا كۈچلۈك دۆلەت بۇ يولدا قەدەم باسسا، ئۇنىڭ غەلىبىسى باشقا دۆلەتلەرنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە شىجائەتلەندۈرىدۇ. بۇ بولسا ئىككىنچى مەرتىۋە ئالتۇن نىزامىنىڭ دۇنياغا قايتىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى بېجىرىشكە خەلىفىلىك دۆلىتىدىن لايىقراق دۆلەت يوق. چۈنكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قائىدىسىگە قايتىش شەرئى ھۆكۈمدۇر. خەلىفىلىك دۆلىتى بولسا، ئالەمنى ھىدايەتكە باشلاش (ھەق يولغا باشلاش) ۋە باشقۇرۇشقا مىسالدۇر.

---

كىتاب الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن ھىجرىيەنىڭ 1402-يىلى 19- رەجەب، مىلادىيەنىڭ 1992-يىلى 18- مايدا تاخىرلاشتى.